www.wetinim.org

ۋاڭ لىشيوڭ

# «مېنىڭ غەربىي دىيارىم –

# سېنىڭ شەرقىي تۈركىستانىڭ»

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. بوران

ئېلكىتاب ھازىرلىغۇچى:

ۋەتىنىم تورىدىن تارىم

2010.08.01

## تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى:

ۋاڭ لىشيوڭ ئاساسەن خىتاي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ خىتايدىكى مۇستەملىكە مىللەتلەر تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، ئەمما خىتايلار ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىدىل دېموكراتچىلارنىڭ بىرى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ياكى ماڭا شۇنداق بىلىنمەكتە. ئۇنىڭ ئۆز دېيىشىدىن قارىغاندا، ھازىرقى مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتى دۆلەت باشقۇرۇشنى، بولۇپمۇ مۇستەملىكە قىلىۋالغان يات مىللەتلەرنى باشقۇرۇش جەريانىدىكى تۇتقان خاتا يولى سەۋەبىدىن خىتاي قولىدىكى كەلگۈسى ھاياتلىق ماكانى دەپ تونۇغان مۇستەملىكە تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكلا ئەنسىرەيدىغان بىر مىللەتچى خىتاي بايىۋەتچىسى، خىتاي كومۇنىستلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا پايدىلىق بىر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاپ كەلسەڭ دەپ ۋاڭ لىشيوڭغا بەدەلسىز خالىس ئىقتىسادى ئارقا تىرەك بولۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرمۇنچە ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى "مۇختەر" تەخەللۇسىدا بىر ئۇيغۇرنىمۇ ۋاستە قىلغان ھالدا بۇ دوكلات ئۈچۈن 10-8 يىلدەك مەخسۇس تەكشۈرۈش يولىغا ئاتلانغان ‹2006-1999›.

دەرۋەقە، باشقا خىتايلارنىڭ قەلىمىدىن چىققان ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىن خېلىلا كۆپ پەرق قىلىدىغان بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تەييارلاپ تەيۋەندە نەشرى قىلدۇرغان. ئۇيغۇر تەغدىرىگە كۆڭۈل بولىدىغان كىشىلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم تور بېتىدە مۇھىم يەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىشنى لايىق كۆردۈم. بۇ ھەقتە باشقىلارنىڭمۇ بۇ ئىشنى قولىغا ئېلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋۋال بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى كىتاۋىنىڭ "مۇختەر" بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىنى تەرجىمە قىلىشتىن ئىشنى باشلىماقچىمەن.

**– ئا. بوران**

**2009.12.20 _ 2009.10.23**

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز
مۇختەر بىلەن ئۇچرىشىشىم – 1999-يىلى شىنجاڭدا قولغا ئېلىنىش جەريانىم
شىنجاڭ مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش پىلانىم
ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىش ئۇرۇنۇشلىرىم
گۇمانلىق بىر زىياپەت سورۇنىدا
پېشقادەم بىڭتۈەن ئەسكىرى
بىڭتۈەن – ئاساسى قانۇنغا خىلاپ
يازغۇچى نامى بىلەن مەخپىي ھۆججەت ئوغرىلىشىم
مەخپىي ساقچىلار پېيىمدە
بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويمىغاندىمەن؟
قۇمۇلدا قولغا ئېلىنىشىم
“جاسۇسلۇققا قارشى ئەترەت” تورى
كەسپىي جاللاتلار قۇشخانىسىدا
قورقۇۋاتىمەن
بىر دوستۇمغا ساتقۇنلۇق قىلىشىم
ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋېلىشىمنىڭ قىممىتى
بالىنىستا
كۆرەشنىڭ تەلىپى – مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇر
بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ سولاقخانىسىدا
تۈرمىدە
مۇختەرنىڭ گۇناھى
شىنجاڭنىڭ “پەلەستىنلىشىش” تەقدىرى
خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ خەتەرلىك سىھىرۋازلىقى
«7-نومۇرلۇق ھۆججەت» پەيدا قىلغان مىللىي دۈشمەنلىشىش ۋەزىيىتى
تاقىتىمىز تۈگىدى
مۇختەر بىلەن “سۆھبەتكە ئولتۇرۇش”
شىنجاڭ قان دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟
تۈرمىدىكى “مەخپىيەتلىك ئوغرىسى”
كۆرەش بىلەن سودىلىشىشىم
ئالدىراپ-سالدىراپ قويىۋېتىلىشىم
جاڭزېمىنغا خەت

ئاسماندا چاقنىغان يۇلتۇزلار
"دوزاخ ئازابىغا كۆنمەن"
مۇختەرنى مەخپىي زىيارەت قىلىشىم – 4-قېتىملىق شىنجاڭ زىيارىتىم

**1. 2003**-يىلى ياز

شىنجاڭغا بېرىپ بىۋاسىتە كۆزىتىش
بۆلۈك-پۇچقىقىغىچە مىللىي مەسىلە قاينىغان شەھەر
"خەلقئارا چوڭ بازار" دا
ئايرىۋېتىلگەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى
سېكرېتار ۋاڭ كۈيوغلىنىڭ "بۇلاق سۈيى"
ئۇيغۇرلار نېمىشقا خىتايلار بىلەن قوشنا بولغۇسى يوق؟
بىڭتۈەن شەھىرى – شىخەنزە
كۆكەرمە ساقچى
ياۋروپا پاسونىدىكى پولك بىناسى
روتىلاردىكى غوجىدارلار
بۈگۈنكى يىللىقچىلار
ۋەيرانە فۇ ماۋگې
148-پولكنىڭ بەشيۈز مىليون يۈەن ئۇندۇرۇۋېلىش ھىيلىسى
چۆلدىكى "باغچە شەھەر"
"بىڭتۈەن تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن"
22-كورپۇس خاتىرە سارىيى
خوتۇننى پاھىشىلىككە سېلىش
كۆنچى دەريا بويىدىكى يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلچىلىرى
ۋاڭ سېكرېتار كۈيوغلىغا مەنسۇپ تاكسى
مۇختەر بىلەن ئۇچرىشىش
ماركس-لېنىنلارنىڭ بۇرنى تاقاشمايدىكەنۇ ...
ئۇيغۇرلاردىكى سىياسىي يۇمۇر
شىنجاڭدا يۇمغۇر
ئۇيغۇرچە مەكتەپ تېمىدىكى پىلاكاتلار
ئىككى ئەۋلاد ساۋاتسىز قالدۇرۇش
قەبرىستانلىقتىكى قاملاشمىغان بىزەكلەر
سابىق ساقچىنىڭ ماڭا ئاشكارىلىغان مەخپىيىتى
پويىزدا خىتايدىن بوزەك بولغان بىر ئۇيغۇر ئوفىسېر
چوڭ ئىشلاردا باستۇرۇش، ئۇششاق ئىشلاردا بوش قويۇۋېتىش
قەشقەر كونا ئۆيلىرىنى بۇزۇپ چېقىش
گۈلنار بىلەن يېزىغا ساياھەت

جىمجىت دەرد تۆكۈش
خىتاي يۇرتلىرىغا ئوخشاش ...
قەشقەرنىڭ كەپتەرۋازى

2. 2003-يىلى كۈز

قۇمۇل خاتىرىلىرىم
تۇرپان تاغ ئېتىكىدىكى نېفىتلىك
"ئىككىنچى مەككە" – تۇيۇغۇجام
تۇرپان كەچلىك بازىرىدا مەمەتنى يولۇقتۇردۇم
دۇنيانىڭ ئىككىنچى چوڭقۇر يېرى – ئايدىڭكۆل
"ھەشەمەتلىك لەغمەنخانا"
مۇختەر بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىش
يامغۇردا تەكلىماكانىنى كېسىپ ئۆتۈش
نىيىدىكى ماۋ زېدوڭ ئۆزۈندى مۇنارى
كېرىيە ھېيتكار مەسچىتىنىڭ بوينى قىسىق
قۇربان تۇلۇم رىۋايىتى
ئۆزگىچە خوتەن دېھقان بازىرى
قارىقاش يېزىسىدا ياغىرىغان كاناي
مۇختەرنىڭ ھاراق ئىچىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى
گۇما-قارىقاش دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خېنەنلىك قىزچاق
قاغىلىق كوچىسىدىكى مەرىكە
ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا ئاۋازى ئاستىدا دۇئا
يېڭىسا پىچىقى ۋە ئەيسابەگ
ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ھەسەن مەخسۇمنى ئېلىپ قېچىش
مۇختەرنىڭ ترادىگىيىسى
يېڭىشەرلىك ئىككى ئۇيغۇر شائىر
ۋىيسانىڭ قولىنى ھەرە چېقىۋالدى
ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۇسۇلى
ھەربىي رايون دەرۋازىسىدىكى سوراق
قەبرىستانلىقنىڭ سۈرى
بىر يەر تەۋرەش بىر قېتىم قىزىللىشىش
خىتايلار بولمىغاندا ئېشەككە ئېتىقاد قىلىسمۇ مەيلىتى
مۇختارنىڭ قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى بۇتلارغا ھۆرمىتى
يېڭى پىشقان تارىم تونۇر كاۋىپى
گويا ۋاقىت قېتىپ قالغان
ئەڭ ئۇزۇن خىش تاشيولى ۋە ئەڭ چوڭ تۇزلۇك

ئېشەك مىنگەن بىخْتۆەنلىك

## 3. 2006-يىلى ئەتىياز

كارغا كەلمىگەن ھۆكۈمەت رەئىسى
جەنۇبقا توپا ياغدى
قىرغىز ئايال بالىسىنى نېمىشقا خىتايچە ئوقۇتمىدى
ۋىنجۇلىقلار ئاقسۇدا
سەۋىيە ئۆستۈرۈپ باراۋەرلىككە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟
مەجبۇرى بۇرۇت چۈشەرتكۈزۈش
پاختا ئۆزبەكىستاندىكىدىنمۇ قىممەت
خىتايلارنىڭ يالغان ئىلمى ماقالىسى
مەن تەكشۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ جاۋابى
توپ سېتىش باھاسىدىكى پاھىشىلەر
لۈكچەكلىكنىڭ پايدىسى
ئۇيغۇر مۇئاللىملىرىنىڭ ئالدىدىكى خىتايچە ئۆتكەل
“ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى مازاق قىلغان خىتاي مۇئەللىمە ۋەقەسى” ھەققىدە
توڭگۇز ئېمىپ چوڭ بولغان قوي
تىنچ دەۋردىكى ئۇرۇش مەنزىرىسى
تىنماي چىقىرايدىغان ساقچى ماشىنىسى
قىماردا قەرزگە بوغۇلغان ئىنىسى
مۇختەر كوكاكولا ئىچمەيدۇ

## 4. 2006-يىلى ياز

شىنجاڭلىق تارتتۇرۇپ قويغان چوڭ نېفىتلىك
ئالتۇنتاغدىن 5-ئۆتۈشۈم
خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى راست گەپلەر
قېدىمقى شەھەردىكى ھامىلىدارلىق شىپا سۈيى
يۈز ياشلىق قۇۋاننىڭ ھېكايىسى
پۈتۈن كېچە ماشىنىلار گۈركىرەپ چىقتى
خىتايلار ئەمدى توڭگۇز بېقىشتىن قورقمايدۇ
رەسىمدىن قالغان تەسرات
قىممەتكە توختىغان قۇمتوساقلىرى
ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان ئېلان تاختىسى
مۇختەر بىخەتەرلىك جاسۇسلىرىنى بايقىۋالدى
مېنىڭ غايەم تېرىغانلىرىمنى ساتالىساملا بولدى

قانۇنسىز دىنى پائالىيەتلەرنىڭ 23 خىل ئىپادىلىرى
ئېشەك تاقىلاش سەنئىتى تىياتىردىنمۇ قىزىقارلىق
مۇختەر ئۆيلىنەمسەن؟
تاغ چوققىسىدا كاشىلا
ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى قويچى ئايال
ئۈرۈمچى "شەھەر باغچىسى" خەلقنىڭ يانچۇقىغا كۆز تىكتى
قورقمايدىغان ئۇيغۇر يانچۇقچى
دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادى ياردەم تېڭىشى
خىتايلار ئارىمىز بەك ياخشى دەيدۇ
تىرىكى ئەمەس ئۆلۈكى كېرەك
پويىز بولمىسىمۇ تەرەققىي قىلالايدۇ
تەرەتخانىنىڭ كىرىمىنى تالىشىش
گەنسۇلۇق قېرىنىڭ شىنجاڭلىققا ئايلىنىش جەريانى
شىخۇ كوچىسىدىكى خىتاي كۆچىتى
ئۇيغۇر ئۇقۇمۇشلۇقلىرىنىڭ كۆزىتىشى
ما جوڭيىدىن پەخىرلىنىدىغان تۇڭگان
قۇتۇبىدا ھىيلە
ئۇيغۇرلار رىشاتكىدىن كىرەلمەيدۇ

مۇختەرنىڭ جاۋابى – سۆھبەت خاتىرىسى

مىللىي ئۆچمەنلىك ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئېغىر
ۋەزىيەتتىن نارازى ئۈچ خىل كىشىلەر
سانى ئەڭ بولغىنى بىلەن "بىرلىكسەپ" قۇرغىلى بولماسمۇ؟
ئۇيغۇرلار خىتايلار ئارىسىدا ھەرگىز تەرەققىي قىلالمايدۇ
ئوقۇتقۇچىلار ئىسيان كۆتۈرۈشىنى يېتەكلەش
مىللىي مائارىپ يوقىلىش ئالدىدا
سوۋېتنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خىتايلار ساۋاق ئالمىدى
قايسى خىل ئۇيغۇر خىتاي پۇخرالىقىنى خالايدۇ؟
سەيپىدىن ئەزىزنىڭ جوزىسىدىكى لېنىن ھەيكىلى
ئاللىغىنىمىز ئېلىپ كېتەيلى
ھىيلە بىلەن قەبىھلىككە تايىنىپ غەلىبە قازىنالمايدۇ
بوران-چاپقۇن ئالدىدىكى جىمجىتلىق
مىللىي ئۆچمەنلىك ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك
ئۇيغۇرلار قەلبىدە ساقلانغان تارىخ
شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇش تارىخى ئاساسلىرى
ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە قىلىنغان قەستلەش

نېمىشقا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاتىرلەنمەيدۇ؟
شىنجاڭنىڭ “تىنچ ئازاد قىلىنىشى”
ئۈچ ۋىلايەت گېنېراللىرىنىڭ تازىلىنىشى
باللارنى قورقۇتۇش ئۇسۇلى – يىغلىما ۋاڭ جىن كېلىۋاتىدۇ
قېدىمقى ئەسەرلەر بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەر پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلدى
ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايمەن دەپ يارىلانغان ئۇيغۇر
قۇربانتۇلۇم قوغۇنىنىڭ سېسىيدىغىنىنى بىلمەمتى؟
ئۇيغۇر قىرىلىرى ئېيتقان چاڭچىلە
مەسچىتلەر توڭگۇز قوتىنى قىلىنغان
ئۇيغۇرلاردا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى خىتايلاردىن بۇرۇن
بارىنىلىقلار مەملىكەتلىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاتماقچى بولغان
گەپ توشۇيدىغان مۇناپىقلارنى جايلىۋېتىش
پەلتۇلىرىنى كوچىدا سىلىۋېتىپ يالىڭاچ نامايىش قىلغان

مىللىي زىددىيەتلەر

شىنجاڭدىكى خىتايلار مۇستەقىل بولۇشۇڭلارنى قوللامدۇ؟
خىتاي مايمۇنلىرى ئۇيغۇر مايمۇنلىرىغا ياڭاق چېقىشنى ئۆگەتكەن
خىتاي مەمورلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان بىلىمى يوقلار
ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ بىرلىكتە تۇرالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى
ئۇيغۇرلار نېمىشقا خىتايلارنى خالىمايدۇ؟
“تېرە شەپكە” بىلەن “چىغ قالپاق” نىڭ پەرقى
شىنجاڭدىكى خىتايلار “چىدىماس”
“سادام” ئېتىنى قويغان بوۋاقلار
ھۆكۈمەت ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەمدۇ؟
قۇشلارنىڭ شەرقى جەنۇپقا ئۇچۇشىنىڭ مەسئۇلىيىتى كىمدە؟
ئۇيغۇردىنلا ھۇرۇن چىقامدۇ؟
4-5ياشلىق ئۇيغۇر بالىسىمۇ خىتايلارنى بوزەك قىلالامدۇ؟
ئۇيغۇر ئوغرىلىرىنىڭ قانۇنى ئورنى خىتاي ئوغرىلىرىدىن يۇقىرىمۇ؟
خىتاي يۇرتلىرى راستىنلا گۈل-گۈلىستانلىق بولۇپ كەتتىمۇ؟
ئۇيغۇرلارنىڭ خىتادىن باشقا مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى
شىنجاڭدىكى خىتايلارنى ئىككى تۈرگە ئايرىش
قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن ئۆلارنىڭ تەشكىلاتلىرى
خەلىپە چوقۇم مۇسۇلمان بۆلىشى كېرەك
مەخپىي دىنى تەشكىلاتلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى
ئۇيغۇر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى قانداق؟
چەتئەلدە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ سانى قانچىلىك؟

ئۇيغۇرلار بۈگۈن نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟
تۇرمىدىكى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى
بازا تەشكىلاتىدىكى ئۇيغۇرلار

تېرروروچىلىق ۋە زوراۋانلىق كۈرەش

ھەممە يەرگە يېيىلغان ئۆزىنى بومبا قىلىش ھادىسىسى
جەننەتتىكى پەرى دېگەنلىك ئەيشى ئىشرەت دېگەنلىك ئەمەس
ئۇيغۇرلار تېرروروچىلۇقنى قوللىمايدۇ، قارشىمۇ تۇرمايدۇ
تېرروروچىلۇق بىلەن زوراۋانلىق كۈرەشنى قانداق ئايرىش مۇمكىن
تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەش يولى
زوراۋانلىق ئارقىلىق ئۆزگە جامائەت توپلاش
شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ پايدىلىنىدىغان خەلقئارا شارائىتى
خاتالىق ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىدا
ئىسلام ئىسلاھاتقا موھتاج
ئىسلام ئەللىرىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا پەيدىلىق
ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى خىتايدىن ئايرىپ تۇرىدىغان دۆلەتنىڭ بولۇشى
ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ خىتاينى پارچىلىشى
بىزدىن بىر-ئىككى مىليون ئادەم قۇربان بولۇشى مۇمكىن
قۇددۇسنى دۇنيا پايتەختى قىلىش
ئۇيغۇرلار كاپىتالىزمنى خالايدۇ
تۈركى ئەللەر بىر دۆلەت ھالىغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس
سوۋېت پارچىلانماي ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولالمايتتى
ئۇيغۇرلار قايسى ئاساستا دۆلەت قۇرالايدۇ؟
خىتايلارنىڭمۇ ساقلىنىپ قېلىشىنى قوبۇل قىلىش
شەرقىي تۈركىستان سىياسىي تۈزۈمى
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىدىكى دۆلەت شەكلى
دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا پايدىسى بولارمۇ؟
زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا يەرلىك خەلق
بىرەر "ئوتتۇر يول" يوقمۇ
كەلگۈسى
ئەسكەر قايتىپ كەتمەي زوراۋانلىق تۈگىمەيدۇ
بۈگۈنكى بوسنىيەدىكى ئىرقى قىرغىنچىلىق
ئۇيغۇرلار ئاز تۇرۇپ كۈچلۈكلەرنى يېڭەلەرمۇ؟
مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ كىرىشىگە يول قويۇش
يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگەنلىك خوڭكوڭدىكىسىگە ئوخشامدۇ؟

كۆچمەنلەرنى توساشتا پاسپورت تەلەپ قىلامسىلەر؟
ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتىدۇ
شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسىم توغرىسىدا
پارلاق ئەتە
خىتايلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئالدىنقى شەرتمۇ؟
شىنجاڭدىكى موڭغۇللارمۇ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىسچۇ؟
سىياسىي غايىنى بەك تۆۋەن بەلگىلىمەڭ
دالايغا قاراپ ئۇيغۇرلار تىنچلىق يولىدىن ئۈمىدىنى يوقاتماقتا
ئۇيغۇرلار بىر داھى چىقىرىشى كېرەك
خىتايچە باياناتچى دىلشاتنىڭ رولى
ئىككىلا تەرەپ بىر-بىرىنى يەرئاستى بايلىق دەپ قىزىپ تەكشۈرسۇن
تىبەتلىكلەر ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى
ئاۋۋال خىتاي دېموكراتچىلىرى بىر لايىھە سۇنسۇن

مۇختەرگە يېزىلغان خەتلەر

1-پارچە خېتىم: تېررورچىلىق ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك
ئۇسامىدىن بىن لادىن بىر بۆلۈكىدا ئولتۇرۇپ كۈلمەكتە
11-سېنتەبىر تېررورچىلىقى بىر ئۇرۇش دەپ ئېلان قىلىندى
ھايات – قورالنىڭ جەۋھىرى
11-سىنتەبىردىن ساقلىنىش مۇمكىنمىدى
11-سېنتەبىر ۋەقەسى چىقىرىشنىڭ ئىككى شەرتى
مىللىي ئۆچمەنلىك – مەنىۋى ئاتوم بومبا
تېررورچىلىق ئۈچۈن مىللىي ئاممىۋى ئاساس شەرت
خىتايدىكى 11-سېنتەبىر ئۈچۈن قانچە ۋاقىت قالغاندۇ؟
سەنشا سۇ ئامبىرىنىڭ پارتىلىتىلىشىنى كۆزئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ
كۆچمەنلەر راستىنلا يەرلىكلەرنى كۆمۈپ تاشلىيالارمۇ؟
قورال غەزەپنى يوقۇتالمايدۇ

2-پارچە خېتىم

خىتايلارنىڭ دۆلەت قارىشى
خىتايلار سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشىدىن ئۆلگە ئالالماسمۇ؟
شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ مۇداپىئە ئۇرۇشى
مىللىي مەسىلە ئەڭ مۇرەككەپ يەر
شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بۆلىشى خىتاينىڭ داۋاملىق پارچىلىنىشىنى كەلتۈرەلەرمۇ

ئۇيغۇرلا يۇرتىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ
ئورتا يول
چەكسىز كېڭەيتىلگەن مەيدان
دېموكراتىيىگە ئۆتۈش مىللىي توقۇنۇشنى قوزغايدۇ

3-پارچە خېتىم: دېموكراتىك تۈزۈم

ئۇ نېمە دېگەن گەپ؟
بۈگۈنكى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ كەم-كۈستىلىرىنى تولۇقلاش
مىللەتچىلىك – مىللەتنىڭ قابىلىيەتلىكلىرىنىڭ يېتەكلىشىدىن كېلىدۇ
مىللەتنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت كۈچىدىن ئايرىلىشى
شىنجاڭ خىتاي تەۋەسىدە ...
تەڭرى كۈچى دېموكراتىك دىكتاتورلۇقنى تىزگىنلەيدۇ
ئاددىي خەلقنىڭ سايلام قىلىشىغا مۇۋاپىق
كۆپ مىللەت ئورتاق ياشىيالايدىغان ...

مۇخبىرنىڭ جاۋابى
– سۆھبەت خاتىرىسى

## مىللىي ئۆچمەنلىك ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئېغىر

## ۋەزىيەتكە نارازى ئۈچ خىل كىشىلەر

ۋاڭ لىشيوڭ: سىزنىڭچە "شىنجاڭ مەسىلىسى" نىڭ تۈپكى نېگىزى نېمە؟

مۇختەر: مىللىي مەسىلە.

ۋاڭ لىشيوڭ: قانداق بىر مىللىي مەسىلە ئىكەنلىكى توغرىلىق ئېنىقراق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرسىزمۇ؟ يەنى مۇ مەسىلىنىڭ مەنبەسى نەدە، ئۇيغۇرلار تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ كېلىۋاتامدۇ؟

مۇختەر: ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشى بويىچە مىللىي مەسىلىگە مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن قارايدۇ: بىرىنچىسى، مىللەتچىلىك نوقتىسىدى قاراپ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، دىنى زاتلار نۇقتىسىدىن قارايدۇ: بۇ قاراشتىكىلەر يات دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى دىنسىز كىشىلەرنىڭ ھۆكمۇرانلىقىنى قوبۇل قىلالمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، سەن دېگەن تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىدۇق دەيدىغان ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئادەتتە مىللىي ئاڭ ۋە دىنى ئاڭ جەھەتتە ئانچە مۇستەھكەم قاراشقا ئىگە بولمىغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن رازى ئەمەس. شۇڭا بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئادەتتە ئالدىنقى ئىككى تۈردىكى كىشىلەرگە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ ئۈچ خىل قاراشتىكى كىشىلەرنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرۇپ چىقساڭ قانداق؟

مۇختەر: مىللەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زىيالىي. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخى تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن مىللىي مۇستەقىللىقنى قوللايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز مىللىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچى قاراشتىكى كىشىلەر بولسا دىنى ساھەدىكى كىشىلەر بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خىتاي بىر ئاتېيست دۆلەت، ھۆكۈمەت دىنىنى باستۇرۇپ كېلىۋاتماقتا، شۇنىڭدەك يەنە خىتاي تەۋەسى ئەسلىدىنلا بودىزىم بىلەن داۋىزىمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن بولغاچقا، ئۇلار ئىسلام بىلەن چىقىشالمايدىغان، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىر خەلق، شۇنداق بولغاچقا ئۇلاردىن ئايرىم ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىز بۆلىشى لازىم، شۇ چاغدىلا دىنىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرەلەيمىز دەپ قارىشىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلدىكىلەر بولسا ئادەتتە ئۆزىنىڭ تىنچ ياشىيالىشىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنىلا كۆزلەيدىغان كىشىلەر بولغاچقا، باشقا ئارتۇق تەلەپمۇ قويۇشۇپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئادەتتە مەسىلىلەرنى دىنى نۇقتىدا تۇرۇپ ئويلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتتىن نارازى

بۆلىشى ئاساسلىقى ئىشسىزلىك بىلەن سىياسىي مەۋقەسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىنلا نارازى بولغاچقا، بۇلارنى ئىرقى ئايرىمىچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارماقتا دەپ قارايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ ئۈچ تۈردىكى كىشىلەردىن باشقا ھازىرقى ۋەزىيەتتىن مەمنۇن بولىدىغان، خىتايلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان، خىتاي پۇقراسى بولۇپ ياشاشقا رازى بولىدىغان ئۇيغۇرلار يوقمۇ؟

مۇختەر: مەن تونۇيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ھازىرقى ۋەزىيەتتىن رازى بولىدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنى بار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، بەك بولۇپ كەتسە نوپۇسىمىزنىڭ 5ـ10 پىرسەنتىدىن ئاشماسلىقى مۇمكىن.

### ئەڭ يۇقىرى نىسبەتتىكى كىشىلەر بىلەن "بىرلىكسەپ" قۇرغىلى بولماسمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگىنىڭىزدىن قارىغاندا، بايا سەن دېگەندەك ۋەزىيەتتىن رازى بولمايدىغان ئۈچ خىل ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ئۇيغۇر ئىچىدە يۈزدە توقسەن-توقسەن بەش پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنداقتا، سېنىڭچە بۇ ئۈچ تۈر كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى قانچە نىسبەتنى ئىگىلىشى مۇمكىن؟

مۇختەر: مىللەتچىلىك ئېڭىدىكى كىشىلەر تەخمىنەن 30 پىرسەنت ئەتراپىدا، دىنى ئاڭدىكى كىشىلەر 50 پىرسەنتتىن ئارتۇقراق بۆلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. بۇ خىلدىكىلەرنى بۇنچە كۆپ مۆلچەرلىشىمدىكى سەۋەب، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزدە سەكسەندىن ئارتۇق قىسمى دېھقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئېڭىمۇ دىنى ئاڭنى ئاساس قىلىدۇ دەپ قارايمەن. شەھەرلىرىمىزدىكى ئادەتتىكى كىشىلىرىمىزمۇ ئاساسەن مۇشۇ خىلغا مەنسۇپ كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

### ۋاڭ لىشيوڭ: سەن دېگەن بۇ دىنى ئاڭدىكى كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى ئۆزگەرمەمدۇ؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ ئېڭى مىللەتچىلىك ئېڭىغا قاراپ ئۆزگىرىش قىلالىشى مۇمكىن. چۈنكى ئەگەر بىز ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل بىر دۆلەت ھالىتىگە كەلتۈرۈۋالالىغىنىمىزدا، تەبىئىي ھالدا دىنىمىزنىڭمۇ قوغدىلىنىدىغانلىقى ئېنىق. شۇنداق بولمامتى؟ سىلەرنىڭ ئاتىست بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلىتىڭلارمۇ ئۆز مىللىتىڭلارنىڭ بودىزىم، داۋزىم ئارىلاشما مەدەنىيىتىنى ئاسراپ تەتقىق قىلىپ تۇرۇۋاتامدۇ، ئۇنى خىتاي مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇ دېگەن سىلەرنىڭ خەلقىڭلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپە-ئادەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەسىلە. ئەگەر ئۇنى ئىنكار قىلىشسا ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىلا بولىدىكەن، ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىنى ئېتىقادى بىلەن دىنى ئېڭى قوغدىلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر. دىنى ئاڭدىكى كىشىلىرىمىز ئەنە شۇ سەۋەبتىن مىللەتچى بولۇپ ئۆزگىرەلىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بۇ خىلدىكى ئادەملىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن ھالدا تۇرماقتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن بۇ دېگەنلىرىڭنى مۇنداق دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ: بۇ تۇردىكى كىشىلەر ئاساسەن يېزىلاردا ياشايدىغان بولغاچقا، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش پۇرسىتى يوق، شۇنداق بولغاچقا بۇ تۇردىكى كىشىلەر مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدا تۇرىدىغان كىشىلەر ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار ئۇچراتقان خىتايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنى ئېتىقادى يوق كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارغا دىنى نۇقتىدا بىرەر تەھدىت بولالمايدۇ، شۇڭا بۇ يۇزدە ئەللىكتىن ئارتۇق دىنى ئاڭدىكى كىشىلەر دىنى نۇقتىدا تۇرۇپ ئۆز ئېتىقادىنى قوغدايمىز دەپ خىتايلارغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر ئەمەس ... ...

مۇختەر: سېنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭ پەقەت ئوخشىمىغان دىندىكىلەر بىلەنلا ئۇچراشقىنىدا ئاندىن زىددىيەت پەيدا بولىدۇ دېمەكچىمۇسەن؟ ئەمما سەن كۆرمەيۋاتامسەن، ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق كىشىلەر ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ! ئۇلاردا دىنى ئاڭ بولمىغىنى بىلەن، باشقىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى مەدەنىيەتسىزلىك ياكى قالاقلىق، بىلىم تەربىيىسى كۆرمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېساپلىشىپ، ھېچقانداق ئويلانمايلا قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ دىنى قاراشلىرىغا زەربە بېرىپ كەلمەكتە. شۇڭا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۇلاردىن تېخىمۇ ئاسان نەپرەتلىنىدۇ. ئەكسىچە، دىنى ئېتىقادى بار بىرسى ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادىغا ئوخشىمايدىغان بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا ئاز بولسىمۇ ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىدا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىرسى دىنى ئېتىقادنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنەلەيدىغان بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا مەن بايا دېگىنىمنى مۇنداق تۈزىتىۋالسام بولامدۇ: سەن ئېيتقان يۇزدە ئەللىكتىن ئارتۇق دېنى ئاڭدىكى كىشىلەر نۆۋەتتىكى مىللىي مەسىلىلەردە نارازىلىق قىلىشى ياكى ئۆزگەرتىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدا خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى بۇدىزم ۋە داۋىزم ئېتىقادىدىن نارازى بۆلىشى ئەمەس، بەلكى ئاتېزىمدىن نارازى بولغانلىق دەپ قارىسام بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇ كىشىلىرىڭ بودىزم بىلەن داۋىزمدىن زادىلا خەۋىرى يوق كىشىلەر. ...

مۇختەر: شۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىسلام دىنى بودىزم بىلەن داۋىزمنىڭ چەتكە قېقىشى ياكى زەربە بېرىشىگە دۇچ كېلىپ باقمىدى. شۇڭا بۇ تۇردىكى كىشىلىرىمىزدە داۋىزم ياكى بودىزمغا قارشى تۇرىدىغان ياكى ئۇلاردىن نارازى بولىدىغان بىر قارشى يوق. ئۇلار ئاساسلىقى ئاتېزمچىلارغىلا نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتېزىم تەشۋىقاتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە، شۇنىڭدەك خىتايلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاتېزمنى قوبۇل قىلغان ھالەتتە تۇرماقتا. ئەگەر ھېقىقى دىنى ئېتىقادى بولغىنىدا، ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنلىرى ئوخشىمىسىمۇ قالغان نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاقلىق مەۋجۇت دېگەن گەپ.

مۇختەر: ھەئە، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىنىڭ ھەر ئىككىسىلا – ئۇلار بۇ كىتابلارنى بەكلا كۆپ ئۆزگەرتىۋېتىپ، ئەسلى بويىچە ئىش قىلماي كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا – خۇدا تەرىپىدىن

چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان – ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان. ئىسلام دىنى ئەيسا خىرىستوس تەڭرىنىڭ ئوغلى ئەمەس، ئۇمۇ خۇددى مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدۇ. مۇسەۋىي دىنىمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتى بار بىر دىن. بودا دىنى بولسا ئىسلام دىنىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان بىر دىن. ئەمما شىنجاڭ، ئافغانىستان تەۋەسىدە شۇنچە كۆپ تارىخى بۇدىزم يەرلىرىنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھېچ بولمىغاندا بۇنىدىن بىرەر يۈز ئەللىك يىللار بۇرۇنغىچە ئۇ نەرسىلەرنى ئاسراپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ خەلقلىرى بۇدا دىنىنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتمەي ئۇ يەرلەرنى تاشلاپلا چىقىپ كېتىشكەنىكەن. شۇڭا قېدىمى شەھەرلەردىكى بودىزم مەدەنىي مىراسلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ...

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەسلىدە بودىزم نىسبەتەن ئالغاندا بىر قەدەر مۆتىدىل بىر دىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرى ئاز. تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدىمۇ بودىزم دىنى ئۇچۇن يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار بەك كۆپ ئەمەس. چۈنكى بودىزىم ئېتىقادىدا جانغا زەخىم قىلىش بىلەن زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەڭ كۆپ توقۇنۇش چىقارغان دىن يەنىلا خرىستيانلىق بىلەن ئىسلام دىنى ھېسابلانسا كېرەك. گەرچە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولسىمۇ، نۇرغۇن يەرلىرىدە بىر-بىرسىنى قوبۇل قىلىشالمايدۇ. تارىختىن قارىغاندا، خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئىسلامغا قارىغاندا كۈچلۈك دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنى بۇرۇن خرىستىئان دىنىغا قارىغاندا خېلىلا كەڭ-قوساق ئىكەندۇق. ...

مۇختەر: راست، بەكلا قورسقىنى كەڭ تۇتىدۇ! ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ياۋروپاغا ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردە خرىستىئان دىنىغا يول قويۇشقانىكەن. ئۇلارنىڭ پەرقى يىمەك-ئىچمىكىدىلا كۆرۈلگەنىكەن. شۇنداقتىمۇ خرىستىئان مۆرتلىرى نەگىلا بارمىسۇن، ئۆز دىنىنى تەشۋىق قىلىش نىيىتىدىن يانمايدۇ، دىن تەشۋىق قىلىش ئۇلار ئۇچۇن بىر خىل پەرز ھالىغا كەلگەن. ئىسلام دىنىمۇ شۇنداق قارىغاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇلاردەك چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن گەپنى بۇ تەرەپكە بۇراشتا تۆۋەندىكىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم: سەن ئېيتقان شۇ يۈزدە 50 تىن ئارتۇق دىنى ئاڭدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈم دىنى زاتلار ھەقىقەتەنمۇ دىنى ئېتىقادىنى مەقسەت قىلغان ئاساستا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ ئۆز دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىشىپ مىللەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەپ كەلگەن دېيىشكە بولامدۇ قانداق؟ ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسى ئەسلىدە سەن دېگەن ئۇچىنچى خىلدىكى كىشىلەرگە يېقىن تۇرامدۇ قانداق؟ يەنى بۇ تۆردىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا دىن بەلگىلىك بىر ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن، ئەمما ئۇلار ئاساسەن ئالغاندا تۇرمۇش جەھەتتە تەڭ-باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەي، ھەر تۈرلۈك چەكلىمە ۋە مىللىي كەمسىتىلىشلەرگە ئۇچراپ كەلگەچكە ۋەزىيەتتىن نارازى بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداق بولغىنىدا، ئەگەر بۇ تۆردىكى كىشىلەرگىمۇ چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ، تېگىشلىك ھەققىنى بەرگىنىدە، دىنى ئەركىنلىكىگە يول قويۇلغىنىدا، مىللىي كەمسىتىلىشلەرنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغاندا ئۇلارمۇ خىتايلار بىلەن بىرگە ياشاشنى خالايدىغان قىلىشقا بولىدۇ دېيىش مۇمكىنمۇ؟

مۇختەر: سەن بايىتىدىن بۇ 50 پىرسەن كىشىلەر بىلەن خىتايلار بىرلىكسەپ قۇرالماسمۇ دېمەكچىمىدىڭ؟ (ئۇ كۈلۈپ كەتتى) ھەرقانداق بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئالغاندا، ھەقىقىي مىللەتچىلەر ھەرقانداق بىر دەۋردە ئاز سانلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى پۇقرا ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق بىر دۆلەتتە ئاساسەن ۋەزىيەتتىن نارازى بولغان ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر ۋەزىيەت ئۇلار ئۇچۇن بىرەر زىيان كەلتۈرمەيدىغانلا بولىدىكەن، ئۇلار بىتەرەپلىكىنى ساقلاپ يۈرۈۋېرىدۇ.

## ئۇيغۇرلار خىتايلار ئارىسىدا ھەرگىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن دېمەكچى بولغىنىممۇ سېنىڭ دېگىنىڭ بىلەن ئوخشاشلا بىر گەپ. ئۇنداقتا بۇ يۇزدە ئەللىك دىنى ئاڭدىكى كىشىلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكە گۇرۇپپىغا ئايرىش ئىمكانىيىتى يوقمۇ؟ مەسىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم تايانچ دىنى كۈچلەر يات دىندىكىلەر بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ زەربىسىنى بەكلا سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنداقلار خىتاي بىلەن بىرگە تۇرۇشنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەگەر ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلساڭ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىمۇ ياخشى ئاسرىساڭ، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىم بىلەن ياخشى تۇرمۇش قامدىشىمغا كاپالەتلىك قىلساڭ ھېچقايسى تەرەپكە بولۇشماي بىتەرەپ تۇرالايمەن دېيەلىشى مۇمكىنكەن. ئۇنداقتا، سېنىڭچە بۇ تۈردىكى كىشىلەر قانچىلىك پىرسەننى تەشكىل قىلار؟

مۇختەر: پەرىزىمچە بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ 70 پىرسەنت قىسمىنى ئىگىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ دىنى ئېڭى نىسبەتەن زەئىپ ھالەتتە تۇرغانلىقىدۇر. كومپارتىيە ھوقۇقنى قولغا ئالغان كۈندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە دىنى تەرەققىيات بەكلا ئاستا بولۇپ كەلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاتېزىم كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. دىنى زاتلار، دىنى قاراشلار قاتتىق زەربە يېدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن 80-يىللاردا دىنى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى، دىنى كۆزقاراشلار ئىنتايىن جانلانغان ئون يىل ئىدى. 90-يىلىغا كەلگىنىدە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا قويغان چەكلىمىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ھېسابلىغىنىمىز بىلەن، سەنمۇ كۆرۈۋاتىسەن نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ھاراق ئىچىدۇ. بۇ قىلغىنى ئىسلام دىنىغا خىلاپ ئىش. ھاراق ئىچكەن كىشىنى ئەسلى مۇسۇلمان دېيىشكە بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى تۈپكى سەۋەب، بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئېنىق بىر دىنى تەربىيە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىي ئېڭىمىزمۇ بەكلا زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئېچىۋېتىش-ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن كېيىن، يەنى 1980-يىلىدىن 1995-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىلىم-پەن ساھەسىدە تەرەققىي قىلالىساق، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلساق، ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە بىزنىڭمۇ نەتىجىمىز كۆرۈلسە، بىزنىڭمۇ قانۇنى ئورنىمىز تىكلىنىپ، ئىجتىمائىي ئورنىمىزمۇ خىتايلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ، شۇ چاغدا بىز ئۆز تەلىۋىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز دەپ قارىشاتتى. بۇ يېقىنلاردا تۇرمۇش سەۋىيىسى

ئۆسكەن بولسىمۇ، يەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىشى خىتايلارنىڭكىگە زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ناچار ئەھۋالدا قېلىپ، ئۇلار بىلەن بەكلا چوڭ پەرق بارلىققا كەلدى. ھەتتا بۇ پەرق ئىنتايىن تېز ئارتىپ بارماقتا. ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. زور تۈركۈمدىكى كەلگىندىلەر شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىكلەرنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلەپ، يەرلىكلەرنىڭ قولىدىكى يەرلەر كۆنسايىن ئازىيىشقا باشلىدى. بۇ مەسىلىلەر يۈز بەرگىنىدىن كېيىن، بىزدىكى مىللىي ئاڭ قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. 90-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگىنىدە، بايىقىدەك ئويلايدىغان زىيالىيلىرىمىز ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار بىرلىكتە تۇرۇپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇنداق مەقسەت ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سۈرئىتى قانچىكى تېز بولىدىكەن، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي مائارىپ پەرقىمۇ شۇنچە چوڭىيىپ بارىدىغانلىقى، بۇ جەرياندا تەڭ باراۋەر تەرەققىي قىلىش مۇھىتىگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى، جەمئىيەتمۇ بىز ئۈچۈن ئەنە شۇنداق پالاكەت ئاقىۋەتىمىز ئۈچۈن شارائىت يارىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگەنلىرىڭ 1996-يىلىدىكى «7-نومۇرلۇق ھۆججەت» بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

مۇختەر: «7-نومۇرلۇق ھۆججەت» خىتاي رەھبىرى كادىرلىرىنىڭ قولىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر كۆزۈرغا ئايلاندى. بۇرۇنلاردا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى دېيەلەيدىغان قىلالايدىغان جاسارەتكە ئېرىشتى. ئۇلار يىغىنلاردىلا قىلچە تەپ تارتماستىن چوڭ خىتايچىلىقنى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا بىز خىتاي مىللىتى ئۇنداق مىللەت، بۇنداق مىللەت؛ ھەممە خىتاي مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش، ... دېيىشىپ، يىغىنلاردا، گېزىتلەردە بەس-بەستە قايناپ كېتىشتى. ھەتتا دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ سېرىق تەنلىك چىڭ پادىشاھ ئەۋلادىنى تەرغىب قىلىشقا كىرىشتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھازىرمۇ شەنشىگە بېرىپ پادىشاھىنىڭ قەبرىسىگە تاۋاپ قىلىپ كېلىشمەكتە.

مۇختەر: نۇرغۇن كىشلىرىمىز بۇ تۈردىكى ئەھۋاللارنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ھە مۇنداقكەندە، بۇ دۆلەت ئەسلىدە تەدرىجىي مىللەتچى بىر دۆلەتكە ئايلانماقتا ئىكەندە. بۇ پارتىيىمۇ مىللەتچىلەرنىڭ يولىغا ۋاكالەتچىلىك قىلماقتىكەندە دېيىشىپ سەگەشكە باشلىدى. دەسلەپىدە كىشىلەر بۇنى سېزەلمىگەن ئىدى. بۇ ھادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەڭ، كىشىلىرىمىز بۇ ھۆكۈمەتنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئۆز ئەھۋاللىرىدىن، كېلەچىكىدىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. بىر ئاتىزملىق پارتىيە ئۆز غايىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىللىي ئاڭنى تىكلەپ خىتايلارنى ئۆز ئېتىراپىغا يىغىشقا، شۇ ئارقىلىق قولىدىكى ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆردى.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى، ھۆكۈمەت خىتاي مىللىتىنىڭ مىللىي ئېڭى بويىچە ئېتىراپىغا خىتايلىرىنى يىغىشقا باشلىشىدىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا باشقا مىللەتلەرنىمۇ شۇ يولغا قىزىقتۇرۇپ، ئۆز

مىللىتىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا، دىنى زاتلار بولسا مىللىي ئاڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قوغداشقا كىرىشىپتىكەندە. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا قاراڭ.

مۇختەر: شۇنداق. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، دىنى زاتلىرىمىزمۇ مىللەتچىلەرنى ھىمايە قىلىدىغان بولۇشتى.

## ئىسيان كۆتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئالغاندا، ئۇلار ئۇچۇن تارىخنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۆز ئالدىغا مەخسۇس بىر سەۋەب بولغانلىقى مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەت. ئەمدى بىز شۇ ئۇچىنچى خىلدىكى كىشىلەرنى تەھلىل قىلىپ باقايلى. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئادالەتلىك مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەي، مىللىي كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خىتايلاردىن قاچىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان.

مۇختەر: ئۇلار تۇرمۇش سەۋىيىمىز بارغانسېرى ئۆسۈپ بارسا دېگەندىن باشقا ئىشنى ئويلىمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇنى مۇنداق دەپ يەكۈنلىسەك بولامسۇ: مەيلى سەن دېگەن شۇ ئالدىنقى ئىككى تۈردىكى كىشىلەر بولمىسۇن – مىللەتچىلەر بىلەن دىنى ئاڭدىكىلەر – مۇتلەق چوڭ بىر ئېھتىماللىق بىلەن، ئۇلارمۇ بايىقىلاردەك ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىدا ناھەقچىلىقلارغا ياكى كەمسىتىلىشلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرغاچقا، ئامال يوق مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداقمۇ؟

[تەرجىماندىن: ۋاڭ لىيشوڭ بۇ كىتاۋىدا ۋە باشقا ماقالىلىرىدە، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا خىتايلارنىڭ قاراشلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇ ئاساسەن يۇقىرىقىدەك كەلتۈرۈپ چىقىرىش فورمىلاسىغا تايىنىپ ئەسلى مۇھىم مەسىلە بولغان مىللىي مۇستەقىل بولۇش تەبىئىي ھەققىمىزنى، غورۇرىمىزنى، ئابرۇيىمىزنى، ئەڭ مۇھىمى تۇغما ھەيدەكچى كۈچ بولۇپ كېلىۋاتقان، بۇ كۈنلەردە دېگەندەك جانلىنىپ كېتەلمەيۋاتقان مىللىي تەۋەلىك ئىچىدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ شەكىللىنىشىدىن بويانقى مەخسۇس ئادەم بولۇپ ياشاشنىڭ تۇغما، تەبىئىي، تارىخى جەلپ قىلىش سېھىرلىق كۈچىگە تەلپۈنۈپ ياشاش ئارزۇسىدىن پەخىرلىنىش ئارقىلىقلا بىز، ئۇيغۇر، شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇش بەختىيارلىقىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقتەك تۈپكى ۋە ئەقەللىي ئىنسانلىق ئارزۇيىمىزنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن رەت قىلىپ تاشلاپ، بىزنى قانداقتۇر خىتاي گراجدانلىرى قاتارىدا ئەسلى ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان تەڭسىزلىك، كەمسىتىلىش، بىھۇدە بېسىمغا ئۇچراش ... دېگەندەك ئىككىلەمچى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئادىمىيلىك ھەقلىرىمىز ئۈچۈنلا خىتايدىن ئايرىلىش، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان بىر خىتاي مەخلۇقى قىلىپ تەسۋىرلەشكە جان-جەھلى بىلەن تىرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. مەلۇم جەھەتتە بىچارە "مۇختەرنىمۇ شۇ قىلتاققا سۆرەپ ماڭغانلىقى ئېنىق. بىزدىكى مىللىي

مەسىلە دېگىنىمىز، ئەسلىدە بىر تارىخى مىللىي روھ، مىللىي تېررىتورىيە، مىللىي ئېتىقاد، مىللىي مەنپەئەت، مىللىي تەرەققىيات تەلەپ قىلىش، ... دېگەندەك تۈپكى ۋە كەڭ مەنىدىكى ئىنسان تۈرى بولۇپ ياشاش غايىمىزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدۇر. بۇنىڭ كونكىرىتنى ئىپادىسى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق تەلىپى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ تەلەپ ئۇيغۇر ئۇقۇمى، شەرقى تۈركىستانلىق ئۇقۇمى تارىخ بېتىدىن تەبىئىي بىر شەكىلدە مەڭگۈ سۈپۈرۈپ تاشلانمىغىچە باشقا شەكىللەرگە ئۆزگىرىپ بولسىمۇ مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ۋە داۋاملىق ھەرىكەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ۋە قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇ غايىسىنى ھەر قانچە ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قالغىنىدىمۇ چوقۇم پات يېقىندا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ! – پەلسەپىدىن، تارىختىن، سوتسيالوگىيىدىن ۋە ھەتتا ئادەتتىكى ئەدەبىي بايان ئۇسلۇبىدىن تولۇق خەۋىرى بولمىغان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ جۈۋالچاق جۈملىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلۇق، شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇش ئۈچۈن شەرت بولغان تۇغما، تەبىئىي ئارزۇيىمىزنى ئازراق بولسىمۇ يىغىنچاقلاپ ئىپادىلەپ بېرەلىدىممۇ؟ "مۇختەر" تۈنجى سوئالغا بەرگەن كەسكىن جاۋابى – بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە مىللىي مەسىلىدۇر دېگىنى ئەسلىدە مانا شۇنداق بىر غايە مەسىلىسى بۆلىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بىر غايە، تۈپكى ئىنسان بولۇش ئارزۇسى سۆلھى-سالاغا ئورۇن قالدۇرالارمۇ؟ يەنى ھازىرچە بىر پۈتلۈق، ئۆپكىسى، جىگىرى كەم ياكى بوينى يوق ئادەم بولۇپ ياشاشقا رازى بولۇپ تۇرغىن، ئەتە يەنە قاراپ باقارمىز دېگەنگە ماقۇل دېيىش پۇرسىتىمىز بارمۇ؟!]

مۇختەر: دىنى ساھەدىكى كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىز بىلەن مىللەتچىلىرىمىزنىڭ تەڭ يېرىمى سىز دېگەندەك ۋەزىيەتتىنلا نارازى بولۇۋاتقان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر يولى بارمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر بولسا مىللەتچىلىك يولىنى تاللىۋالغان ياكى دىنى يولنى توغرا تاپقان. ئەگەر بۇ تۈردىكى كىشىلىرىمىز ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا ئېرىشكەن مەنپەئەتى بىلەن تۇرمۇش مۇھىتى خىتايلارنىڭكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش بولغىنىدا، بەلكىم بۇ خىل كىشىلىرىمىز بىتەرەپ يولغا كىرەلىشى، ياكى بايا دېيىشكىنىمىزدەك ئۈچىنچى خىلدىكى رېيالىزمچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، تېخىمۇ ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

ئەمما بۇنداق بىر ئېھتىماللىق كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ دۆلەت مەمۇرى خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى نىسبىتى يۈزدە 50 نىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. مائارىپ ساھەسىدە ھازىر قوشتىللىق مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلماقتا. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىدىن باشقا بارلىق دەرسلەر خىتايچە بولۇپ كەتتى. ھازىر مەكتەپلەر رىقابەتلىك خىزمەتچى تاللاش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئاقىۋىتى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شاللىنىپ تاشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق. گەرچە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بىلىملىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، سىنىپتا ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەش ئىمكانىيىتى بولمىغىنىدا ھەر قانچە دېگەن بىلەن بەربىر خىتايلاردەك راۋان خىتايچە سۆزلىيەلمەيدۇ-دە. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردە يېتىشىپ چىققان، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان، سەن ئۇلارغا 5-10 يىل خىتايچە ئۆگىنىش ۋاقتى بەرسەڭمۇ خىتايچە دەرس بېرىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ تۈردىكى ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم خىزمىتىدىن ئايرىلىپ شاللىنىپ تاشلىنىدۇ. ئەگەر شاللىۋېتىلگەن ھامان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشتىن

چىقىرىلغانلىقىنى بىر ئېرقچىلىق مەسىلىسى، مىللىتىمىزنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋەتمەكچى دېيىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرى دەخلى تەئەررۇزغا ئۇچرىغان ۋاقتىدا، ئۇلار چىقىپ باشقىلارنى كۈشكۈرتۈشى مۇمكىن. ئۇلارنى بوش چاغلىما، ئۇلار دېگەن زىيالىي، قول ئاستىدا ئوقۇپ چىققان نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلىرى بار. مەسىلەن ھېلىقى يېزىدىكى 10-20 ئوقۇتقۇچى جەمئىيەتتىن نارازىلىقىنى ئىپادىلەشكەنلىكىنى بىلدىڭ. ئۇلارنىڭ قولىدا بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلىرى بار. ئۇ ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمىنى ئۇستاز دەپ تونۇيدۇ. مۇئەللىمگە بەكلا چوقۇنىدۇ، گېپىدىن چىقمايدۇ. ئۇ كۈنگە كەلگەندە ئۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزگىرەپ مىللەتچى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىدۇ. قاراپ تۇر بۇنداق ئەھۋال ئون يىلغا قالمايلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما سەن دېگەن بۇ ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتۈشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان تۇرسا ...

مۇختەر: شۇنداق، باشقا ھۈنىرى يوق. سىرتتىن ئىشمۇ تاپالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى ئازمۇ ئەمەس. پەرىزىمچە 300-400 مىڭ ئەتراپىدا بولسا كېرەك.
ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈشكۈرتسە، ئوقۇغۇچىلىرى بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى كۈشكۈرتسە، ... بۇ دېگىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زور كۈچ ئىكەن.

## مىللىي مائارىپ ۋەيران بولۇش بوسۇغىسىدا تۇرماقتا

مۇختەر: بۈگۈن بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىزنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالدى دېيىش مۇمكىن. قوشتىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويىمىز دەپ رىقابەتلەشتۈرۈپ دەرس ئوقۇتقۇچىسى تاللاشنى يولغا قويۇشقىنى، بىر ھېسابتا مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا ”ئەمدى سىلەر ئۆيىڭلارغا قايتىپ قېلىڭلار“ دېگىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ قوش تىللىق ئوقۇتۇش دېگىنى قاچان باشلاندى؟

مۇختەر: 1997-يىللىرى باشلانغانمىكىن. ئۇ يىللىرى تېخى سىناق باسقۇچىدا ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: قاچاندىن باشلاپ رەسمىيلەشتۈرۈلدى؟

مۇختەر: 2004-يىلى ياكى بولمىسا 2003-يىللىرىغۇ دەيمەن. نوختىلىق مەكتەپلەر بۇلتۇردىن باشلاپ مىللىيچە تىلدا ئوقۇيدىغانلارنى قوبۇل قىلىشنى بىكار قىلدى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ خىتايچە دەرس ئۆتۈشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن خىتايغا كورۇسقا ئەۋەرتىشتى. ئەمما يېرىم يىللىق بىر كۇرس بىلەنلا خىتايچە دەرس ئۆتەلەيدىغان بولۇپ چىقالارمۇ؟ تەلەپپۇزىچۇ؟ ياق، ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش! ئۇنىڭغىمۇ مەيلى دەپ تۇرايلى، ئوقۇغۇچىلار نارازىلىق بىلدۈرمەسمۇ؟ ئوقۇغۇچىلار تېخى كىچىك بولغاچقا، ئۇلاردا ئېنىق بىرەر مىللىي ئاڭ يېتىلمىگەن. شۇڭا ئۇلار

مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش سەۋىيىسىنى ياراتمايدىغان، خىتايچىغا ئېغزى تۈزۈك كەلمەيدۇ دەپ قارايدىغان بولماسمۇ؟ بەزى ئوقۇغۇچىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خىتايچە تىل چىقىرىشقا باشلىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى. شۇڭا ئۇلار قوپۇپ: ياق بىز بۇ ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ دېگىنىنى ئۇقالمايۋاتىمىز، خىتايچە مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇساق بولغۇدەك دېمەسمۇ؟ ئوقۇغۇچىلار نارازى بولغانىكەن، مەكتەپ رەھبەرلىرىمۇ ئەمىسە دەرس ئۆتەلەيدىغانلارنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلايلى، ئوقۇتقۇچىسىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تاللىۋالسۇن دەپ قويۇپ بېرىدۇ. مۇنداق قارىماققا بۇ ئۇسۇل بەكلا مۇۋاپىق بىر ئۇسۇلدەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنىڭ بىلەنلا مىللىي ئوقۇتقۇچىلار شاللىنىشى مۇمكىن. ھازىر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھېچقايسىدا ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈشكە يول قويۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايچە دەرسكە ئۆتۈپ كېتىشتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇرۇن ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتىلەمتى؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتىلەتتى. خىتايچە سۆزلىمەيتتى. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر سىناق قىلىنىماقتا. ئىككى-ئۈچ يىللىق سىناق قىلىشتىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر. ئاڭلىشىمچە بۇندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىمۇ بىر-ئىككى يىللىق كېلىشىم تۈزەپ ئوقۇتقۇچى بولۇش يولغا قويۇلىدىكەن. ئۇلارمۇ مۇقىم دۆلەت كادىرى بولالمىغىدەك. كىلىشىمىسە ئىشتىن چىقىرىلىدىغان گەپ. بەزى نەرسىلەر دەسلەپتە تىلغا ئېلىنغان ۋاقتىدا خېلىلا مۇۋاپىقتەك بىلىنىشى مۇمكىن. بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، بۇنداق گەپ قايتا قايتا دېيىلىۋەرسىمۇ راسلا مۇۋاپىق، توغرا گەپ بولۇپ تۇيىلىۋېرىدىكەن. ئەمما كېيىن ئولتۇرۇپ ئويلىغاندا، ھە، بۇلارنىڭ ئەسلى نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاندىن ئۇققىلى بولىدىكەن. (ۋاڭ كۈلۈپ كېتىدۇ)

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان زىيالىيلىرىمىز مۇنداق ئويدا: خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشتىن چىقىرىپ تاشلىسۇن، ھېچقايسىمىز قۇرساق تويغۇزالماي ئاچ قالايلى. ھازىر ئىشسىزلىق ئۈنچىلىك ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتمىدى. ئىشسىزلاشتۇرۇش سىياسىتى بەكلا ئاستا ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ سىياسەتنى يەنە بىر ئاز تىزلىتىپ بېرىسە بولاتتى. مىللىيلار يۈزدە-يۈز ئىشسىز، دۆلەت تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بىرمۇ يەرلىك قالمىغان كۈنىسى ئاندىن مىللەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۈن كېلىدۇ! ھازىرچە بېزىلەر يامان ئەمەس ئىش ئورنىغا ئىگە، ئالىدىغىنىمۇ ئاز ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇلار "نېمىگە غاۋغا قىلىشاتتىڭ، بىر ئوبدان كۈنىمىز ئۆتۈۋاتسا!" دېيىشمەكتە. ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئىتى تېخى دەخلىگە ئۇچرىمىدى. شۇڭا ھۆكۈمەت ئىشتىن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلەتسە ياخشى بولاتتى، ئۇنداق سۆرەلمىلىق قىلىپ نېمە قىلىدىكىن دېيىشمەكتە. ئۇلار پۈتۈن مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالاسى قازانى تېزىراق ھېس قىلسا، كېلەچىكىنىمۇ تېز كۆرەلىگەن، تونۇپ يېتەلىگەن بولاتتى: راست، بىزگە ئەمدى ياشاش پۇرسىتى قالماپتۇ، باشقا چىقىش يولىمىزمۇ يوق ئىكەن، ئەمدى ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئىش قىلمىساق بولمىغۇدەك دەيدىغان بولىدۇ دېيىشمەكتە.

شىنجاڭ داشۆدىكى بىر پروفېسسورنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئەگەر بارلىق ئۇيغۇرلار كوچىغا چىقىپ بىرلىكتە نامايىش قىلسا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي جىم مېڭىپ بەرسىمۇ بىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىمىز بىر دەرىجە ئۆرلىگەن بولاتتى. بولمىسا ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭ يېرىمى كوچىغا چىقىپ گەپمۇ قىلماي، شۇئارمۇ توۋلىماي ئۈچ كۈن جىم ئولتۇرۇش قىلغان بولسىمۇ شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ خەلقارالىشىشىنى ئىككى قەدەم بولسىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولاتتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۈچ كۈن دېگىنى نېمىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمى چىقىپ بىر سائەتلا جىم ئولتۇرۇش قىلسىمۇ ئۇنىڭغا بىر نېمە تەڭ كېلەلمەيتتى.

مۇخبىر: ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىسا تەرەققىياتنىڭ نېمە ئىشى؟ بىز ئاۋۋال هايات قېلىشىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك. ئۆز ئانا تىلىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، دىنى ئېتىقادىمىزنى ساقلاپ قالالايمىزمۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلىنىشقا مەجبۇرمىز. تەرەققىيات دېگەن بۇنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى مەسىلە. هاياتىغا كاپالەتلىك قىلالمىغان بىرسىگە تەرەققىياتنىڭ نېمە كېرىكى؟ نېمىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى؟ مەسىلە1 مانا مۇشۇ يەردە.

ۋاڭ لىشيوڭ: تەرەققىيات دېگەنلىك ھەممىنى ھەل قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. دېڭ ساۋپىڭ تەرەققىيات ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ دەيدۇ. ئەسلى ئۇنداق ئەمەس. نېمىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى؟ ھەرقانچە دېسىمۇ يەنە شۇ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن دېيدىغۇ، پۇل تاپىمەن دېمەكچىغۇ؟ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى دېگەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر پۈتۈنلۈك. ئىقتىساد ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئامىلدىنلا ئىبارەت.

## سوۋېتنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خىتايلار ساۋاق ئالمىدى

مۇخبىر: بۈگۈنكى كۈندە خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرىنى بەكلا ئەقىللىق ھېساپلاشماقتا. ئەمما ئۇلار شۇنچە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ھازىر بۇرۇنقى سوۋېتنىڭ تۇتقان يولىدا كېتىۋاتىدۇ. سوۋېت بۇرۇن قىلىپ باققان ئىشلارنى بۇ خىتايلار ئەمدى قىلىشقا كىرىشمەكتە. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىياقلىقلارغا مەجبۇرى رۇسچە ئۆگىتىش يولىنى تۇتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك بىر يول ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلاپ چىقتى. ئەمما بۈگۈن خىتايلار يەنە شۇ يولنى تاللىۋېلىپ تەجرىبە ساۋاق قوبۇل قىلىشتىن باش تارتماقتا. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسى مۇسۇلمان رايونى بولسىمۇ، ئۇلارنى ھەتتا توڭگۇز گۆشىنىمۇ يەيدىغان قىلىۋېتىشكەن. ئۇ يەردىكىلەرمۇ ئۆزىنى ئاقلىشىپ ئېتىقاد يىگەن-ئىچكىنى بىلەن باھالانماسلىقى كېرەك دېيىشىدىكەن. ئۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا: "بىز ئۆز ۋاقتىدا توڭگۇز گۆشىنىمۇ يەيتتۇق، ھەتتا قىلچە ئىككىلەنمەيلا يەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدۇق." دەيتتى. مانا ئەمدى قارىساڭ، راستىنىلا ئۇلارنىڭ ئېتىقادى يوقالمىغان. ئۇلار ئۆز مىللىي مۇھىتىغا ئېرىشكىنىدىن كېيىن قايتىدىن ئۆز دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا كىرىشكەن، ھۆكۈمىتىمۇ پۇل چىقىرىپ دىنى خادىم يېتىشتۈرمەكتە، سەئۇدى، مىسىر

قاتارلىق يەرلەردىكى دىنى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئەۋەرتىپ يېتىشتۈرمەكتە، تۈركىيىگە ئەۋەرتىپ يېتىشتۈرمەكتە، مەككىگىمۇ ھاجى بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم ئەۋەرتمەكتە. شۇڭا سوۋېتىنىڭكىدەك ئۇنداق ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى كارغا كەلمەيدۇ، بەربىر مەغلۇپ بولىدۇ. بۈگۈنكى ئىشتىن چىقىرىلىش مەسىلىسى شەخسلەر ئۈچۈن بەكلا قورقۇنچلۇق ئىش بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما پۈتكۈل مىللەتلار نۇقتىسىدىن ئالغاندا بەلكىم ئىنتايىن پايدىلىق بىر ئىش ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئىشتىن چىقىرىلىپ ئىشسىز قالدۇرۇش مەسىلىسى بايا سەن دېگەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن باشقا يەنە قايسى ساھەلەردە گەۋدىلىك كۆرۈلمەكتە؟

مۇختەر: باشقا يەرلەرنى دېسەك، مەسىلەن دۆلەت ھازىر ئۇيغۇرلاردىن مەمۇرى خىزمەتچى ئالمايدۇ. بەلكىم ئائىلىسىدە ئەمەلدار بولغانلار بار بولسا ئارقا ئىشىك قىلىپ خىزمەتچىلىككە كىرەلەيدىغانلار ياكى باي بولۇپ تۆت-بەش مىڭدىن پۇل خەجلەپ مەمۇرى خىزمەتكە كىرەلەيدىغانلاردىن بۆلىشى مۇمكىن. بولمىسا ھېچكىم ھۆكۈمەت خىزمىتى بار يەرگە يېقىنلىشالمايدۇ. سوت مەھكىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى چوقۇم ئۇيغۇرلاردىن ئادەم بۆلىشى كېرەك دەپ ئېنىق بەلگىلەشكەن بولغاچقا، ئۇ يەرلەرگە ئاز-تولا كىرەلەيدىغانلار بۆلىشى مۇمكىن. ئەمما قاتناش ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، بانكا، پوچتا تېلېگراف، تۆمۈريول دېگەندەك نۇرغۇنلىغان ئىدارىلەر ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: نېمە سەۋەبتىن ئالمايدۇ؟ ئادەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار خىتايچىنى ياخشى بىلمەيدۇ دەپ قوبۇل قىلمامدۇ بولمىسا؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىز ئۇيغۇر ئالمايمىز دەپ ئوچۇقلا ئېيتىشىدۇ. ھەر قايسى ئىدارىلارنى قويۇپ تۇرايلى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ خىزمەتچى قوبۇل قىلىشلاردا، بىرەر مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك كادىر تاللاش ئۈچۈن ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن تارقاتقان ھۆججەتلىرىدە ئۇيغۇر ئالمايمىز دەپ ئوچۇق يېزىشماقتا. مەسىلەن ساياھەت ئىدارىسى بىرەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىنى ياكى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى ئۆستۈرمەكچى بولسا ھۆججەتنىڭ كەينىگە "يالغۇز خەنزۇ بۆلىشى شەرت" دەپ ئەسكەرتىپ قويغان؛ چەتئەل بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشخانىسى ئۈچۈن مۇئاۋىن مۇدىر تەكلىپ قىلىشتا ئېنىق قىلىپ خىتاي بۆلىشى كېرەك دەپ يېزىپ قويغان. بۇ بىر ئىرقچىلىق ئەمەسمۇ؟ ھەتتا ئالدىغا بارغانلار خىتايچە ئوقۇغانلاردىن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا خىتايلار بىلەن بىرگە ئۆسكەن، بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە تىل بىلمىسىمۇ كىملىك كارتۇشكىسىدا ئۇيغۇر دەپ يېزىلغانلا بولسا، بىز ئۇيغۇر ئالمايمىز، بىزگە خىتاي بۆلىشى كېرەك دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ! بۇنىڭغا ئوخشايدىغان پالىنى مىللەتتىنلا ئادەم ئالىمىز دەيدىغان ئەھۋال يالغۇز خىتايدىلا بار ئىش، باشقا ھېچقانداق دۆلەتتە بۇنداق ئىش يوق دەپ قارايمەن. ئۇلار تېخى بۇنىڭغا باھانە كۆرسىتىشىدۇ: ھە، بىز دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە بىر مۇئاۋىن باشلىق تەكلىپ قىلىمىز، بۇ ئورۇن مەخسۇس يېزىلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ياكى داۋاملىق يېزىلارغا بېرىپ تۇرىدىغان ئىش بولغاچقا ئۇيغۇرچە بىلىدىغان بىرسى بۆلىشى كېرەك، شۇڭا بىز بۇنداق ئورۇنغا ئۇيغۇر ئېلىشقا مەجبۇرمىز دېيىشىدىكەنۇ، ئەمما بۇ ئەمەل بىر كەسىپكە مەسئۇل ئىش بولغاچقا

خىتايچە سەۋىيىسى بولمىسا خىتايچە ھۆججەتلەرنى كۆرەلمىسە قانداق قىلار؟ ئەمما ئۇلارنىڭ باھانىسى بەكلا كۆپ. ئۆزىنىڭ باھانىسىنىلا ھەقلىق قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ. بۇ تەرەپلەردە مۇنداق بىر گەپ بار: خىتايلار "ھەق گەپ قىلىش" دېگەننى بەكلا كۆپ ئىشلىتىدۇ. "ھەق گەپ" نى تەرجىمە قىلساق "مېنىڭ راست" دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شۇڭا خىتايلار "ھەق گەپ قىلىش" قا كىرىشكەن ھامان كىشىلەر دەرھال ئۇلاردىن قاچىدۇ: مانا، يەنە باشلىۋەتتى ئۆزىنىڭ گېپىنى! دېيىشىدۇ خەلقىمىز. ئۇلار ئۇيان ئايلاندۇرۇپ، بۇيان ئايلاندۇرۇپ ئاخىرى ئۆزىنىڭكىنى ھەقلىق قىلىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشىدۇ. ئۇلار ئېغىزىدا ھەق گەپ قىلدىم دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە دېگەنلىرىنىڭ ھېچبىر ھەقلىق يېرى يوق.

## قايسى خىلدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي پۇقراسى بولۇشنى خالايدۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا قايسى تۈردىكى ئۇيغۇرلار ۋەزىيەتتى رازى؟ خىتاينىڭ مۇھىم كىشىلىرى ئارىسىغا كىرەلىگەن، ئەمەل تۇتالىغانلىرى خالامدۇ بولمىسا؟

مۇختەر: توغرا دەيسەن، ئەمەل تۇتالىغانلىرى، تىجارەت ئىشلىرىدا ئىشىنى يۈرۈشتۈرۈۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر، شۇنىڭدەك يەنە بىر قىسىم لىبىرال كىشىلەر – يەنى ھېچقانداق بىر دىن ياكى مىللىي قاراشلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشنى خالىمايدىغانلار، مۇشۇ ھالىتىمىز ياخشى دەپ قارىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھېچقانداق دىن ۋە مىللىي قاراشلارغا بېقىنمايدىغان كىشىلەر قانداق كىشىلەردۇ؟ مەن ھازىرغىچە بۇنداق بىرەر ئۇيغۇرنى كۆرمىدىم.

مۇختەر: بۇنداق كىشىلەر ئادەم دېمەن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك دەپ ھېساپلىشىدۇ. ئۇلار بۇنداق ياشاش بىر قەدەر راھەت، كۆڭۈللۈك دەپ قارىشىدۇ. ئۇنداقلار بىرەر چەكلىمىگە ئۇچرىسىلا ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلالمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇنداق دە، يەنى ئۇنداقلار پەقەتلا ئۆزىنىلا ئويلايدىغان كىشىلەردىن ئىكەندە. بۇ تۈردىكى كىشىلەر بۇ يېقىندا پەيدا بولغانمۇ ياكى بۇرۇندىن تارتىپلا بارمىدى؟ ئۇنداقلار كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى شۇ پېتى تۇرامدۇ؟

مۇختەر: بۇرۇندىن بار. تارىختىن بۇيان بۇنداق ئادەملەر ھەر دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە ئۇنداقلار بۇرۇنقىدىن كۆپرەك، سەل كۆپىيىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى نۇرغۇن كىشىلەر ئەنە شۇ تۈردىكى ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىۋاتامدۇ دېمەكچىمەن. بۇ بىر يۈزلىنىشكە ئايلىنىۋاتامدۇ؟

مۇختەر: ياق، ئۇنداق ئىش يوق! ئادەم سانىدا كۆپەيگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنداقلار جەمئىيەتتە بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەتتىكى قايسى خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىشى، كەسپى بار كىشىلەرمۇ؟ ئۇنداقلار دىنغا ئېتىقاد قىلامدۇ؟

مۇختەر: بۇنداقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كەسپى، ئىشى بار كىشىلەر بولۇپ، ئاساسلىقى شەھەرلەردە ياشايدۇ. ئۇنداقلار ئاغزىدا دىنغا ئىشىنىمەن دېگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە دىنغا ئىشىنىشنى بەك خالاپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ھېچنىمىگىلا ئىشەنمەيدىغانلار دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئادەم بەرىبىر ئۆلىدۇ، شۇنداق بولغانىكەن بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال ياشاش كېرەك، بۇگۈن خاشال ئۆتكەزسەملا رازىمەن دېيىشىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ياشايدىغان كىشىلەر.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى كۈنى كۆڭۈللۈك ئۆتسىلا رازى بولىدىغان تىپلاردىن ئىكەندە. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ياشلار ئارىسىدا كۆپمۇ ياكى ھەممە ياشتىكىلەردىن بارمۇ؟ ئۇلار قايسى سەۋىيىدىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ؟

[دىققەت، ۋاڭ لىشيوڭ بۇ يەردە يەنە مىللىي مەسىلىگە ياكى دىنغا قىزىقمايدىغان كىشىلەرنى تېپىۋېلىشقا قىزىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ــ ت]

مۇختەر: بەلكىم ياشلار ئارىسىدا سەل كۆپرەك بۆلىشىمۇ مۇمكىن. ئومۇمىيلىقتىن ئالغاندا ئۇنداقلارنى مىللەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت سەۋىيىسى سەل يوقۇرىراق كىشىلەر دەپ قاراشقىمۇ بولار.

ۋاڭ لىشيوڭ: خىتايچە ئوقۇغان ياكى ئۇيغۇرچە ئوقۇغانلارغا مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

مۇختەر: ياق، بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

## سەيپىدىن ۋە لېنىن ھەيكىلى

مۇختەر: شۇنىسى بىر ھەقىقەتكى، ئۇيغۇرلا بولىدىكەن، ئۇ كىشى خىتاي كومپارتىيىسىگە ھەرقانچە سادىق بىرسى بۆلىشىدىن، ھەرقانچە ساداقەت بىلەن ئىشلىگەن بۆلىشىدىن قەتئىي نەزەر، يەنى سەيپىدىن ئەزىزگە ئوخشاش بىرسى بولغىنىدىمۇ خىتايلار بەرىبىر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئۇستىلىدە بىر لېنىن ھەيكىلى قوپۇغلۇق ئىكەندۇق. مېنىڭچە بۇنداق قىلىدىغان بىرمۇ خىتاي بولمىسا كېرەك بەلكىم. دېمەك ئۇنىڭ بىر "سولچىل" ئىدىيىلىك بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇمۇ ئۇيىدە سۆزلىشىشتىن قورقۇپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە گۈللۈككە چىقىپ سۆزلىشەيلى دەپ باغچىسىغا چىقىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ باغچىسىدا بىر توزى بولۇپ، ئۇ قۇش چىشقىسى كەلسە دائىم دېگۈدەك تام قوشنىسى لىپىڭنىڭ قورۇسىغا

كىرىپ چىچاركەندۇق. لىپىڭ بۇنىڭغا بەكلا خاپا بولاتتىكەن. ئامال يوق، ھايۋاننى دەپ رەنجىگىلى بولمايدۇ-دە. گەپ قىلالمايدىكەندۇق. (كۈلۈپ كەتتى)

ۋاڭ لىشيوڭ: سەيپىدىنىنىڭ ئىدىيىسى كېيىنچە ئۆزگەردىمۇ؟ ...

مۇختەر: ئۇ چوقۇم پۇشايمان قىلىشى كېرەك. ئۇ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا قانداق تارقالغانلىقىنى يازغان ئىدى. تارىختا قاراخان سۇلالىسىنىڭ بىر شاھزادىسى تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ ئۆزگەرتكەنىكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى نەچچە ئون يىل جەڭ قىلىپ يۈرۈپ بودا دىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بىردەك ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنىكەن. سەيپىدىن ئەنە شۇ كىشىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ كىتابنىڭ ئىسمى «بۇغراخان» ئىدى. ئۇ يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدىمۇ كىتاب يازدى. ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇيغۇر تۈركى تىلى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يامان تەسىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، بەربىر يامان تەسىرىنى تۈزىتەلمىگەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتقىنى بىلەن ئۇنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى ئۇنى كەچۈرمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق.

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭچە ئۇ جوزىسىغا بىر لېنىن ھەيكىلىنى تىكلىۋالغانلىقى چوقۇم بىر نەرسىنى مەقسەت قىلغان بىگولىشى مۇمكىن. كومپارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مىللىي خادىملار لېنىننى بىر قەدەر قەدىرلىشەتتى. لېنىن مىللىي مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇن بايانلارنى قىلغان بولۇپ، بۇ سۆلەر كوممۇنىستلارنىڭ مىللىي كادىرلىرىغا بەكلا ياقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەينى ۋاقىتدا چارۇسىيە بېسىۋالغان خىتاي تەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز دېگەن يەرلىرى، مىللەتلەرنى مۇستەقىل قىلىمىز دەيدىغان يەرلىرى ئۇلارنى بەكلا قىزىقتۇراتتى. مىللىلار لېنىننىڭ بۇ سىياسەتلىرىنى ستالىن ئۆزگەرتىۋېتىپ مىللىي باستۇرۇش سىياستىنى يۈرگۈزدى دەپ چۈشىنەتتى. ئەسلىدە لېنىننىڭ كېيىنكى مىللىي مەسىلە ھەققىدە ئېيتقانلىرى بىلەن ستالىننىڭ قىلغانلىرىدىن قىلچە پەرقى يوق ئىدى. ماۋزېدوڭمۇ جىڭگاڭسەندىكى ۋاقىتدا مۇستەقىل بولۇشقا ماقۇل دەيمىز دېمىگەنمىدى؟ كېيىن ئۇمۇ ئوخشاشلا باستۇرۇش يولىنى تاللىۋالغان. مېنىڭچە سەيپىدىنىنىڭ ئالدىغا لېنىن ھەيكىلىنى تىكلىۋالغانلىقىنىڭ مەنىسى، بۈگۈنكى مىللىي سىياسەتكە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى بۆلىشى مۇمكىن. ئۇ بۇ ھەيكەلنى كۆرستىش ئارقىلىق مىللىي سىياسەتلەردە لېنىننىڭ دېگىنىدەك مىللەتلەرنى مۇستەقىل بولۇشغا، ئۆزگە ئۆزى غوجا بولۇشغا ئىشارەت قىلغىنى بولۇپ، ھەرگىز سولچىللىق قىلماسلىقنى تەكىتلىشى ئىدى. يەنە بىر

تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگىنى بۆلىشى مۇمكىن. قېرىغاندا ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئىنكار قىلىشنى خالىمايدۇ-دە. ...

مۇختەر: شۇنداق. ئەگەر سەيپىدىن ئېزىز ماركسىزمنى ئىنكار قىلغان بولسا راست ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان ئەتكەنلىرىنىمۇ ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ هاياتىنى كىتاب قىلىپ ئىككى توم چىقارغان، ئىككىنچى قىسمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش جەريانىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. ئۈچىنچى قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش دەۋرىدىكى ئىشلار بولۇپ، نەشرى قىلىنمىدى.

ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنىمۇ خۇددى خىتايلار خۇاھىشىدىن باشلاپ يازغىنىغا ئوخشاش باشتىن تارتىپ يېزىپ چىققان ئىدى. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يازغان تارىخ كىتابلىرى هۆكۈمەتنىڭ توسالغۇلۇق قىلىشى ياكى ماتېرىيال قىسلىقى ۋە بىلىم قاتارلىق سەۋەبلەردىن تولۇق بولماي قالغان دەپ هېسابلىغان. ئۇنىڭ شارائىتى تولۇق ئىدى. نەچچە تەرەپتىن كاتىپلىرىنى ئىشقا سېلىپ (7 نەپەر كاتىپى باركەن) تەرەپ-تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا نەچچە خىل مەزمۇننى يازدۇرغان. شۇنداق قىلىپ بەكلا تېز يېزىپ بولالىغان. سەيپىدىن ئېزىز تېلېۋىزور كۆرمەي هەركۈنى كىتاب ئوقۇيدىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنىڭ شۇ 7 كاتىپى ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردىن بارمىدى؟

مۇختەر: يوق، بەرسىمۇ يوق.

ۋاڭ لىشيوڭ: هەممىسى خىتاي بولسا، ئۇ ئۇيغۇرچە يازامدۇ ياكى خىتايچە؟

مۇختەر: ئۇيغۇرچە يازىدۇ. ئۇنىڭ كاتىپلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شوپۇرلىرىمۇ ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلەتتىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېمەك ئۇنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىكەندە.

مۇختەر: مېنىڭچە چوقۇم شۇنداق. ئۇ دېگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ جانلىق پاكىتى-دە. بۇ جەهەتتىكى ئەڭ مەخپىي ئىشلارنى پەت سەيپىدىنلا بىلەتتى. ئۇ دېگەن ماۋ زەيدوڭ بىلەن يالغۇز سۆزلەشكەن، سوۋېت بىلەنمۇ يالغۇز سۆزلەشكەن كىشى. ئۇ سوۋېتكىمۇ ئۆزىلا بارغان. يېنىدا بەزى ئادەملىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغانلار ئىكەندۇق.

### توشۇپ كېتەلىگىنىمىزنى توشۇپ مېڭىشىمىز كېرەك

## نېمىنى ئالالىساق شۇنى توشۇپ مېڭىشىمىز كېرەك

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى بۇ يېقىنقى يىللاردا يەنىلا ناھايىتى تېز بولدى دېيىش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

مۇختەر: ئەمما ئاساسلىقى بايلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشلا بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ نېفتىنى، تەبىئىي گازىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېچىشقا كىرىشتى. ئېلىپ كېتەلىگىدەكلا نەرسە بولسا توشۇپ كېتىش، تىزگىنلەپ بولالمىغان قىسمىنى شۇ يەردە كۆيدۈرۈۋېتىش يولىنى تۇتماقتا. ئەسلىدە بۈگۈن ئىشلىتەلمەيدىغان بايلىقلارنى كەلگۈسىدە ئاچسىمۇ بولاتتىغۇ؟ ئەمما ئۇلار پىلانسىز قېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. گويا ئۇلار ھازىر ئېلىۋالمىسا كېيىن ئۇلگۈرەلمەي قالىدىغاندەك دەرھال توشۇپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشماقتا. سەن كورلا بىلەن كۇچا ئارىسىدىكى نېفتلىكلەرنى كۆردۈڭ. ئۇ يەردە توختىماي نېفىت گازى كۆيدۈرۈلۈۋاتقان مەنزىرىنى كۆرەلەيسەن. ئۇ گازلارنى ئىشلىتىشكە بولاتتىغۇ؟ يەنە نېمىشقا كۆيدۈرىشىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار بۇ گازلارنى توشۇپ ئىشلەتكىدەك ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ چىقىشقا ئۇلگۈرۈپ بولالمىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇلىمۇ يوق. شۇڭا ئۇ گازلارنى كۆيدۈرىۋېتىپلا قۇتۇلۇپ، نېفىت توشۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كۆيدۈرۈلگەن گازلار بىر بايلىق ئەمەسمىدى؟ ئۇرۇسلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان دېپلوماتىيىلىك قورالالاردىن بىرسى ئەنە شۇ تۈردىكى تەبىئىي گاز بولمىدىمۇ؟ بۇ يىل قىشتا بۇ ھەقتىكى نۇرغۇنلىغان خەۋەرلەرنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر، ئۇلار ئېكسپورت قىلىنغان شۇ تەبىئىي گازىدىن پايدىلىنىپ ئۇكرائىناغا، گروزىيىگە دېپلوماتىيىلىك ھۇجۇم قوزغىدى. نۇرغۇن ئەللەردە بۇنداق تەبىئىي گاز مەنبەسى يوق، ئەمما بۇ يەردە كۆيدۈرۈپ تاشلانماقتا. بۇ بىر خام ئەشيا ئىسراپچىلىقى! بۇ تۈردىكى ئىشلارنى ئالدىراپ-سالدىراپ توشۇپ تۈگىتىۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىق دېيىشتىن باشقا يەنە قانداق چۈشەندۈرگىلى بولار؟ ئۇلار يەنە بەش-ئون يىلدىن كېيىن بۇ بايلىقلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھەرىكەت قىلىشماقتا.

يېقىندا ۋاڭ لېچۈەن بىلەن خىتاي نېفىت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى كەلگەن ئىدى. خىتاي نېفىت شىركىتى شىنجاڭدا تېخىمۇ كۆپ نېفتلىكنى تاپقانلىقىنى ئېلان قىلىشتى. ئەمما سەن ھازىر قولۇڭدا بار بولغان تەبىئىي گازنى تىزگىنلىيەلمەي ھەم ئىشلىتەلمەي تۇرۇپ يەنە نېفتلىك ئاختۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئالالمىساڭ تاشلاپ قوي، كېيىن ئالدىرىماي ئېچىۋالساڭ بولمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرچە ئىمپورت قىلىپ تۇرساڭمۇ بولىدىغۇ؟ چەتئەلدىكى نېفىت زاپىسىمۇ چەكلىك. ئۇمۇ ئون-يىگىرمە يىلغا قالماي ياكى ئوتتۇز يىلدىن كېيىن تۈگەيدۇ. شۇ چاغدا ئالدىرىماي ئېچىۋالساڭمۇ بولاتتىغۇ؟ سەن بۈگۈن ئىشلىتىپ بولالمىساڭ، تىزگىنلىيەلمىسەڭ، بىر قۇدۇقتىن چىقىۋاتقان گازنى بىكاردىن-بىكارغىلا كۆيدۈرىۋەتسەڭ قانداق بولغىنى، بۇ دېگەن ھېچ

بولمىغاندا بىر ناھىيىگە يېتىدىغان گاز ئەمەسمىدى؟ يەر ئاستىدىكى تەبىئىي گاز دېگەن بۇ نەرسە تۈگىمەس نەرسە ئەمەس. ھازىر سەن ئۇنى ئىشلىتەلمەي بىكاردىن-بىكار كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋەتسەڭ كېيىن نەدىن تاپىسەن؟ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا قارىساڭ، ئۇلار بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆللىشىپ كەتسىمۇ چاتىقى يوق، قولغا چۈشكەننى توشۇپ تۈگىتىشتىن باشقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ.

ئۆز ۋاقتىدىكى شىڭ شىسەي، جىڭ شۇرېن، ياڭ زىشىنلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلمىدىمۇ؟ خىتايدىن كېلىپ ئەمەلدار بولۇۋاتقان بۇ باشلىقلارنىڭ بىردىن بىر مەقسىتى پۇل تېپىش، بايلىق توپلاش بولۇپ باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى يوق. بۇگۈنمۇ شۇ بۇرۇنقىدىكىدەك ئىش قىلىشماقتا. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى كېيىن خىتايغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر. پېنسىيىگە چىققان ھامان خىتايغا قاراپ قېچىشماقتا. بۇنداقلاردىن باشقارما باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ بەرىسىمۇ بۇ يەردە قېلىشنى خالىمايدۇ. ھەممىسى ئىچكىرىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆتكۈزۈش كويىدا.

دۆلەت پۇل ئاجرىتىپ شىنجاڭدا يول ياسىماقتا، قۇرۇلۇش سالماقتا ياكى قانداقتۇر بىر قۇرۇلۇشلارنى سېلىشماقتا. يەرلىك ئەمەلدارلار ھەرگىزمۇ يەرلىك قۇرۇلۇش شىركەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ساپلا خىتايدىن قۇرۇلۇش شىركىتى تەكلىپ قىلىشماقتا. ئۇ شىركەتلىرىمۇ ئىشچىلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېلىپ قۇرۇلۇش قىلىشماقتا. شۇڭا دۆلەت ئايرىغان مەبلەغ پۈتۈنلەي خىتايدىن كەلگەن شىركەتلەرنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتتى. بۇ پۇللار شىنجاڭدا ئوبروتقا كىرەلمىدى، ھېچقانداق ئىشقا كار كەلمىدى. ئۇلار ئادەتتە بۇ يەرگە كېلىپ پۇل خەجلەشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئىشچىلار ھەر كۈنى بىر داستىن چۆپ ياكى يەسۇيلەك قاينىتىپلا يېيىشىدىكەن. يوغان بىر غېدىر ئاقئاشنىمۇ بىر نەچچە تال چىلىغان كۆك بىلەنلا شالاپ-شۇلۇپ قىلىپ يەۋېتىدىكەن. تىجىگەن پۇلىنى بولسىدا بىر تىيىننى قويماي يۇرتىغا ئەۋەتىۋېتىدىكەن. يەرلىكتە قۇرۇلۇش سالالىغىدەك بىرەر شىركەت يوقمىدى؟ بۇرۇن خېلى كۆپ بار ئىدى. ئۇلارغا ھېچكىم ئىش بەرمىگەچكە ھازىر ئۇلارمۇ تارقىتىۋېتىلدى ياكى ۋەيران بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارغا نېمىشقا ئىش بەرمەيدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەمەلدارلار بۇ ئىشلاردىن تاپان ھەققى ئۇندۇرۇۋېلىشى كېرەك. يەرلىكلەردىن تاپان ھەققى ئالسا ئاسانلا پاش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار كېيىن غايىب بولىدىغان شۇ خىتايدىكى شىركەتلەرگە ئىش ھۆددىگە بېرىشكە ئامراق. ئۇلارنى كېيىن سۈرۈشتە قىلىمەن دېمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇلارغا ئىش كۆتۈرە قىلىشماقتا.

شۇنداق بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا غەربنى گۈللەندۈرىمىز دېگىنى پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپلەر، ئۇنىڭدىن يەرلىكلەرگە قىلچىمۇ نېسىۋە يوقمايدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساش دېگىنىمۇ غەلىتە بىر ئىش. 4-5 يىل ئىلگىرىلا ياسالغان يوللار بار تۇرۇقلۇق يەنە بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ياسايمەن دېگىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن مىقداردا تېرىلغۇ يەرلەر ۋەيران قىلىۋېتىلدى. بۇ يوللار شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياسىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالما. بۇ يوللار دۆلەت مۇداپىئەسىنىمۇ مەقسەت قىلغان ئەمەس. شۇنچە تېز توشۇپ ئاپارمىسا بولمايدىغان نېمىسى بار ئىدى، نېمە مەقسەتتە بۇ يوللار ياسالدى؟ بىر يۇقىرى

سۈرئەتلىك يول پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا نەچچە مىليون مو ئېتىزلىقنى بۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. چەتئەللەردە شۇنچە تار يوللاردا شۇنچە نۇرغۇن ماشىنىلار ماڭالايدىكەنۇ، خىتايلار ئۇنچە كەڭ يوللارنى ياساپ ماڭغۇزغىدەك ماشىنىسى بارمىدى؟ يەنە كېلىپ يەتكۈدەك يول بار تۇرۇقلۇق يېڭىسىگە نېمە ھاجەت؟ قايسى دۆلەتنىڭ يولى بۇ يەردىكىدىن كەڭ؟ بەلكىم ئامېرىكىنىڭ يوللىرى شۇنداق كەڭ بۆلىشى مۇمكىندۇ بەلكىم. ئۇ دېگەن يېڭىدىن گۈللەنگەن بىر دۆلەت، ئەمما ياۋروپانىڭ بۇرۇنقى يوللىرى بەكلا تار. بۇ يەردە بىر ناھىيىدە بار شۇنچە كەڭ يوللار بەلكىم ياۋروپادا ئىنتايىن چوڭ شەھەرلىرىدىمۇ يوقتۇ، بۇنداق كەڭ يوللارنىڭ نېمىگە شۇنچە ئېھتىياجى بار ئىدى؟ بىر يەرگە ئۇنچە كەڭ بىر يول ياسىدىڭمۇ بولدى، ئۇ يەرنى باشقا ئىشقا ئىشلىتەلمەيسەن، ئۇ يەرنى 3ـ4 يۈز يىل ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

## ھىيلە بىلەن بېسىمغا تايىنىشنىڭ ئاقىۋىتى نەتىجىلىك بولارمۇ؟

ۋاڭ لىشوڭ: بۈگۈنكى كۈندە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ھىيلە ئىشلەتسە يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق قوللۇق قىلىش ئۇلارنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىغا ئايلاندى. ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن ئىگىلىكنى ئىمكان بار تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى پۈتۈن زېھنى بىلەن پايدا قوغلىشىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ ئاجرىتىش قاتارىدىكى بەزى مەنپەئەتلەرنىمۇ بېرىش چارىسىنى ئىشقا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە قاتتىق باستۇرۇپ، باش كۆتەرگىنىنىلا يوقىتىش، قەتئىي رەھىم قىلماسلىقتا قەتئىي چىڭ تۇرۇشماقتا. خىتايلارنىڭ بۇنداق سىياسەتنى يولغا قويغان ۋاقتى ئاساسەن 7ـنومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇ يىللاردا ئۇلار ئۆزلىرىچە ئىنتايىن نەتىجىلىك، ئىقتىسادى تەرەققىيات توختىماي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، سەن بايا دەپ ئۆتكەن سىياسىي جەھەتتىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەر ياكى تېرروركلۇق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق باستۇرۇۋېتىلدى. بۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە ئۇنداق ھەرىكەتلەرنى بار دېيىشكە بولسىمۇ – مەن ئاساسەن ئاڭلىمىدىم – كۈنسايىن ئازىيىپ، جەمئىيەتمۇ كۈندىن ـ كۈنگە مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. شۇنداق بولغاچقا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىمۇ بۇنداق تەدبىرنى يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغىنىدا، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كىشىلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا قېرىپ ياكى كۈرەش قىلىش جاسارىتى بىلەن غەيرىتىنى يوقىتىپ بولىدۇ، يېڭى ئەۋلادلار بۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەنپەئەت غېمىدە قېلىپ شىنجاڭ مەسىلىسى يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

مۇختەر: ئۇلار ئىگىلىك تەرەققىي قىلدى، ئىقتىسادى ئەھۋاللار كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا دەپ قاراشقىنى بىلەن، ئۇيغۇر بىلەن خىتايلارنىڭ ئىقتىسادى پەرقىمۇ كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ھەقىقەتەن كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئەمما كىشىلەر خىتايلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى پەرقنىڭ كۈچىيىپ

كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلىشماقتا. سەن بايا 7-نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن شىنجاڭدا زور كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش يۈز بەرمىدى دېدىڭ. ... بۈنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كىشىلەر تېخى كارغا كەلگىدەك بىرەر ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تاپالماي يۈرىدۇ.

خىتاي دائىرىلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىقتىسادى ئىشلارغا بورىۋەتكەندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولدى. بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىزمۇ بۈنى تونۇپ يەتمەكتە، بۈنداق قىلىشتىكى ئەسلى غەرىزىنىمۇ بىلىپ قالدى. ئەمما خىتايلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى ئىلگىرىلەش قەدىمى ئوخشاش ئەمەس. پەرق كۈنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ، شۈنداق قىلىپ يېڭىچە بىر نارازىلىق شەكىللىنىشكە باشلىماقتا. بۈگۈن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەۋلاد ئىشسىزلار ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن دۈچ كېلىۋاتقان بىرىنچى قىيىنچىلىقى ئىشسىزلىق بولۇپ ئالدىغا چىقماقتا. بۇ ئەۋلاد ئىقتىسادى جەمئىيەت ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئۇلار سىياسىي مەسىلىگە تېخى دۈچ كەلگىنى يوق. ئەمما ئۇلار ئىش تېپىش مەسىلىسىدە دۈچ كېلىۋاتقان تەڭسىز مۇئامىلىلەردىن ئىرقچىلىق خاھىشلىرىنى كۆرۈپ يەتمەكتە، بۈنداق ئىرقى ئايرىمىچىلىقلارنى ئىنتايىن ئوچۇق كۆرمەكتە. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرىمۇ بىر-بىرسىگە ئوخشىماي قالدى، ھەرقايسى ئىدارىلەر ھازىر ئۇيغۇرلارنى ئىشقا ئالمايدۇ. مەسىلەن شىنجاڭدا ھازىر شۈنچە كۆپ كارخانىلار بار بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى خىتايدىن كەلگەنلەر ئاچقان كارخانىلار بولغاچقا، ئۇلار يەرلىكلەردىن ئادەم ئېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇلار خىتايدىن ئادەم ئېلىپ كېلىدۇ ياكى بولمىسا شۇ يەردە بار خىتايلار ئارىسىدىن ئادەم تاللاپ ئىشلىتىدۇ. شۈنداق بولغاچقا، يېڭى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ دىنى ئېتىقاد قاراشلىرى دېگەندەك يۇقىرى بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار مەسىلىلىرىنى سىياسىي ياكى مىللىي مەسىلە نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلاشمايدۇ دەپ ئېيتالمايمىز. شۇڭا بۇ ئەۋلادلار سىياسىي جەھەتتىكى مىللەتچىلەرگە ئايلىنالايدۇ. بۈنىڭ بىر ياخشى تەرىپىمۇ بار بولۇپ، ئەمدى بۈندىن كېيىن يەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەرگە بارغانسېرى ئورۇن قالمايدىغان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىمۇ ئېنىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن دېگەن بۇ ئىچكى زىددىيەتلەر ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن دىنى ئاڭدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەتمىدى؟ نىمىدى ئۇ ئىچكى زىددىيەتلەر ئازىيىشقا باشلايدۇ دېگىنىڭ؟

مۇختەر: دىنى ئەقىدىدىكىلەر بىلەن مىللەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر تۈردە بەزى زىددىيەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن دۆلەت قۇرۇش جەھەتتىكى مەيدانى، قاراشلىرى، تۇتقان يوللىرى بىر-بىرسىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىرقى ئايرىمىچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلادلاردا بۈنداق بىر زىددىيەتكە ئورۇن چىقمايدۇ. چۈنكى بۈنداق بىر مۇھىتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساپ مىللەتچىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئەمما ھازىر يېزىلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان مەجبۇرى مائارىپ دېگىنى ئەسلىدە بالىلىرىمىزنى 9 يىل مەكتەپتە تۇتۇپ تۇرسىلا كۇپايە قىلىدىغان بىر شەكىللۋازلىق تۈزۈمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە بىرنېمە بىلسۇن-بىلمىسۇن، ئوقۇشى لاياقەتلىك بولسۇن-بولمىسۇن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق، تىنىماي ئوقۇيدۇ، 9 دەرسىنىڭ ھېچبىرىدىن ئۆتەلمىسىمۇ سىنىپتىن كۆچۈۋېرىدۇ. كۆرۈۋاتىسەن، ھەرقانداق يېزا ياكى ناھىيىنىڭ مەجبۇرى مائارىپ ئىشلىرىنى ئىنتايىن ياخشى ئورۇنداپ كېلىۋاتىدۇ دەپ ھەر يىلى تەغدىرلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئەمەلىيەتتە بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سىنىپتىن كۆچۈرمىسە بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئوقۇغۇچى سىنىپتىن قالغانلا بولىدىكەن، مەجبۇرى مائارىپ ۋەزىپىسى ياخشى ئورۇندالمىغان دېيىشىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار يىل ئاخىردا لاياقەتسىز دەپ باھالىنىدۇ، ئۇدا ئىككى يىل لاياقەتلىك بولالمىسىلا ئىشتىن چىقىرىلىدىغان گەپ! شۇڭا ئۇلار ھەر يىلى لاياقەتلىك بولۇشنى كۆزلەپ بىر ئوقۇغۇچىنى ئۇدا 9 يىل مەكتەپتە تۇتۇشقا مەجبۇر. 9 يىلدىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچى ئۇستىدىكى ۋەزىپىمۇ ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئۇ چاغدا قارىساڭ يۈزدە 30-40 پىرسەن ئوقۇغۇچى يەنىلا ساۋاتسىز. ئەمما بۇنداق ئوقۇغۇچىلاردا ئىشسىزلىق دەيدىغان بىر قورقۇنچىسى يوق. چۈنكى ئۇ باللار دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدۇ دېگەن قانۇننى بەك ياخشى بىلىدۇ. بۇنداق بالىنىڭ ئالغان بىلىمى يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بەكلا ئاسان دىنى قاراشلارغا قىزىقىپ كېتەلەيدۇ.

## بۈگۈنكى جىمجىتلىق بوراننىڭ ئالدىدىكى بۆرۈختۈرمىچىلىقتۇر

ۋاڭ لىشيوڭ: ھېچ بولمىغاندا، ھازىرچە قارىغاندا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يېڭى يول تاپالماي يۈرۈۋاتقانلىقىدىن كۆرەمسەن ياكى ئەسلىدە ئۇنداق بىر يول يوقمىدى؟

مۇختەر: ئۇنداق يول چوقۇم بار.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ دېيىش كېرەكمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق، مۇھىمى پۇرسەت. مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى دېمەيلا تۇرايلى، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەت ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن بەكلا پايدىسىز بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىلا ساۋاتسىز ئەمەس. ئۇلار بىرەر ئىش قىلىشتا ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىدۇ. ئىقتىسادى تەرەققىيات ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەر كۆڭلىنى چېچىۋېتىدىغان بىر ئامىل. ئەمما يەنىلا كۆپلىگەن مىللەتچىلەرنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپمۇ بەردى. مەسىلەن بايام دەپ ئېيتقان شۇ يەپ-ئىچىپ كۆڭلىنى خوش قىلىپ ئۆتىدىغان، سىياسەتكە ئارىلاشمايدىغان كىشىلەرمۇ ئاستا-ئاستا مىللەتچى بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن دېمەكچى بولغىنىڭ، كىشىلەر جەمئىيەتتىن نارازى بولۇپ، قەلبىدىكى مىللىي ھېسسىياتلار ئۆزلۈكسىز كۈچەيمەكتە دېمەكچىمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما مېنىڭ بىۋاسىتە بېشىمدىن ئۆتكەزگەن بىر تەجرىبەم بار. يەنى بۇندىن ئون يىل بۇرۇنقىسىغا سېلىشتۇرغاندا، مەن شىنجاڭدا يالغۇز ئۇيغۇرلار ياشايدىغان يەرلەرگە بېرىشتىن بۈگۈنكىگە سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئەنسىرەيتتىم …

مۇختەر: ئۇ دېگەن سېنىڭ كۆزقارىشىڭدىكى مەسىلە. سەن ئۇ چاغلاردا كەلگىنىڭدە بېزىلەر ساڭا: ھۆي، قورقماسەن ئۇلاردىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا يېنىغا پىچاق ئېسىپ يۈرىدىغان نەرسىلەر تۇرسا، ئاسانلا بىرسىگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرىۋېتەلەيدۇ، دېيىشكەن بولۇشى مۇمكىن. قۇرۇق گەپ! 78 ياكى 80-يىللاردا خىتايلار بۇنداق بىر ئىشقا دۇچ كەلمەي يۈرەلىگەن ئەمەسمىدى؟

ۋاڭ لىشيوڭ: راست دەيسەن، بۇرۇن ئۇنداق ئىش يوق ئىدى. مەن 80- ۋە 81-يىللىرى شىنجاڭغا كەلگىنىمدە راست پەقەتلا غەم قىلىپ باقمىغان ئىدىم. ھەممە يەرگە خالىغانچە بارالىغان ئىدىم. ئەمما 90-يىللاردىن كېيىن بولسا كېرەك، يەنى 90-97- ۋە 98-يىللاردا راستىنىلا جىددىيلەشكەن ئىدىم.

مۇختەر: 96 ۋە 97-يىللار دېگەن ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭدا مەسىلە كۆپ چىققان يىللار ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇنداق ئىدى. ھازىر ئۇنداق قورقۇنچلۇق تۇيغۇلار يوقاپ كەتكەنمۇ قانداق، بەك ئەنسىرىمەس بولۇپ قالدىم. نۇرغۇنلىغان خىتايلارمۇ بۇرۇن پېنسىيىگە چىقار-چىقماي دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلىشنى ئويلايتتىكەن. ھازىر ئۇلارمۇ خاتىرجەم بولغانمۇ قانداق، شىنجاڭدا قېلىپ قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. سېنىڭ دېيىشىڭچە بۇ تۇردىكى خاتىرجەملىك كۆرۈنۈشتىكى خاتىرجەملىك، شۇنداقمۇ؟ ياكى ئەسلىدىنلا ئەنسىرىگىدەك ئىش يوقمىدى بولمىسا؟

مۇختەر: ئەسلىدىنلا ئۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. ئادەتتىكى پۇقرالار ئارىسىدا بىر-بىرسىگە ئۇنچىۋالا ئىشەنمىگىدەك ئىشمۇ يوق ئىدى. ئەمما، 1990-يىلى بارىن يېزىسىدا ۋەقە چىققىنىدىن كېيىن ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقىنى كۈچەپ تەرغىب قىلغىنىدىن كېيىن ئەنە شۇنداق ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئادەتتىكى پۇخرالىرىمىز بەكلا مۇلايىم خەق ئىدى. ئۇلارمۇ ئادەم-دە! ئەمدى ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. ۋەزىيەتنىڭ بۇنداق تىنچ ئىكەنلىكىگە قاراپ ھېچ ئىش يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلىما. ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، يۈز بېرىدىغان مالىمانچىلىق ۋەزىيىتى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىر بولۇشى چوقۇم. ھازىرچە ھېچ ئىش يوقتەك تۇرغىنىغا قارىما، ھازىر ھەممە ئادەمگە ۋەزىيەت ئەپ كەلمەيۋاتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى سەن دېمەكچىسەنكى، ئەگەر بىرەر توپىلاڭ چىقىپ قالغۇدەك بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر يۈز بېرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

مۇختەر: بۇرۇن دېگەن كىچىككىنە ئىش يۈز بەرسىلا تۇتۇپ قاماپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ھازىر ئاساسەن قويۇۋېتىلدى. ئەمما ئۇلار تۈرمىدىن چىققىنى بىلەن ئىشلەي دېسە ئىش بېرىدىغان يەر يوق. ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارنى نازارەت ئاستىدا تۇتماقتا. مانا مېنى نازارەت قىلغىنىدەك. مەنمۇ تۈرمىدىن چىققىنىمغا 6 يىل بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا قارىماي ھەر ئاي بېرىپ ساقچىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ تۇرىمەن. نەلەرگە باردىڭ، كىملەر بىلەن كۆرۈشتىڭ، نېمە ئىشىڭ بار ئىدى دېگەندەك سوراقلار بىلەن كۈمۈۋېتىدۇ. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، بىزدەكلەرنىڭ كۆنى تەسمىكەن؟ جەمئىيەت ساڭا ئىشەنمەيۋاتقان تۇرسا، مېنىڭدەكلەر بۇ جەمئىيەتكە قانداق ئىشىنىمىزكەن؟ شۇنداق بولغاچقا، ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بەردىمۇ بولدى، بىزدەكلەر دەرھال ئۇ ۋەقەگە قاتنىشىپ كېتەلەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا تايانچ كۈچ بولالايدۇ دېگىنە. ئەمما ئادەتتىكى جەمئىيەت ھېسياتلىرى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىشامدۇ؟

مۇختەر: نېمىشقا ئوخشىمايدىكەن؟! جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكىدەك بۇنداق سىياسەت داۋاملىشىدىغانلا بولىدىكەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىشەنمەسلىك، مىللىي ئۆچمەنلىك تۇيغىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

## ھازىرقى مىللىي ئۆچمەنلىك ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئۈستۈن

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۈگۈنكى كۈندىكى مىللىي ئۆچمەنلىكنى بۇرۇنقىسىغا سېلىشتۇرساڭ ...

مۇختەر: ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك. يىلدىن-يىلغا كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ!

ۋاڭ لىشيوڭ: 96-97-يىللاردىكىدىنمۇ كۈچلۈكمۇ؟

مۇختەر: ئۇ چاغدىكى ئۆچمەنلىكلەر بۈگۈنكىسىنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ. 97-يىللاردا نېمىلا دېگەن بىلەن يەنىلا خېلى كۆپ دۆلەت ئىشچىسى، مەمۇرى كادىرلىرى بىتەرەپ تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇلار بۇنداق پارتلىتىش بىلەن ئىشنى تۈزىگىلى بولمايدۇ، سىياسەت تۈزۈلۈپ تۈرمۇشىمىز ياخشىلانسىلا مەيلى ئەمەسمۇ دېيىشەتتى. مانا ئەمدى، ئۇلارمۇ نۇرغۇن ناھەقچىلىكلەرنى بېۋاستە تېتىدى، بالا-چاقىسىنىڭ قاپقاراڭغۇ تەغدىرلەرگە قالىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈپ يەتتى. ئەگەر ھۆكۈمەت مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولسا، ھاياتلىق ساھەمىز بۇنچە تارايتىۋېتىلسە، كەلگۈسىدە بالا-چاقىمىز نەدە ياشايدۇ دەپ بېشى قاتىدىغان بولدى. 80-يىللاردا، خىتايلار بىلەن مىللىيلار

ھېتلاردا ئۆزئارا ھېتلىشىدىغان ئىشلار ئومۇمى يۈزلۈك ئەھۋال ئىدى. 90-يىللارغا كەلگىنىدە دۆلەت خىزمەتچىلىرى بىلەن كادىرلارلا ھېتلىشىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالار ھېيتلاشماس بولۇپ ئۆزگەردى. مانا بۇگۈن رەھبەرى كادىرلارلا ئۆزئارا ھېيتلىشىپ، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بۇنداق ئىشلار قالمىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئېسىمدە قېلىشىچە، سەن كىچىك ۋاقتىلىرىڭدا ئائىلىلىك بىنا قورالىرىدا خىتاي بالىلىرى بىلەن ئۇيغۇر بالىلىرى بىرگە ئويناپتتۇق دېگەندەك قىلىۋىدىڭ. ھازىر سەن شۇ بالىلىق ۋاقتىڭدا بىرگە ئوينايدىغان خىتايلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساڭ سالاملىشامسەن؟

مۇختەر: ئارىسىدىكى ئىككىلا خىتاي مېنىڭدىن ئەھۋال سوراپ قويىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: قالغانلىرىنى كۆرسەڭ يەنىلا تونۇيدىغانسەن؟

مۇختەر: كىچىكىمىزدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان تۇرساق تونۇمامدىم؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ھازىر ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىڭ يوقمۇ؟

مۇختەر: ھازىر ئۇلار ماڭا قاراپمۇ قويمايدۇ. بولمىسا بىز شۇ كىچىك قورادا بىرگە ئۆسكەن ئىدۇق. كۆرۈۋاتىسەن، بۇ كىچىك قورادا بىرگە تۇرغىنىمىزغا 30 يىل بولۇپ قالدى بولمىسا.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن خىتاي بالىلىرى بىرگە ئوينايدىغان ئىشلار تۈگەپ كەتتى. خۇددى قوي بىلەن ئۆچكە ئايرىم تۇرغاندەك ئايرىلىپ ئوينايدۇ. بىزدە مۇنداق بىر گەپ بار. بىر قوتان قوينىڭ ئارىسىغا نەچچە ئۆچكىنى قوشۇپ قويسىمۇ قويلار بىر تەرەپتە، ئۆچكىلەر بىر تەرەپتە ئايرىم يۈرىشىدىكەن. بۇنىڭ تەرىپسىچە بولسىمۇ ئوخشاش، بىر توپ ئۆچكىدىن ئايرىلغان بىر نەچچە قوي ئايرىم تۇرىدىكەن. بۈگۈنكى ئەھۋالىمىز دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۈگۈنكى بۇ تېنچتەك كۆرۈنگەن ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى يەنىلا شۇ قاتتىق باستۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولماسمۇ؟

مۇختەر: قاتتىق باستۇرۇشنىڭ تەسىرى بولغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمايمەن. بەلكىم شۇ سەۋەبتىن ۋەقە چىقىشلار ئازايغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ دېگەنلىك ئەمدى ھەرگىز چىقمايدىغان بولدى دېگەنلىكمۇ ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ياخشى بولمايۋاتقان بۇنداق بىر ئەھۋالدا بىكاردىن قۇربان بولۇپ بېرىشنىڭ قىلچە قىممىتى يوق، شۇڭا ھازىرچە ھەرىكەتنى توختىتىپ تۇرغىنىمىز تۈزۈك دەپ قاراشماقتا. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلقئارالىق ۋەزىيەتمۇ ياخشىلىنىپ ئىچكى-تاشقى ھەمكارلىق شارائىتلىرى تۇغۇلغاندا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلساق ئاندىن ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قىلالايمىز دەپ قاراشماقتا. بۇ كىشىلەر ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، يەنى مەيلى ئىراق بولسۇن، چېچەنلەر بولسۇن، بوشناقلار بولسۇن، سىربىيە بولسۇن ھەممىسىنىڭلا ئىچكى-تاشقى كۈچلەرنىڭ ھەمكارلىقى بولماي تۇرۇپ

ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئىلىپ چىقالمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. بۇگۈنكى خەلقئارالىق جەمئىيەتتە يالغۇز بېشىغا ھېچ ئىشنى باشقا ئىلىپ چىققىلى بولمايدۇ. يالغۇز ھەرىكەت قىلسا بەدەل بەكلا ئېغىر بولىدۇ.

ھازىرچە خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىمۇ نىسبەتەن مۇقىم ھالەتتە تۇرماقتا. ئەمما ئۇلار بۇ ۋەزىيەتنى ئون يىللاپ، يىگىرمە يىللاپ، ئوتتۇز يىللاپ ساقلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى چوقۇم بىر كۈنى ئۆزگىرىدۇ.

## ئۇيغۇرلار قەلبىدىكى تارىخ

## شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنىڭ تارىخىي ئاساسى

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئاساسەن ئالغاندا مىللەتچى، ئۇلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئۆتتۈڭ. تەپسىلىيرەك دەپ بېرەلەمسەن، ئۇلار نېمىگە ئاساسلىنىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشماقچى؟ ئۇيغۇرلار تارىختا قانداق ياشىغان؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىز مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىغان دېيىشىدۇ؟ بۈگۈنكى ۋەزىيەتتىن قانداق قۇتۇلماقچى؟

مۇختەر: شىنجاڭ ئەزەلدىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ زېمىنى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ھونلار نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمىسىدىن تەشكىل تاپقان بىر خەلق بولۇپ، تۈركىيلەر ئەنەشۇ قەبىلىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتدا جاڭ چيەن دەيدىغان بىرسى يېنىغا 70-80 دەك ئادەمنى ئىلىپ بۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ چىققان ئىكەن. ئۇچاغدا ئەجدادلىرىمىز ئۇنى جاسۇسلۇق قىلىشقا كەلگەن دەپ تۇتۇۋېلىپ 10 يىل قاماپ قويغان ئىكەن. كېيىن ئۇ نەچچە ئادىمى بىلەن بىرگە دۆلىتىگە قېچىپ كەتكەن. بۇنىڭغا قاراپلا شىنجاڭنى بىزنىڭ يېرىمىز دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ (ۋاڭ كۈلۈپ كەتتى) كېيىن جاڭ چيەن يۈز نەچچە ئادەم بىلەن ئىككىنچى قېتىم بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھېچقايسىدا قورال يوق بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ يېرىدە ساياھەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، پەقەتلا سودىگەر قىياپىتىدە ياكى چەتئەللىك ئەلچى سۈپىتىدىلا بۇ تەرەپلەرگە كىلەلەيتتى. بۇ تارىخ ئۇ چاغدىكى شىنجاڭ بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى، سىياسىي جەھەتلەردە بېرىش-كېلىشلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئەمما جاڭ چيەن شىنجاڭغا بارغان دەپلا بۇ يەرنى خىتاي زېمىنى دېيىشنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق.

مىلادىيە 5-ئەسىرلەردىن 6-ئەسىرلەرگىچە بولغان دەۋرلەردە ھازىرقى موڭغۇللار ياشاۋاتقان يەرلەر تۈرك خاندانلىقىغا تەۋە يەرلەر ھېسابلىناتتى. تۈرك خاندانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنلىرى ئىنتايىن كەڭرى ئىدى. كېيىن شەرقى تۈرك ئىمپېرىيىسى ۋە غەربى تۈرك ئىمپېرىيىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. تاڭ خاندانلىقى ۋاقىتلىرىدا خىتايدا ئىچكى ئۇرۇش

پارتلىغان بولۇپ، تاڭ پادىشاھى لوياڭ تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن. ئۇ چاغدىكى ئەن لۇسەن دېگىنى بىر تۈرك ئىدى. تاڭ خاندانلىقى غەربى تۈرك خاندانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇ چاغدىكى تاڭ خاندانلىقى بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بار دېيىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تاڭ سېنىڭ بودا نوملىرىنى ئىستەپ سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدا تاڭ خاندانلىقى پۇخرالىرىنى سىرتقا چىقىشتىن قاتتىق چەكلەپ تۇرۇۋاتقان، يەنى ھېچكىمنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا يول قويمايدىغان بىر ۋاقىتلار ئىدى. شۇڭلاشقا تاڭ سېڭ چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئايلىنىپ ئۆتىۋالغان. ھازىر دەپ يۈرگىنىدەك تاڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئۇنى ئۇزىتىپ قويغان دېگەندەك گەپلەر يالغان. ...

ھېقىقى تارىخنى سۈرۈشتە قىلساق، تاڭ سېڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىن قېچىپ چىققان بىرسى. ئۇنىڭ ئاق ئېتىمۇ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن بىر دېھقان ئۇنىڭغا بەرگەن ئات ئىدى. تاڭ خاندانلىقى دەۋرلىرىدە بىزنىڭ بۇ يەرلەر بەگلىكلەر شەكلىدىكى ئۇششاق دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بودا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشاتتىكەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھىندىستانغا بىر بېرىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتىكەندۇق. شۇڭا ھەممە كىشى تاڭ سېڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قىلىشقان ئىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگەنلىرىڭ قايسى كىتابتا يېزىلغان گەپلەر؟

مۇختەر: بىزنىڭ تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتاۋىدا. تۇرغۇن ئالماس ئۇرۇمچىلىك بىرسى. شىنجاڭدا 1991-يىلى «ئۇچ كىتابنى تەنقىد قىلىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىلا تۇرغۇن ئالماس 80-يىللىرى يېزىپ چىققان ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ دەۋرلەردىكى تۈركلەرنىڭ ھەممىسىلا بودا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتىمىكەن؟

مۇختەر: شۇنداق، تۈركلەر ئۇ چاغلاردا بودا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتىكەن. تاڭ سولالىسى بار ۋاقىتلاردا بۈگۈن شىنجاڭ دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يەرلەر تاڭ خاندانلىقى بىلەن ھېچقانداق باشقۇرۇش ياكى باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئەمەس ئايرىم بىر يەر ئىدى. تاڭ خاندانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ ھېچقاچان سەددىچىن سېپىلى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ باققان ئەمەس. باشقا دەۋرلەردىمۇ خىتايلار بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزنى باشقۇرۇپ باققان ئەمەس. مەسىلەن، يۈەن سولالىسى دەۋرلىرىدە شىنجاڭ موڭغۇللارغا تەۋە بولۇپ ياشىغانلىقىغا ھېچكىم بىر نېمە دېگىنى يوق. چىڭگىزخان دېگەن تاشقى موڭغۇلىيىلىك بىرسى، يەنى بىر چەتئەللىك بولۇپ، ئۇ ھەرگىز خىتاي ئەمەس. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى تاشقى موڭغۇلىيە بولغاچقا، ئۇنىڭ قۇرغان دۆلىتىمۇ تاشقى موڭغۇلىيىدە ئىدى. ھازىر تاشقى موڭغۇلىيە خىتاي خەلق رېسپوپلىكىسى ئېتىراپ قىلغان مۇستەقىل بىر دۆلەت تۇرسا، قانداق قىلىپ چىڭگىزخاننى خىتاي دېيىشكە بولىدۇ؟ يەنە بىر جەھەتتىن، يۈەن سولالىسىنى چىڭگىزخان قۇرغان دۆلەت ئەمەس. ئۇ خاندانلىقنى ئۇنىڭ ئوغلى قۇبلاي قۇرۇپ چىققان. ئەمما قۇبلاي يۈەن خاندانلىقىنى قۇرغان ۋاقىتلاردا چىڭگىزخان شىنجاڭ تەۋەلىكىنى ئۇچىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن. چاغاتاي بىلەن قۇبلاي بىر-بىرسىگە بېقىنماستىن مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ ياشىغان. چىڭگىزخان ئۆلگىنىدىن كېيىن ھەممىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەركىزى ھاكىمىيەتمۇ يوقالغان بولغاچقا، بالىلىرىنىڭ ھەممىسى

دۆلەتنى مۇستەقىل تۇتۇپ ھاكىمىيەت سورىغان. ئۇلار ئاكا-ئۇكىلار بولغاچقا، ھېچقاچان بىر-بىرسىگە تاجاۋۇز قىلىش غەرىزىدە بولۇپ باقمىغان. شۇنداق بولغاچقا، يۈەن سولالىسىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ يوق بىر ئىش. ئەگەر بۇنداق بىر باشقۇرۇشنى بار دېگىنىمىزدىمۇ بەرىبىر يۈەن خاندانلىقى خىتاي خاندانلىقى ئەمەس بىر موڭغۇل خاندانلىقى ھېسابلانغىنى ئۈچۈن، بۇ زېمىنلارنى يەنىلا شۇ موڭغۇللار سوراپ كەلگەن دېيىش كېرەك. چىڭگىزخان شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە ئىككى دۆلەت بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى بودا دىنىنى ئاساس قىلغان ئىدىقۇت خانلىقى بولۇپ يەنە بىرسى بولسا قاراخانىيلار سولالىسى ئىدى. قاراخانىيلار سولالىسى مىلادىيە 930-يىللىرى مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان.

خىتاي تەۋەسىدە يۈەن خاندانلىقىدىن كېيىن مىڭ خاندانلىقى قۇرۇلغان. مىڭ خىتايغا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ شىمالى موڭغۇللارنىڭ تەسىردائىرىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، جەنۇپ تەرىپىنى ياركەنت خانلىقى سورايتتى. ئاخىرقى بىرەر ئىككى يۈز يىل جەريانىدا پۈتكۈل شىنجاڭ تەۋەسى دىنى مەزھەپ توقۇنۇشلىرى ئىچىگە پېتىپ قالغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت خىتايدا چەنلوڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەۋرلەر ئىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭغارلار مانجۇ خاندانلىقىغا بويسۇنىدۇ. يەنى، مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە شىنجاڭ تەۋەسى مانجۇ خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇ بىر تارىخ. بۇ تارىخنى بىزمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ ئارىدا ھەرتۈردىكى قوزغىلاڭلار پارتلاپ 4-5 يىللىق، 5-6 يىللىقتىن مۇستەقىل بولۇش ۋەزىيىتىمۇ شەكىللىنىپ تۇرغان. 1860-يىللاردا ياقۇپبەگ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. 1873-يىللارمىدى بىر ۋاقىتلاردا زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ شىنجاڭ شۇ چاغدىن باشلاپ قايتىدىن مەنچىڭنىڭ قولىغا كىرىپ قالىدۇ.

شۇنداقتىمۇ مەنچىڭ خاندانلىقىمۇ خىتايلارنىڭ دۆلىتى ئەمەستە. ئۇ دېگەن مانجۇرلار تاجاۋۇز قىلىپ خىتاينى بېسىۋالغان بىر دەۋر. مانجۇلارمۇ تارىختىن بۇيان خىتايغا تەۋە بولمىغان بىر خەلق.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇنداق بولغاچقا بۈگۈنكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى خىتاي دېگەن ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق قۇرۇپ چىققان بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت دەپ چىڭ تۇرۇۋالماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ دېگەنلىرى بايا سەن دېگەن تارىخلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىنچاقلىۋېلىشى.

مۇختەر: ئەمما بۇ دېگەن بەكلا يېقىندىكى بىر تارىخ تۇرسا، ئۇ ئىشلار بولغىنىغىمۇ ئەندىلا ئىككى-ئۈچ يۈز يىل بولدىمىكىن. بۇ دېگەن ھەممە كىشى بىلىدىغان، ھېچكىم ئۇنتۇيالمايدىغان بىر تارىخ تۇرسا. مەنچىڭ پادىشاھلىرى ھېچ بولمىغاندا خىتايدىن خوتۇن ئالمايدىغان، پەقەتلا مانجۇ ياكى موڭغۇلدىنلا قىز ئېلىپ كەلگەن بىر پادىشاھلىق تۇرسا، مانا بۇمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى خىتايدىن پەرقلەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ خىتاينىڭ شىنجاڭنى بېسىۋېلىش ئىشىغا كەلسەك، مەنچىڭ خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر ھادىسە. شىنجاڭدىكى مىلىتارىستلار كۆرۈنۈشتە مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بويسۇناتتى. 1932-يىلى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بولۇپ، 4 ئايدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى

بىلەن شىڭ شىسەي بىرلىشىپ ئۇ جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. 1945-يىلى غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ئىدى. 1949-يىلى سوۋېتلار بىلەن خىتايلار كىشىم تۈزۈپ خىتاي كومپارتىيە ئارمىيىسىنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز تۇپراقلىرىغا بېسىپ كىرىشىگە يول ئاچقان ئىدى.

مانا بۇ، بىزنىڭ تارىخىمىز. بۇ تارىختىنمۇ ھەممە كىشى خەۋەردار. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىز ئۆز تارىخىمىزنى خىتاي تارىخى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان مۇستەقىل بىر تارىخ دەپ قارىماقتىمىز. بىز ئەزەلدىن مۇستەقىل مىللىي دۆلەت بولۇپ ياشاپ كەلگەن بىر خەلق ئىدۇق. بەلكىم قىسمەنلىكتە خىتاي تەۋەسىگە قارام بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمىز بولغىنىدەك قىلغىنى بىلەن، ئۇ ۋاقىتلاردىمۇ خىتايلارنىڭ قۇرۇپ چىققان خىتاي دۆلىتىگە قارام بولمىغان ئىدۇق. تارىختا بىرەر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتكە بىرەر ئىككى يۈز يىلدىن بېقىندى بولۇپ قالىدىغان ھادىسىلار ئادەتتە كۆپ كۆرۈلگەن ھادىسىلەردۇر. مەسىلەن كورىيىمۇ خىتايغا قارام بولۇپ باققان، ئەمما ئۇ ۋاقىتلارمۇ ئوخشاشلا خىتاي مىللىتىنىڭ پادىشاھلىقى ئەمەس، بەلكى مەنچىڭ خاندانلىقى ئىدى. يۈەن خاندانلىقى دەۋرىدە فىلىپپىنمۇ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشىغان بولۇپ، ھەتتا فىلىپپىن پادىشاھىنىڭ بېشىنى بىر ئۇيغۇر گېنېرال كېسىپ كېلىپ قۇبلايغا تاپشۇرغان ئىكەن. شۇنىڭغا قارىماي فىلىپپىننىمۇ ھېچكىم خىتاي مىللىتىنىڭ بىر قىسمى دېمەيدىكەنغۇ. شۇڭا كورىيىلىكلەرنىمۇ ھېچكىم خىتاي مىللىتىنىڭ بىر قىسمى دېيەلمەيدۇ. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ياۋروپانىڭ شەرقى جەنوپ قىسمىغا 500 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، بۈگۈن ئۇ يەرلەرنى ھېچكىم تۈركىيىنىڭ بىر قىسمى دېيىشمەيدىكەنغۇ؟ پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىغىمۇ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى 500 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. شۇنىڭغا قاراپلا ئەرەب دۇنياسىنىمۇ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ياكى تۈركىيىنىڭ بىر قىسمى دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئەمما ھەر قانچە دېگەن بىلەن خىتايلا ۋەتىنىمىزنى بىرەر يۈز يىلدەكلا باشقۇرغان بۆلىشى مۇمكىن. شۇنىڭلىق بىلەنلا ۋەتىنىمىزنى خىتاينىڭ يېرى ئىدى دېيىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز بۇرۇندىن تارتىپلا بىز تارىختىن بۇيان مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشاپ كەلگەن دەپ قارايدۇ.

## ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى قانداق ئۆلگەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ قارىشىڭدا ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، سىلەر خىتاي كومپارتىيىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھازىرقى زامان شىنجاڭ تارىخىغا قانداق قارايسىلەر؟ بۇ ئارىلىقتىكى تارىخنى مۇساپىردىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن قوبۇل قىلىشمايدىكەن. ئەمما بەزى قېرىنداشلارنىڭ دېگىنىدىن بىلىشىمچە ئۇلار ھەممىنى بىراقلا رەت قىلىپمۇ كەتمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن دەسلەپىدە شىنجاڭغا كىرگەن خىتايلار ھەققىدە گەپ بولغاندا ئۇلار خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇ چاغلاردا خېلى يامان ئەمەس دەپ قارىشىدىكەن. ئۇنداقتا، ئومۇمىي يۈزلۈك رەت قىلىنىۋاتقان بىر تارىخ ئىچىدە ئۇ تۈردىكى مۇناسىۋەت قانداق شەكىللەنگەن؟

مۇختەر: ئاتالمىش "ئازادلىق" دېگىنىدىن كېيىن، يەنى 1949-يىلىدىن كېيىن، ئۇ چاغدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى مەركەزگە بېرىپ دۆلەت قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرى قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇ چاغدا بىزدىكى ئىشلارنى تىزگىنلەپ تۇرغانلار يەنىلا سابىق سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئىدى. ئەينى ۋاقىتدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭدىن ئۇدۇل بېيجىڭغا قاراپ ئۇچىمەن دېسە چوقۇم ئۇچالىغان بولاتتى. چۈنكى 1942-يىلى سوڭ مىيلىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىدە چوڭچىڭدىن لەنجۇغا، ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ كېلەلىگەن تۇرسا ئۇلار نېمىشقا بۇ لېنىيە بويىچە ئۇچالمىغىدەك؟ ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى نېمىشقا ئاۋۋال ئالموتىغا ئۇچۇپ، ئاندىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىش يولىنى تاللىۋالىدۇ؟ بۇ بەكلا مەنتىقىسىز بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۆز ۋاقتىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى ئۇ چاغدا خىتاي بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشكە ھەرگىزمۇ رازى ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار بېيجىڭغا بېرىشتىن ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ستالىن بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى ئويلىغان. ئەگەر ئۇلار بۇرۇندىن تارتىپلا خىتاي بىلەن بىرلىشىپ كېتىشكە قوشۇلىدىغان بولۇپ دۆلەت قۇرۇش مەسىلىلىرىنى مەسلىھەتلەشمەكچى بولسا ئىدى، سابىق سوۋېتلار ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ بېيجىڭغا بېرىش لېنىيەسىنى تاللىۋالمىغان بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاۋۋال سوۋېتقا بارغان، 1949-يىلى 22-ئاۋغۇست كۈنى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ ھەممىسى ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئەمما بۇ ھادىسىگە ئۇچرىدى دېگەن گەپلەرگە 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشىلىرىمىز ئىشەنمەيدۇ. ئەينى ۋاقتىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كاتىپى بولغان بىرسى، 1992-يىلى قازاقىستاندا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن نەشرى قىلىنغان قازاقىستاندىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى موسكۋاغا يېتىپ بارغىنىدىن كېيىن ستالىن ئۇلارغا: خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي قوبۇل قىلىشىڭلار كېرەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانىدىن ۋاز كېچىڭلار دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار ستالىننىڭ دېگىنىگە قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن دەپ يازىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يېڭى پارتلىغان ۋاقىتلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتقان غېنى باتۇر دەيدىغان بىر ئۇيغۇر كىشى ئىدى. ئۇ كىشى بىر پولكوۋنىك بولغىنى بىلەن جەڭ قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساۋاتى يوق دېيەرلىك بىرسى ئىدى. بېزىلەر ئەنە شۇ غېنى باتۇر دېگەنگە سەن بىرىنچى پاي ئوقنى ئېتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باشلاتقان كىشى بولغىنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۆلەت قۇرۇش مەسلىھەت يىغىنىغا سەنمۇ بېرىپ قاتناش دەپ مەسلىھەت قىلىشقان. ئەمما ئۇ، ئەگەر مەن بېيجىڭغا بارماقچى بولسام ھەرگىزمۇ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بارماستىن ئىشەكلىك بارغان بولاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرگىزمۇ سوۋېت تەرەپ بىلەن بارمايتتىم، ھەرگىزمۇ سوۋېتلەرنىڭ ئايروپلانىغا چىقمايتتىم دېگەنىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ كىشى سوۋېت ئايروپلانىغا ئىشەنمەمدىكەندۇق؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇلارغا ئىشەنمەيدىكەندۇق.

ۋاڭ لىشيوڭ: نەق بىر دېھقان سەزگۈرلۈكى!

مۇختەر: غېنى باتۇر بىز نېمىشقا ئاۋۋال سوۋېتلەرنىڭ يېنىغا بارىدىكەنمىز دەپ ئويلىغان ئىكەن. دېگەندەك ئۇ چاغدا بارغان بەش كىشىنىڭ ھەممىسىلا قۇربان بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يولغا چىققان ئۇ بەشۇيلەن بەكلا مۇھىم رەھبىرى كىشىلەرمىدى؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۆھبەتكە قاتنىشىدىغان ئاساسلىق كىشى ئەخمەتجان قاسىم ئىدى. ئەخمەتجان قاسىم سوۋېتلەرگە يېقىن بىرسى. يەنە بىرسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بولۇپ، ئۇ كىشى سەيپىدىن ئەزىز بىلەن تۇققانچىلىقى بار، خىتاي كومپارتىيىسىگە يېقىن بىرسى ئىدى. ئاباسوپ ئىككى قېتىم خىتاي خوتۇن ئالغان، شۇنىڭدەك خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەندۇق. يەنە بىرسى ئىساقبەگ مونونوپ دېگەن كىشى بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاڭ ئالىي قوماندانى ئىدى. قالغانلارنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلارنىڭ دەرىجىسى سەيپىدىندىن يوقۇرىمىدى؟

مۇختەر: يۇقىرى. سەيپىدىن دېگەن ئۇ چاغلاردا ئارانلا نازىر دەرىجىلىك بىر كادىر تۇرسا. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىدە مىنىستىرلىق يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا ياپونىيىدىكىدەك نازارەت بار ئىدى. 1992-يىلى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كاتىپى بولغان كىشى يازغان ئۇ ماقالىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىنتايىن مەخپىي بولغان بەزى ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، ئۇ ماتېرىياللارنى پۇلغا سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، قولغا چۈشۈرگەن ماتېرىيالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ موسكۋاغا بارغان رەھبەرلىرى ستالىننىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغاچقا ئۇلارنى تاغارغا سولاپ تونخماقلاپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، يەنى ئۇلار مۇسكۋادىلا ئۆلۈپ بولغانلىقى، ئايروپىلان قازاسى دېگەن ئىشنىڭ يوقلۇقى، شۇنداق بىر ۋەقە ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقى يېزىلغان دەپ كۆرسىتىدۇ. 1998-يىلىمۇ ياكى 2000-يىلىمۇ قانداق ئېسىمدە قالماپتۇ، ئەخمەتجان قاسىمغا كاتىپ بولغان بۇ كىشىنى ئالموتىدا بىرسىلىرى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىم ئۆلگەندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيىسى سەيپىدىننى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىشىدۇ. سەيپىدىن دېگەن بۇ كىشى ئىزچىل تۇردە ئابباسوپ بىلەن بىرگە خىتاي كومپارتىيىسىگە يېقىن تۇرىدىغان كىشىلەردىن ئىكەندۇق. يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەركىبىدە ئۈچ خىل تەرەپ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسى سوۋېتپەرەسلەر، يەنە بىرسى خىتاي كومپارتىيە پەرەسلەر ئىكەن. سوۋېتپەرەستىكلەر كۈچلۈك بولۇپ، خىتاي كومپارتىيىسىنى ھىمايە قىلىدىغان ئاباسوپنىڭ ئابرۇيى ئاۋۇلارنىڭكىدەك يۇقىرى ئەمەس ئىكەندۇق.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش كۈنى بارمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۈچ تەرەپنىڭ قالغان بىرسى قانداق تەرەپتىكى كىشىلەر ئىدى؟

مۇختەر: ئۈچىنچە تەرەپ بولغان كىشىلەر بولسا بىتەرەپ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مىللەتچىلەر ئىدى. ئۇلار ھېچكىمگە يالۋۇرمايمىز دېيىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاينىڭ ھەر ئىككىسى بىلەنمۇ ئالاقە قىلىشمايدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ تەرەپكە تەۋە كىشىلەر ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەردىن تەشكىل تاپقانىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ تەرەپكە تەۋە كىشىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدا ئورنى بارمىدى؟

مۇختەر: بار. جاڭ جىجوڭ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغىنىدا بۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرى بەكلا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى مەسئوت سابىرىنىڭ ئىنىسى ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەسئود دېگىنىڭ جاڭ كەيشى تەرەپتە تۇرىدىغان خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىمى ئەمەسمىدى؟

مۇختەر: ئۇنداق ئەمەس. مەسئۇد، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چىقىشالايدىغان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى رەھىمجان سابىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندىكى بىرسى ئىدى. 1947-يىلى تىنچلىق بىتومغا قول قويغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىم قول قويغان، ئۇلاردىن كېيىن ئۇبۇلخەير تۆرە قول قويغان. بۈگۈنكى كۈندە ئاساسلىق سۆھبەت ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىم ئىدى دەپ تەشۋىق قىلىنىماقتا. ئەمما ئەينى ۋاقىتىدا ئىپلان قىلىنغان ھۆججەتتە بىرىنچى بولۇپ قول قويغان كىشى دەل شۇ رەھىمجان سابىرى ئىدى. ئۇ چاغدىكى تىنچلىق بىتومى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەي قالدى. چۈنكى ئۇلار مۇستەقىللىقتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا جاڭ جىجوڭ قوشۇلماي تۇرۇۋالغان.

بۇ ھەقتە جاڭ جىجوڭ بىر پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ كىتابنى ئوقۇغان ئىدىم. جاڭ جىجوڭ ئۇ كىتاۋىدا بىتومغا قول قويغاندىن كېيىن قەشقەردە بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىندا مۇنداق دەپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى يازىدۇ: ھازىرچە سىلەر مۇستەقىل بولىمىز دېگىنىڭلار بىلەن، بۇنىڭ ئۈچۈن شارائىتىڭلار تېخى پىشىپ يېتىشمىدى. ئەگەر سىلەر بۈگۈن مۇستەقىل بولۇۋالساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇنداق بولغىنىدا، بىزنىڭ خىتاينىڭ چېگراسى سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر تەھدىتى ئاستىدا قالغان بولىدۇ. بىزنىڭ چېگرايىمىز سوۋېتقا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بىز قوبۇل قىلالايدىغان ئەھۋال ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئەگەر سىلەر ھازىر مۇستەقىل بولىمىز دېسەڭلار سىلەرگە ھىندىستانمۇ تەھدىت

قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ دۆلەت بىلەن بولغان چېگرا مەسىلىسىدىمۇ نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت. سىلەر ھىندىستاننىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ تاقابىل تۇرالىغىدەك كۈچۈڭلار يوق. شۇڭا سىلەر ھازىرچە خىتاينىڭ قوينىدا تۇرۇپ تۇرساڭلار، بىز سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمىز، يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بېرىمىز. بىز سىلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان بارلىق تەمىناتلارنى تولۇق بېرىمىز. شۇڭا سىلەرنىڭ مۇستەقىل بولىمىز دەيدىغان تەلىۋىڭلارنى كېيىن ئويلىشىمىز.

مانا بۇ جاڭ جىجوڭنىڭ 1947-يىلى باشلىرىدا قەشقەردە سۆزلىگەن نۇتقى ئىدى.

كېيىن تىنچلىق شەرتنامىسى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. يالتا يىغىنىدا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسىنى سودىلىشىشقا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەسىلىسىگە قول تىقىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ 1946-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ستالىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ئەلىخان تۆرەنى بۇ ھەقتە سۆھبەت ئۆتكۈزەيلى دەپ تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ئالموتىغا ئاپىرىۋېلىپ نازارەت ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئەخمەتجان قاسىم تېخى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر خادىمى ئىدى، شۇندىن كېيىن بىراقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ داھىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىش سوۋېتنىڭ بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. سەيپىدىن ئەزىز يازغان ئۆزىنىڭ تەرجىمەھال كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويغان: "ستالىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشنىڭ ئالدىدا ئەخمەتجان قاتارلىق 11 نەپەر كىشىنى شىنجاڭدا يەرئاستى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئەۋەرتكەن." سەيپىدىن ئىسمىنى ئېيتقان ئۇ كىشى چوقۇم ئەخمەتجان قاسىم بولىشى مۇمكىن. ئەخمەتجان قاسىم سوۋېتتىكى ۋاقتىدا شىڭ شىسەينىڭ مۇستەبىتلىك ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان بىرسى بولۇپ، بۇ ھەقتە ستالىنغا قارىتىپ خەتمۇ يازغان ئىكەن. ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي دېگەن سوۋېت بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، ئەخمەتجاننى كومپارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر دەپ قاراپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭغا: سېنى سىناپدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ، بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن بىرگە شىنجاڭغا مەخپىي پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەنىكەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان كۈنلەردە ئەخمەتجان قاسىم ئەينەكچىلىك قىلىپ يۈرەتتىكەن. كېيىن ئەلىخان تۆرە نازارەت ئاستىغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بىر كېچىدىلا، ئورۇنشتا بىر پايمۇ ئوق ئېتىشقا قاتناشمىغان ئەخمەتجان قاسىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئۆلتۈرۈلگەن خىتاي بەك كۆپ بولغانمىدى؟

مۇختەر: ئەسكەرلەر ئارىسىدا بېزىلەر شۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلغان. دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇن يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتىدا بۇنىڭدەك خاتالىقلاردىن ساقلىنالىشى تەس. ئەمما ئۇنداق ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىياسىتى ئەمەس. ئەينى ۋاقىتىدا ھەتتا خىتايلارنى ئۆلتەرگەن ن ن ن دېگەن بىرسىگە ئۆلۈم جازاسىمۇ بەرگەنىكەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا خىتايلارنى قىرغان دېيىشلەر بۇگۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تەتۈر تەشۋىقاتى. ئەسلىدە ماۋ زېدوڭمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خىتاي

ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېيتقان تۇرۇقلۇق، ھازىرغىچە بۇ ئىنقىلاب خاتىرىلىنىپ باقمىدى. نېمىشقا؟

ۋاڭ لىشيوڭ: قاچاندىن بېرى خاتىرلەنمىدى؟

مۇختەر: مەن تۇغۇلغىنىمدىن بېرى ئۇنداق بىر خاتىرىلەشنىڭ بولۇپ باققانلىقىنى ئاڭلىمىدىم.

## شىنجاڭنىڭ "تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى"

مۇختەر: ئەخمەتجان قاسىم ئىنقىلاب غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىنىدىن كېيىن تونۇشىنى ئۆزگەرتىپ ستالىنىنىڭ پىكىرلىرىگە ئۇنىماس بۆلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. 1949-يىلى سوۋېتقا بېرىپ ستالىن بىلەن مەسلىھەتلەشكىنىدە مۇستەقىل بولۇش مەيدانىغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ستالىنمۇ بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بۆلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى دېگەن بولسىمۇ، كېيىن گېپىدىن يېنىۋېلىپ سوۋېت تەرەپ بەرگەن بارلىق ئوق-دورىلار ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىشقان. ئۇلار بىر تال مىلتىق ئۈچۈن نەچچە قوي، بىر تال ئاپتومات ئۈچۈن نەچچە كالا تەلەپ قىلىشقان. ئەخمەتجان ئۇلاردىن بۇرۇن بىزگە قانداق ۋەدە بەرگەن ئىدىڭلار، بىز شۇنچە كۆپ قۇربان بېرىشىمىزنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمىدى، سىلەرنىڭ دېيىشىڭلارغا ئۇسۇل ئويناپ بېرىش ئۈچۈن شۇنچە قۇربان بەردۇقمۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى.

سەيپىدىن ئەزىز بېيجىڭغا بېرىشتىن ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن قانداق مەخپىي كېلىشىملەر تۈزەشكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ھەتتا تا ھازىرغىچە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئاشكارىلىنىپ باقمىدى. سەيپىدىن بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويغاندۇ بەلكىم. ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايون قوماندانى بولغان تاۋ سىيۆ ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز دەپ چىڭ تۇرغانىكەندۇق. چۈنكى ئۇنىڭ قول ئاستىدا يۈز مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بار ئىدى. تاۋ سىيۆ شىنجاڭنى خىتايدىن ئايرىم قولدا تۇتۇپ تۇرىمىز دەپ پىلان قىلغان ئىكەن. ئەمما بورھان شەھىدى خىتاي كومپارتىيە مەركىزىگە خەت يېزىپ تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. تاۋ سىيۆ ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ ئۆزىدىن بالدۇر ھەرىكەتكە ئۆتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى مەنمۇ شۇنداق قىلمىسام بولمايدىغان بولدى دەپ ئويلىغان. بۇ تارىختىن ھەممى كىشى خەۋەردار. بورھان شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش ھەققىدىكى تېلېگراممىسىنى يوللىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى تاۋ سىيۆ ئاندىن خەۋەر ئىئەرتكەن. ئەگەر بورھان بۇنداق خەۋەرنى بەرمىگەن بولسا، تاۋ سىيۆمۇ ھەرگىز بۇنداق تەسلىمنامە خەۋىرىنى ئىئەرتمەسكەندۇق. چۈنكى تا سىيۆ گومىنداڭغا بەكلا سادىق، بولۇپمۇ جاڭ كەيشىنىمۇ بەكلا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم ئىكەندۇق. ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ.

بورھان شەھىدى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئەمەس بىر تاتار. ھەم شىنجاڭلىقمۇ ئەمەس. ئۇ دېگەن رۇسىيە تەۋەسىدىكى تاتارىستانلىق بىرسى. ئۇ تاتارىستاننىڭ قازاندىكى ئاقسۇ دەيدىغان بىر كىچىك بازىرىدا تۇغۇلغان. كېچىك ۋاقتىدا دادىسى دائىم: بىزنىڭ ئەسلى يۇرتىمىز ئاشۇ يىراقتىكى ئاقسۇ دېگەن يەر ئىدى دەيدىكەندۇق. بورھان 1948-يىلى «تۇغۇلغان يۇرتۇم» دېگەن بىر پارچە ماقالىسىدە ئەنە شۇ ئاقسۇ مەھەللىسىنى كۆزدە تۇتقان ئىكەندۇق. ئۇ ماقالىسىدە ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ يازىدىكەن. بۇرھان شەھىدى سوۋېتلار بىلەن بەكلا يېقىن مۇئامىلە قىلىشاتتىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سەيپىدىن، بورھان ۋە تاۋ سىيۈلەرنىڭ ھەممىسىلا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ "شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش" دەيدىغان قارىشىغا ماقۇل بولۇشقان.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دېگىنىڭلار زادى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بىر ئىنقىلابمۇ ياكى قازاقلارنى ئاساس قىلغان؟

مۇختەر: دەسلىپىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ كېيىن قازاق-ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقان. بۇلارغا تۇڭگانلارمۇ قوشۇلۇپ كەتكەن. مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە مەخسۇس بىر تۇڭگان باتالىيونىمۇ بار ئىدى.

## ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيە قوماندانلىرىنى تازىلاش

مۇختەر: بۇرۇن قېرىلار بىزگە مۇنداق دەپ سۆزلەپ بېرەتتى: ۋاڭ جىن قوشۇن باشلاپ كەلگەن ۋاقىتىدا، ئۈرۈمچىنىڭ داشىزا دوقمۇشىدا خەلققە نۇتۇق سۆزلەپ "تارىختىن بۇيان، بولۇپمۇ مەنچىڭدىن بۇگۈنگىچە مانجۇلار بىلەن خىتايلار شىنجاڭ خەلقىگە ھەرگىزمۇ يۈز كىلەلمەيدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىمىزنى ھەرگىزمۇ تاجاۋۇزچىلىق دەپ قالماڭلار. بىز شىنجاڭدا سوتسىيالىزىم قۇرۇپ بېرىپلا چىقىپ كېتىمىز" دېگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىز چوقۇم قايتىپ كېتىمىز، شىنجاڭنى چوقۇم سىلەرگە تاشلاپ بېرىمىز، بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ يەردە سوتسىيالىزىم قۇرۇپ بېرىش، سوتسىيالىزىم قۇرۇشنى تاماملىغان ھامان ئەسكەرلىرىمىزنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كېتىمىز دەپ يېزىشاتتى. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ دەسلەپكى كۈنلەردىكى تەشۋىقاتلىرى. 1951-يىلىغا كەلگىنىدە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پولك دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى كادىرلىرى خىتايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇرۇشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاپلا، قايتىپ كېتىمىز دېيىشىۋاتقان بۇ كىشىلەر تۇرۇپ قالىدىغان بىڭتۈەن قۇرۇشقا كىرىشكىنى نېمىسى؟ قارىغاندا ئۇلار بۇ يەردىن چىقمايدىغاننى پىلانلىشىۋاتامدۇ قانداق دېيىشىپ، پولكوۋنىك دەرىجىسىدىن يۇقىرى 51 نەپەر ئۈچ ۋىلايەت قوماندانلىرى بىرلىشىپ مەخپىي يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىشىدۇ؟ قانداق قىلىشىمىز كېرەك، بۇلار ئەسلىدە بۇرۇن دېگىنىدەك قايتىپ كېتىمىز دېگىنىدەك ئىش قىلمايۋاتىدۇ. قىلغان ئىشلىرىمۇ بىز ئويلىغاندەك ئىشلاردىن ئەمەس. بۇنىڭغا بىر ئامال قىلمىساق بولمىدى، قانداق

قىلمىشىمىز كېرەك دەپ مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. كېيىن بۇ ئىش پاش بولۇپ قېلىپ يىغىنغا قاتناشقان 51 كىشىنىڭ ھەممىسىنى ھەر تۈرلۈك باھانىلارنى ئويدۇرۇشۇپ قولغا ئېلىپ تۈگىتىشىدۇ. مەسىلەن يىغىنغا چاقىرىش، مەلۇم يەرلەرنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە يولغا سېلىش دېگەندەك چارىلار بىلەن تارقاقلاشتۇرۇپ يوقىتىپ بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ ۋاقىتلاردا مىللىي ئارمىيە ئازادلىق ئارمىيىگە قوشۇۋېتىلمىگەنمىدى؟

مۇختەر: شۇنداق، كىيىم فورمىسىنى ئۆزگەرتمەي بىر تۈتاش باشقۇرىدىغان قىلىپ شىنجاڭ ھەربىي رايون 5-كورپۇسقا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدۇ. كوممۇنىستلار كېلەر كەلمەيلا سوتسىيالىزىم ياخشى، يەر ئىسلاھاتى دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتىشكە باشلاپ، بايلارنىڭ يەرلىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. نۇرغۇنلىغا يېرى يوق كەمبەغەللەر ۋاھ، بۇ پارتىيە بەكلا ئادىل پارتىيە ئىكەن، دېيىشىپ ئۇلارغا قايىل بۆلىشىدۇ. بايلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى تارتىۋېلىپ بىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان بۇنداق ھۆكۈمەتتىنمۇ ياخشى ھۆكۈمەت بارمۇ دېيىشكە باشلايدۇ. نادان خەلقىمىز. ئادەتتىكى پۇقرالار ئۆز مەنپەتىدىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان بولغاچقا، كومپارتىيىنى تېزلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا كومپارتىيە پۇقرانىڭ قەلبىنى بەكلا ئاسان ئوغرىلىيالايدىغان بىر پارتىيە. بايىقىدەك ئەسكەر باشلىقلىرىمىزنى قولغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئەكسىل ئىنقىلابچىلار، جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى، سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنى ئاغدۇرماقچى بولۇشتى، كومپارتىيىگە قارشى تۈردى دەپ ھەدەپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. نۇرغۇنلىغان پۇقرا، كومپارتىيە بىزگە يەر تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇنداق بىر پارتىيىگە قارشى تۇرۇش مۇمكىنمۇ، دېمەك قارشى تۇرغانلار راسلا يامان ئادەملەر ئىكەن دېيىشكە باشلايدۇ. بىر قىسىم گېنېراللار ئامال قىلالماي سوۋېت تەرەپكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سوۋېت تەرەپ ئۇلارنى قوبۇل قىلدىمۇ؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بۇرۇن سوۋېتتا تەربىيىلەنگەن كىشىلەر تۇرسا. ئۇنداقلارغا يەنە كېلىپ خىتاي كومپارتىيىسىمۇ ئاسانلىقچە چېقىلالمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا سوۋېت تەسىرى بەكلا كۈچلۈك ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى كونا بىنالارغا قارىساڭلا كۆرگىلى بولىدۇ، كونا بىنالارنىڭ ھەممىسىلا سوۋېت پاسونىدا سېلىنغان. شۇنداق قىلىپ ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ يېرىمىدەك قىسمى سوۋېتقا چىقىپ كېتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار ئۆزلىرى قېچىپ كەتتىمۇ ياكى بۇ تەرەپ ئۇلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدىمۇ؟

مۇختەر: ھەر ئىككىلا خىلىدىن بار. قولغا ئېلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالغانلاردىن ئۆزى قېچىپ چىقىدىغانلار بولغان. 1952-يىلى شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىتتىپاقى دەيدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتچىلىرى شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپاتتى. كېيىن بۇ تەشكىلات پاش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىشلاردا ئەڭ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەندىن بىرسى يەنە شۇ سەيپىدىن ئەزىز. سەيپىدىن ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ رەئىسى، ھەربىي رايون قوماندانى، ئەڭ چوڭ ئەمەلدار شۇ ئىدى. خىتاي كومپارتىيىسى

ئۇنىڭغا بەكلا قول قويىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كوممۇنىستلارغا ساداقەت بىلەن ئىشلەپ بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەغدىرىنى ئەنە شۇ سەيپىدىن دېگەن ئادەم سېتىۋېتىدۇ. بىزدە 70 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئادەم شۇنداق قارايدۇ. ھەممە كىشى ئۇنى تىللايدۇ.

## بالىلار گەپ ئاڭلىمىسا، ۋاڭ دېگەن جىن كېلىۋاتىدۇ دەپ قورقۇتاتتى

مۇختەر: 1955-يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدا ئاپتونومىيە قۇرۇلدى. شۇ ۋاقىتتا سەيپىدىن بىر ياخشى ئىش قىلغان: مەركەز شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتاشنى پىلانلاشقانىكەن. ئەمما سەيپىدىن ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى قەتئىي قوشۇش كېرەك دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. بۇ ئىشتا سەيپىدىننىڭ مەيدانى مۇستەھكەم ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. مەركەزمۇ ئويلىشىپ كۆرۈپ بۇ گەپكە قوشۇلغان. ئاپتونومىيە قۇرۇلۇش جەريانىدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى بىر قىسىم قوماندانلار بىلەن بەزى زىيالىيلار بەكلا نارازى بولۇشقان. شۇڭا مەركەز نۇرغۇنلىغان زىيالىيلىرىمىزنى قولغا ئالىدۇ. ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانچىلار پايدىلىنىپ كەتتى دەپ قولغا ئالغان ئىكەن. ۋاڭ جىنمۇ سوتسىيالىزىم قۇرىمىز، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ نۇرغۇنلىغان دىنى زاتلارنى تۇتۇپ كەتكەن. ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، ۋاڭ جىن ھەر تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن شىنجاڭدا 60 مىڭدىن ئارتۇق زىيالىي بىلەن دىنى زاتلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغان. شۇڭا، 80-يىللارغا كەلگۈچە ئەگەر ئۇششاق بالىلار گەپ ئاڭلىماي تۇرۇۋالسا ۋاڭ جىن كېلىۋاتىدۇ دېگەن ھامات يىغىسىدىن توختاپ قالاتتى دەيدىغان گەپلەر ئېقىپ يۈرگەن. "ۋاڭ دېگەن جىن كېلىۋاتىدۇ" – بۇ گەپ ئادەتتىكى بىر قورقۇتۇش گېپىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، جىن كېلىۋاتىدۇ دېگەن گەپكە ئوخشاش قورقىدىغان بولۇپ كېتىشكەن. بالىلار ۋاڭ جىن دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، چوڭلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىكەن. ئۇ، زىيالىيلار بىلەن دىنى زاتلارنى تۇتۇپ سولاپ جايلىۋەتسىلا بۇ مىللەت ئۈچۈن گېپىنى قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ دەپ ئويلاپ بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقان.

80-يىللارغا كەلگىنىدە، شىنجاڭدا ماقالە-كىتاپ يازالايدىغان كىشىلەر بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفىسسورلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز ۋاقتىدا تۈرمىگە قامالغان كىشىلەر بولۇپ، 1978، 1979-يىللىرى تۈرمىدىن چىققان زىيالىيلاردىن ئىدى. 1958-يىلقى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىمۇ نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنى تۇتۇپ قامىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1978-يىلى تىرىك تۈرمىدىن چىققانلارنىڭ سانى ئۈچتە بىرىگىمۇ يەتمەيتتى. ئۇلار تۈرمىدە ئون-يىگىرمە يىللاپ، ھەتتا بەزىلىرى 25-30 يىلدەك ئۇزۇن ۋاقىت قامالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈرمىدىلا ئۆلۈپ تۈگىگەن بولۇپ، ساق چىقالىغانلىرىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيلا ئۆلۈپ تۈگىدى.

1961-، 1962-يىللىرى شيۈجېڭجۈيىچىلارغا قارشى تۇرىمىز دەپ، سوۋېتتا ئوقۇپ كەلگەن ياكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىنى سوۋېت بىلەن ئالاقەڭلەر بار دەپ يىغىپ قولغا ئېلىشىدۇ. ئۇلارغا سوۋېت بىلەن خەت ئالاقىسى بار دېگەن گۇناھنى ئارتىشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇسلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتچىلەر بولۇپ، ستالىن

ئىشەرتكەن كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرەپتىكى قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى قازاقىستاندىكى قازاقلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان كېلىدۇ. ئۇلار سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتلەر ياخشى ۋاقىتلاردا بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇراتتىكەن. مۇناسىۋەت بۇزۇلۇشى بىلەن تەڭ، سوۋېت شىۋجېڭجۇيىچىلىرىغا قارشى تۇرىمىز دېيىشىپ بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ قامىۋېتىشىدۇ. نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارمۇ قولغا ئېلىنغان. چۈنكى شىنجاڭدىكى زىيالىيلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپ قىسمى سوۋېتتا ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنى سىلەر سوۋېتتا ئوقۇۋاتقىنىڭلاردا ك گ ب غا قېتىلغانسىلەر دەپ قولغا ئېلىشقان. يەنى دېمەكچىمەنكى، خىتاي كومپارتىيىسى كەلگەندىن كېيىن ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن زىيالىيلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي قولغا ئالىدۇ. ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، شىۋجىڭجۇيىچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە دىنى زاتلارمۇ قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىگە يول قويۇلمىغان.

## كونا كىتاپ-ماتېرىياللارر بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەر پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلدى

مۇختەر: 1966-يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇلار شىنجاڭنىڭ بارلىق دەرسلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. چۈنكى، خىتاي كومپارتىيىسى شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىتىدىن تارتىپ تا 1962-يىلىغا كەلگۈچە بىز ئۆزبەكىستاندا نەشرى قىلىنغان دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇيتتۇق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۆزبەكىستاندىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتەمدۇ؟

مۇختەر: بىز ئۆزبېكلەر بىلەن بەلكىم يۈزنىڭ ئىچىدە بىرەر ئاتالغۇنى بىلىشەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. ھەتتا بىلەلمەيدىغىنىمىزنى يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز بىلەن مىللىي ئادەتلىرىمىز، كۆرۈنۈشلىرىمىز، گەپ قىلىشلىرىمىز ئوپ-ئوخشاش. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى ئەكېلىپ ئىشلىتەتتۇق. 1908-يىللىرىدىكى تاتارىستان (يەنى شۇ بورھان شەھىدىنىڭ يۇرتى) دا ئىشلىتىلگەن ماتېماتىكا كىتابلىرىنى مەنمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلىگەن ئىدىم. بىز تاتارچە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئاتالغۇلىرىدىن 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى چۈشىنەلەيمىزكەن. 1962-يىلى يېزىقىمىزنى يېڭى يېزىققا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن كونا كىتابلار، قەدىمكى ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرگەندۇ؟

مۇختەر: بىزدە 1962-يىلىسىلا باشلانغان، شۇجۇڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، شۇجۇڭجۇيىچىلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش دەپ كۆيدۈرگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ ئىش تازا ئەۋجىگە چىققان. ئۇلار ھەتتا قۇرئان كەرىمنىمۇ كۆيدۈرۈشتى! ئۇ ۋاقىتلاردا بىر قىسىم ياش ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ بۇ ئىشلارغا قېتىلىپ بەرگەن، خالاپ قاتناشقانلارمۇ بولغان. بۇنداق ياشلار ماۋزېدۇڭغا چىن قەلبىدىن ئېتىقاد قىلىدىغان ئىكەندۇق. ياشلارنىڭ يېرىمىدەكى، ھېچ بولمىغاندا يۈزدە قىرىقى ماۋزېدۇڭغا چىن قەلبىدىن چوقۇناتتىكەن. ئۇلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا خالاپ تۇرۇپ قاتناشقانىكەن. شۇڭا ئۇلار

قۇرئاننىمۇ كۆيدۈرۈشكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولغان ئۇ ئون يىل ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭدىن چەتتە قالالمايتتى. ئۇ چاغلاردا ھېچ كىم دىن توغرىلىق بىر نېمە دېيىشەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنداق كىتابلارنىمۇ زادىلا كۆرمەيتتى. ئۇنداق كىتابلار ئۇچرىغان ھامات كۆيدۈرىشەتتىكەن. شۇنىڭدەك يەنە قېدىمدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئەدەبىي، ماتېماتىك ياكى تارىخ ھەققىدىكى كىتابلارنىمۇ چاتىقى يوڭ قاراپمۇ قويۇشماي كۆيدۈرۈشكەن. ئۇلار يېڭى يېزىقتا ساۋات چىقارغان ياشلاردە. شۇڭا كونا نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى فيودالىزىمنىڭ قالدۇرغان نەرسىلىرى، بىزگە كېرىكى يوق دېيىشىپ كۆيدۈرەتتىكەن. بۈگۈنكى كۈندە قېدىمى ئەسىر-ماتېرىياللارنىڭ قىسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن كەلگەن. ھەممىنى يىغىپ كۆيدۈرۈپ بولغانىكەن.

1957-يىلى شىنجاڭدا ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ جىن تۇتقان يولى ياخشى بولمىغانچقا مەركەز ئۇنى شىنجاڭدىن يۆتكىۋەتكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايدىغان تەرەپ بولسا، يەنە بىرسى ئىمىنوپنى قوغدايدىغان تەرەپ ئىكەن. ئىمىنوپ دېگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گېنېرال لېيتىناتلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1955-يىلى گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلگەن، ئۇنىڭغا بۇ ئۇنۋاننى ماۋ زەيدوڭ بەرگەنىكەن. ئىمىنوپ جەنۇبى شىنجاڭ ھەربىي رايون قوماندانى ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق بازىسى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى ئىكەن. ئۇنى قوغدايدىغانلارنىڭ ھەممىسى زىيالىيلار بولۇپ، ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايدىغانلار بولسا دېھقانلار بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ئىكەندۇق.

## ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايمەن دەپ ياردارلانغان ئۇيغۇر

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ ۋاقىتلاردا ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايمەن دەيدىغان ئۇيغۇرلارمۇ بارمىدى؟

مۇختەر: بولمامدىغان، مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىمدىلا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايمەن دەيدىغان تەرەپتە تۇرغان بىر تونۇشۇم بار. ئۇ تېخى ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايمەن دەپ ئەلەم كۈرىشكە قاتنىشىپ ئوق تېگىپ ياردار بولغان بىرسى. ئۇ ھازىر خىتاي كومپارتىيىسىگە جان-جەھلى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرىدۇ. ئاغزىدىن شالۋاقلىرى ئاققىچە تىنماي ۋاتىلداپ توختىمايدۇ. بەكلا قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلەيدۇ، بىرەر كىلومېتىر يىراقتىنمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بۈگۈنگە كەلگەندە نېمانچە تولا ۋالاقشىيسەن، ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايمەن دەپ بىز تەرەپنىڭ ئاتقان ئوقىنى بەدىنىڭ بىلەن توسۇۋالغان بىرسى سەن ئەمەسمىدىڭ، شۇڭا چىدا ئەمدى. بۇ كۈنلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلاردىن بىرسى سەن بولىسەن دەيتتىم. ئۇ ماڭا، سىلەر ياشلار ئۇ كۈنلەرنى بېشىڭلاردىن ئۆتكۈزمىدىڭلار، بىلمەيسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا ۋاڭ ئىنماۋنى قوغدايدىغان تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىمىنوپنى قوغدايدىغانلارنىڭكىدىن بەكلا كۈچلۈك، ئۇنى قوغدايدىغان تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئىشچى-دېھقانلار، يەنە بىڭتۇەنلىكلەرمۇ بار. خىتايلارنىڭ كۆپى ئۇنى قوغدايدىغان تەرەپتە تۇرسا دەيتتى.

شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئاساسلىقى شۇنداق ئىككى تەرەپ بولغانىكەن. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىممونىپنى قوغدايدىغان تەرەپ بۆلىۋالغان بولسا، خىتاي زىيالىيلىرى بىلەن بىر قىسىم ئىشچى-دېھقانلار ۋاڭ ئىنماۋنى قوللايدىغان تەرەپتە ئىكەندۇق. ۋاڭ ئىنماۋنىڭ بىگىتۋەندىكى ئىناۋىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەن. چۈنكى ئۇ ۋاڭ جىن بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن ئادەم ئىكەندۇق. بىگىتۋەنلىكلەر ۋاڭ جىننى بەكلا سېغىنىشىدۇ. ۋاڭ جىن بار ۋاقتىدا بىگىتۋەنلىكلەر خالىغانچە بېرىپ بىرەر ئاخۇننى ياكى بىرەر ئادەمنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىۋېتەلەركەندۇق. بۇنىڭغا ۋاڭ جىن غىڭ قىلماسكەن. ھەتتا ئۇلارنى ماختايدىكەندۇق. ئەمما ۋاڭ جىن كېتىشى بىلەن ئۇلار ئولتۇرالمايلا قىلىشقان.

شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە مىللىلاردا يەنىلا مىللىي ھېسسىياتلار بار ئىكەندۇق. شۇنداقتىمۇ شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىمۇ خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئەھۋالى ياخشى ئىدى. كۇرەش قىلىشلارمۇ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكىدەك بەك قاتتىق ئەمەسكەندۇق. شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار ئىچىدە بىگىتۋەنلىكلەر بەكلا كۆپ سالماقتا ئىكەندۇق. يەرلىكلەرنىڭ يۈزدە سەكسەندەك قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار بىلەن ئىشچىلار، تەڭ يېرىم مەمۇرى خىزمەتچىلەر ئاساسەن بىتەرەپ تۇرۇۋېلىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ كەتمىگەن. ئەمما ياشلار يەنىلا ماۋزېدوڭغا بەكىرەك چوقۇنارىكەن. شۇڭا ئۇلار پىيادە بېرىپ ماۋزېدوڭنى كۆرىمىز دەپ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. بېزىلەر يولغا چىقىپ بىرەر يۈز كىلومېتىر ماڭمايلا يەرلىكلەر بېرىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكەنىكەن. بېيجىڭ دېگەن بەكلا يىراق يەر، مېڭىپ يېتىپ بارالمايسىلەر، شۇڭا بۇ يەردە ياخشى ئىشلىسەڭلار، تەنقىتلەش-كۇرەش قىلىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشساڭلار، سىلەرنى ۋەكىل قىلىپ بېيجىڭغا ئەۋەرتىمىز دېيىشكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ياشلار تېخىمۇ ئاكتىپلىشىپ كەتكەن. ماۋ زەيدوڭنى كۆرۈش ئۈچۈن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ياخشى قانات يايدۇرساق بولىدىكەن، تەنقىتلەش-كۇرەش قىلىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشساق بولىدىكەن دېيىشىپ، قانچىكى كۆپ ئادەمنى تارتىپ چىقىرالىسا شۇنچە ئاكتىپ ئىشلىگەن بولىمىز دەپ ئويلاشقان. ئۇلار شۇندىن كېيىن قارىغۇلارچە ھەرىكەتكە قاتنىشىپ كەتكەن. شۇ ياشلار ھازىر 50-60 ياشلىق كىشىلەر بولۇپ قالدى. ئۇلار ھازىر ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈنلا ئىشلىمەكتە.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېمەكچى بولغىنىڭ، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىنى ئېڭى تۆۋەن دېمەكچىمۇ؟

مۇختەر: بەكلا تۆۋەن. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئەمەل تۇتىۋاتقانلار ئاساسەن ئەنە شۇ تۈركۈمدىكى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىكى چىرىكلىشىش بەكلا ئېغىر. ياشلىق دەۋرىدە ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بۇ كىشىلەر ئېچىۋېتىش-ئىسلاھات دەۋرىدە ھەممىنى كۆردى. ھەممىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇلار بايلىق قانچىكى كۆپ بولسا ھەممىگە كۈچۈم يېتىدۇ، پۇل بولمىسا قولدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن دېيىشىپ بايلىق يىغماقتا. ئۇ دەۋرنىڭ ئايالىرىمۇ ھازىر بالىلىرىنى ئەخلاقى ۋە دىنى جەھەتلەردە پەقەتلا ياخشى تەربىيىلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالغان دىنى تەربىيىسىمۇ بەكلا زەيىپ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ چاغلاردا ياشلاردىن باشقا چوڭلاردا ماۋغا ئىشىنىدىغانلاردىن يوقمىدى؟

مۇختەر: چوڭلاردىنمۇ بار. بولۇپمۇ دېهقانلار ئارىسىدا بۇنداقلار خېلى بار. ئەمما ئۇلار 58-يىلدىن كېيىن كومۇنادا نومۇرغا ئىشلەيتتىكەن. شۇنچە ئىشلىسىمۇ ئالىدىغان نومۇرىنىڭ تايىنى يوق، قۇرسىقىنىمۇ تويغۇزالمىغان، ئۇ چاغلاردا يەنىلا شۇ يېزا باشلىقلىرى، ناھىيە ھاكىملىرىنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئىكەندۇق. ئۇلار ئەتىگەن قاقسەھەردە: ئىشقا چىقىڭلار، چاققان مېڭىڭلار دەپ ۋارقىرىشاتتىكەن. بىچارە دېهقانلار قاراڭغۇ چۈشكىچە ئىشلەيدىغان بولغاچقا ماۋدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشكەنىكەن.

## قۇربان تۇلۇم قوغۇنىنىڭ سېسىيدىغانلىقىنى بىلمەسمىدى؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئو ۋاقىتلاردا راستىنىلا قۇربان تۇلۇم دەيدىغان بىرسى ئۆتكەنمۇ؟

مۇختەر: راست شۇنداق بىرسى بولغانىكەن. قۇربان تۇلۇم كېرىيىلىك بىرسى بولۇپ، ماۋ زەيدوڭنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ ئىشىكىنى مىنىپ خوتەنگە قاراپ ماڭغان بولسا كېرەك. بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن ئۇ ۋاقىتلاردا چوقۇم خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى دېگەندەك شەھەرلەر ئارقىلىق مېڭىشقا توغرا كېلەتتى-دە. ئەمما ئۇنىڭ خوتەنگىچە كېلىپ-كەلمىگەنلىكىنىمۇ ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ. بەك بولۇپ كەتسە بۇگۈنكى خوتەن شەھىرىگە قەدەر كەلگەندۇ ھەرقاچان. بۇ يولمۇ ئاز ئەمەس، 170 كىلومېتىردەك بارغۇ دەيمەن. بەلكىم يول بۇيى مەن ماۋ زەيدوڭنى كۆرگىلى ماڭدىم دەپ سۆزلەپ ماڭسا كېرەك، شۇ ئەسنادا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسىغا ئۇچراشقانمىش. نەگە ماڭدىڭ دەپ سورىسا ماۋجۇشىنى كۆرگىلى دېگەنمىكىن. ۋالىي ئۇنىڭغا بېيجىڭ دېگەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان بەك يىراق يەر، سەن بۇ بىرلا ئېشەك بىلەن يېتىپ بارالماسسەنمىكىن، مېنىڭچە يېنىڭغا يەنە بىر نەچچە زاپاس ئېشەك ئېلىۋالغىن، بەلكىم يولدا نەچچىسى ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ھەي، مېنىڭچە سەن بارالماسسەنمىكىن، ئەگەر سەن ياخشى ئىشلەپ نەمونىچى بولساڭ، بىز سېنى خەلق ۋەكىلى سايلاپ ئاكتىپلار قاتارىدا بېيجىڭغا ئىۋەرتەيلى، شۇنداق قىلساڭ چوقۇم ماۋ جۇشىنى كۆرەلەيسەن دېگەنمىش. ئۇ قېرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىشىنى چىشلەپ نەچچە يىل ئىشلىسە كېرەك، ... ئەسلىدە ئەينى ۋاقىتىدا سىياسىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈنمۇ ئەسلىدىلا بىرەر ئۈلگە تىكلەش لازىم ئىدى. 57-يىلىمۇ ياكى 58-يىلى، ئۇنى خەلق ۋەكىلى قىلىپمۇ ياكى ئەمگەك نەمونىچىسى قىلىپمۇ ئەيتەۋىر بېيجىڭغا ئىۋەرتىشكەن. شۇنداق، ئۇ راسلا بولغان بىر ئىش. ئەمما ئۇنىڭ ئىشەكلىك يېنىغا قوغۇن ئېلىپ بېيجىڭغا ماڭغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر چوقۇم يالغان. نەدىمۇ بېيجىڭغا ئىشەكتە قوغۇن ئاپارغىلى بولىدىغان ئىش باركەن؟ يولدا ئۇسسىسام يەرمەن دەپ قوغۇن ئېلىۋالغاندۇ ھەرقاچان. بۇ قوغۇننى نېمە قىلىسەن دەپ سورىغانلارغا بەلكىم چاقچاق قىلىپ ماۋغا ئاپىرىمەن دېگەن بولغىيدى. بولمىسا قوغۇن دېگەن بىرەر ئايغا قالماي بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەسمىدى. مېنىڭچە بۇ بىر چاقچاق. كېيىن ئۇنىڭ رەسىملىرىدە راست قوغۇنىمۇ بار ئىدى. ئەسلىدە ئۇمۇ بىر يالغانچىلىق. بېيجىڭدا ماۋ ئۇنى قوبۇل قىلغان، بىللە رەسىمگىمۇ چۈشكەن. ماۋ ئۇنىڭدىن نېمە تەلىۋىڭ بار دەپ سورىغاندا، "كەنتىمىزگە بىر تەرەكتور، ئازراق رەخت لازىم" دېگەنمىش. ماۋ زەيدوڭ ئۇنىڭغا راستىنىلا بىر تەرەكتور بىلەن بىر ماشىنا رەخ تەستىقلاپ بەرگەنىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەن.

بەزى قېرى كىشىلەرنىڭ بۇرۇن بەكلا نامرات، قۇرسىقىنىمۇ تويغۇزالمىغانلىقى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ هۇرۇنلۇقىدىن بولغان. شۇڭا ئۇنداقلار ھەقىقەتەنمۇ ماۋغا چوقۇنىدۇ. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقىنىدا يەنە شۇ ئۆز ۋاقتىدا باي- پومىشچىك، دەپ قالپاق كەيگۈزۈلگەنلەر، تۇرمىدە ياتقانلار، ئۇنداقلارنىڭ بالا-چاقىلىرى بىر ئامالللارنى قىلىپ تىرىشىپ يۈرۈپ ئەڭ ئاۋۋال كۆتۈرۈلۈپ بېيىپ كېتىشتى. ئۇ چاغدىكى نامراتلار بايلارنىڭ يېرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ تا ھازىرغىچە نامراتلىقتىن باش كۆتۈرەلمەي يۈرىدۇ.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولغىنىمۇ راست. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا خىتايلار ئاز بولغاچقا بىزگە بىر نىمىمۇ دېيەلمەيدىغان ۋاقىتلار ئىدى. 1956-يىلى شىنجاڭدىكى خىتاي سانى 150 مىڭدەكلا ئىدى. بۇ سانىنىڭ 100 مىڭدەك قىسمى ئەسكەر ئىدى. قالغان 50 مىڭدەك خىتايلار ئاساسلىقى تىجارەتچى، ياكى بولمىسا ھەربىلەر ئائىلىسى، يەرلىكتە ئەمەلدار دېگەندەكلەر ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرچىنىمۇ ئۆگىنىشكە مەجبۇر ئىدى. ماۋ زەيدوڭ بۇنىڭغا مەجبۇرلىغان ئىدى. تۇرمىدە بىرگە ياتقان چىن بىزگە دېمىگەنمىدى، 1953-يىلى شاڭخەيدىن كەلگەن ۋاقتىدا كورلىدا خىتاي مەكتىپى بولغىنى بىلەن ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتىلەتتىكەن. ئۇ چاغلاردا خىتاي باللىرى چوقۇم ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر ئىكەندۇق. ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردىمۇ خىتايچىغا زورلىماسكەندۇق. ئۇ يىللىرى ماۋ زەيدوڭمۇ چوڭ خىتايچىلىقلا بولمىسا مىللىي بۆلگۈنچىلىكمۇ بولمايدۇ دەپتىكەن.

شۇڭا ئۇ چاغلاردا يەرلىك مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان نۇرغۇن تۈزۈملەرنى چىقىرىشقانىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردىكى كادىرلار بىلەن خىتايلار يەرلىك مىللەتلەرگە ئاز-تولا ھۆرمەت قىلاركەندۇق. ئەمما خىتاي سانىنىڭ كۆپىيىشىگە، كەلگىنىدىلەرنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، 1951-يىلىدىن 1954-يىلى بىر قېتىم، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، يەنى 1962-يىلىدىن 1978 يىلىغىچە يەنە بىر قېتىم كۆچمەنلەر ئېقىنى دولقۇنى پەيدا بولغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: 1951-1954-يىللار ئارىسىدا ئاساسلىقى ھەربىلەر بىلەن كادىرلار كۆپ كەلگەنغۇ دەيمەن؟

مۇختەر: يەنە بىڭتۈەنمۇ بار. ئۇنىڭدىن كېيىن شاڭخەيلىك زىيالىي ياشلار كەلگىلى تۇرغان. ھېلىقى تۇرمىدىشىمىز چىننىڭ دادىسىمۇ شاڭخەيدىن مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپلا زىيالىي ياش بولۇپ كەلگەنلەردىن. بەكلا كۆپ كەلگەن. دېھقانلار، ئىشچىلار، ھەممە تۈردىكى ئادەملەر بولغان كەلگەنلەر ئىچىدە. ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ زىيالىيلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىشكەن. بىڭتۈەننىڭ دائىرىسىنى تىنماي كېڭەيتىشكەن. ئۇ چاغدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن ئالمىغان بويتاقلار بولغاچقا، ھەممىسى ھېجىقىزلىشىپ كېتەيلا دەپ قالغان. ئۇ يىللىرى خىتايدىكى بارلىق پاھىشىخانىلار تاقىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئۇ يەردىن چىققان پاھىشىلەرنى مەكتەپتىكى زىيالىي ياشلار دەپ نام بېرىپ بۇ ياققا توشۇپ كېلىپ ھەربىلەرگە چېتىپ بەرگەن. ھازىر بۇ تەرەپلەردە تېنىنى سېتىپ يۈرىدىغان ئايالالارنىڭ كۆپىنچىسى بىڭتۈەنلىك. بىڭتۈەنلىك ئايالالار ئىشسىز قالغىنىدىن كېيىن تېنىنى سېتىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئانىلىرى پاھىشە بولۇپ

كۆن ئالغانلاردىن بولغاچقا، "نېمە بولاتتى، ئانامنۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر پاھىشە ئىكەندۇققۇ، نومۇس قىلمايلى، بۇمۇ بىر خىل كەسىپ!" دېيىشىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتمەكتە.

## ياشانغان ئۇيغۇرلار دورايدىغان چاڭچىلە

مۇختەر: 61 مۇ ياكى 62-يىلى بولغانمۇ قانداق ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، شۇ "تەبىئىي ئاپەت" دېگەن ھادىسە ھېچقاچان تەبىئىي ئاپەت ئەمەس ئىدى، ئۇنداق دېگىنى پۈتۈنلەي يالغانچىلىق. ئۇلار ئۇ چاغدا سوۋېتقا قەرز تۆلەيمىز دەپ شىنجاڭدىن بەكلا كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى. گەنسۇ، چىڭخەيلەردە بىر قەدەر ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈزبەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىندۇ، ئەمما شىنجاڭدا ئۇنداق ئىش يوق ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى بەكلا ياخشى ئىدى. شۇڭا زور تۈركۈملەپ گەنسۇ-چىڭخەيلىك ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋالغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا خەل ئامىسى ئارىسىدا مۇنداق بىر چاڭچىلە ناخشىسىنى دورىشىپ يۈرەتتىكەن: 60-يىللاردا گەنسۇ-چىڭخەي تەبىئىي ئاپىتىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلمىدىڭلارمۇ، ھاڭ-ھاڭ-ھاڭ، ... ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر بوۋايلىرى بىرەر خىتاينى كۆرسىلا سورايدىكەن: سەن نەدىن كەلدىڭ؟ گەنسۇدىن كەلدىم دەيدىكەن جاۋابەن خىتاي. شۇنداق. 60-يىللاردا گەنسۇ-چىڭخەيدىكى ئاچارچىلىق ئاپىتىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىشمىدىڭمۇ ھاڭ-ھاڭ-ھاڭ، ... شۇنداقىراق بىر نوتىدىكى چاڭچىلەنى دوراپ ئېيتىشاتتىكەن.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە خىتايدىن زىيالىي ياشلار كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ھەربىيلەرنىڭ باشلىقى 2-توپچىلار قوماندانى بولۇپ، شىنجاڭغا كېلىپ ھەربىي رايون قوماندانى، يەنە ئىنقىلابى كومۇتىت رەئىسى بولىۋالغان. ئۇمۇ گەنسۇ، سەنشى ئېتىراپىدىن بىرمۇنچە ئادەم كەلتۈرۈپ يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسغا ئۆزگەرتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەرىكىتىمۇ قاتتىق ئېلىپ بېرىلغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقان ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ نوپۇسىمۇ ئۆزگىرىپ خىتاي نوپۇسى يۈزدە ئوتتۇزلارغا كۆپىيىۋالدى.

## مەسچىتلەرنى توڭگۇز قوتىنىغا ئايلاندۇرغان

مۇختەر: مەن بايام دېگىنىمدەك، ئۇيغۇر قېرىلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن ياخشى ئۆتەلىگەنلىكىدىكى سەۋەب، ئۇ چاغلاردا خىتايلارنى ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشكە، يەرلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۇرەتتىكەن. ئۇ ۋاقىتنىڭ خىتايلىرىمۇ بۇنىڭغا بەكلا دىققەت قىلاركەن. ئۇ ۋاقىتلاردا بىرەر ئۇيغۇر بېرىپ رەھبەرلىككە پالانى خىتاي بىزنىڭ ئۆرپە-ئادەتلىرىمىزگە ھۆرمەت قىلمايۋاتىدۇ دېسە، مەسىلەن قوشنىمىز بىر توڭگۇز بېقىشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ پۇرىقىغا كۆنەلمەيۋاتىمىز دېسە،

رەھبەرلىكمۇ دەرھال ئۇ خىتايغا توڭگۇز بېقىشنى توختىتات دەپ بۇيرۇق قىلاتتىكەن. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا كەلگەندە ئۇلار بىزلەرنىمۇ مەجبۇرىلاپ توڭگۇز باقتۇرۇشقا بۇيرۇيدىغان بولۇپ ئۆزگەردى.

ۋاڭ لىشيوڭ: چۈنكى ماۋ زېدوڭ توڭگۇز بېقىڭلار دەپ چاقىرىق قىلغان-دە.

مۇختەر: ئۇ يىللىرىدىكى زىيالىيلار بولامدۇ، ھوقۇقدارلار بولامدۇ ھەممىسىنى توڭگۇز بېقىشقا زورلىغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇيغۇرلارنىمۇ زورلىغانمىدى؟

مۇختەر: زورلىماي قالامدۇ. ئۇ چاغلاردا توڭگۇز بېقىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئۆلچەم بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا بەكلا ئاز ئادەم نارازىلىق كۆرسىتەلىگەن. ئۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ماۋغا چوقۇنۇش ھېسسىياتى خېلىلا ئېغىر ئىدى. ياكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ بىلمىدىم، ھەممە كىشى قورقاتتىكەن. خالىغىنىچە بىرەر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماس ئىكەندۇق. مەسىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە سەيپىدىن ئەزىز ئىسكىلاتتىكى قورالللارنى چىقىرىپ ئۇيغۇر مىنبىگىلىرىغا تارقاتقۇزىۋەتكەنىكەن. ئەگەر ئۇ يىللىرى يۈزدە يىگىرمە ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭ دېگەن ئۇقۇم بولغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى قالايماقانچىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىمەن دېگەن بولسىمۇ شارائىتى بار ئىكەندۇق. ئەمما ئۇلار بۇنىمۇ قىلمىغان، ئەكسىچە قاراقويۇقلا بېرىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشكەن. كېيىن بىرسى سەيپىدىننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇيغۇرلار سىزنىڭدىن بەكلا نارازى دېگەن. يەنى سەن بىزنى سېتىۋەتتىڭ دېمەكچى. سەيپىدىن ئۇ كىشىگە: مەن ئىسكىلاتتىكى مىلتىق-ئوق-دورىلارنى چىقىرىپ ئۇلارغا تارقىتىپ بەردىم، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق قىلماقچىكەنمەن دەپ جاۋاب بەرگەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇ ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتەرسەڭلار بولاتتى دېگىنىمۇ؟

مۇختەر: ئەمما ئۇ چاغدا قوزغۇلاڭ كۆتۈرۈڭلار دېمىگەنىكەن. ئۇ كۆنلەردىكى مىنبىگىلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئىدىيە جەھەتتە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بېرىلىپ كەتكەن ياشلار تۇرسا، خىتاي ئارمىيىسىگە قورال تەڭلىيەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ دەل ئەكسىچە ئۇلار قۇرالىنى ئۆز پۇخراسىغا قارىتىپ يۈرگەن!

ۋاڭ لىشيوڭ: مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مەسچىتلەر چېقىۋېتىلگەنمۇ ياكى ئىسكىلات دېگەندەك ئىشلارغا ئىشلىتىلگەنمۇ؟

مۇختەر: ئىسكىلات قىلىنغانلىرىمۇ، توڭگۇز قوتىنىغا ئايلاندۇرۇلغانلىرىمۇ بولغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ يەرلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدىمۇ؟

مۇختەر: ئەسلىگە قايتۇرۇلدى. ئاخۇنلارمۇ تالىپ يېتىشتۈرۈشكە، قۇرئان ئۆگىتىشكە كىرىشكەن.

## ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى خىتايدىكىدىن بالدۇر قوزغالغان

مۇختەر: سەكسەنىنچى يىللارغا كەلگەندە تۈرمىلەردە ساق قالغان زىيالىيلار قاماقتىن بوشىتىلىشقا باشلىنىدۇ. ئۇلار قاماقتىن چىقار-چىقماي تىلىمىزنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە بولۇش سۈرئىتى بەكلا تېزلىشىپ كېتىپتۇ دېيىشتى. 62-يىلقى يېڭى يېزىق خىتاي تىزما ھەرپلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىقىرىلغان بىر خىل يېزىق بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ئاتالغۇلارنى خىتايچىدىن بىۋاسىتە قۇراشتۇرۇپ قوبۇل قىلىناتتى.

مەسىلەن "گوۋۇيۈەن"، "زۇڭلى"، "لۇشيەن" دېگەندەك. مانا بۇلار يېڭى يېزىقنىڭ تەسىرىدىن بولغان. ئۇ ۋاقىتلاردا بىرەر يېڭى مەھسۇلات ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەڭ خىتايچە ئوقۇلۇشى بويىچە قوبۇل قىلىناتتى. شۇنداق قىلىپ خىتايچە ئاتالغۇلار كۆنسايىن كۆپىيىشكە باشلاپ، تىلىمىزنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا ئىدى. تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەن ئۇ كونا زىيالىيلىرىمىز تۈرمىدىن چىققان ۋاقىتلىرى خىتايلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى توختاتقان، ھەممە بەس-بەستە سايراش يولغا قويۇلغان ۋاقىتلار ئىدى. ئۇ پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز ئەڭ ئاۋۋال كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىش باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مىللىي تىلىمىز بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداپ قېلىش ئىدى.

بۇگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ياشلار يەنىلا شۇ يېڭى يېزىق ياخشى ئىكەندۇق، كومپيۇتېرغىمۇ بەكلا ماس كېلەركەندۇق، ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكىمۇ بەكلا قۇلاي ئىكەندۇق دېيىشمەكتە. ئەمما سەن يېڭى يېزىقنى بىلمىسەڭمۇ ئوخشاشلا ئەنگلىزچە گۈزەلەيسەنغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىش تۇرسا. 80-يىلىدىن باشلاپ، قاماقتىن چىققان ئۇ پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز، ئەدەبىياتچىلىرىمىز تارىخ ياكى تارىخى رومان كىتابلارنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ رومان يېزىشقا كىرىشىدۇ. نەتىجىدە مىللەتلەر ئىچىدە مىللىي ئاڭ-تۇيغىلارنى يېتىلىشكە باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ مىللىي ھېسسىياتلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

پۈتكۈل خىتاي تەۋەسى بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى شىنجاڭدا پارتلاپ چىقىدۇ. ئۇ كۈنى، كالېندار 1985-يىلى 12-دېكابىرنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۇ چاغدا تۇۋلاپ چىققان شوئارى يادرو قوراللىرى سىنىقى توختىتىلسۇن، كۆچمەن ئېقىنى توختىتىلسۇن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئورنى ئۆستۈرۈلسۇن دېگەندەك مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىرىنچى باشلىقى بىر قازاق كىشى بولۇپ، شىنجاڭدا شامال غەربتىن شەرققە قاراپ چىقىدۇ. شۇڭا يادرو قوراللىرىنىڭ تەسىرى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىقلارغا بارماي، خىتاي ئۆلكىلىرىگە كېتىپ قالىدۇ دەپ سۆزلىگەن ئىدى.

كىشىلەر شۇ چاغدا، ئۇ دېگەن قازاقنىڭ مېلىمىدى شامال قاياققا چىقسا شۇ تەرەپكە قاراپ ئۈچىدىغان، ئۇ دېگەن ئاتوم بومبىسى، ئۇنىڭ تەسىرى ھەممە يەرگە تارقىلىدۇ دېيىشكەنىدى.

ئۇ يىلىسى مىللىي ئاڭ سەۋىيە ئىنتايىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، باشقا ساھەنىڭ ئادەملىرى قېتىلمىغان ئىدى. ئۇ يىلقى ستۇدېنتلار ھەر جەھەتتىن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئىدى. 1988-يىلىغا كەلگىنىدە، يەنى 15-ئىيۇن كۈنىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر بىنا ئىشىكىدە بىر شوئار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ شۇئاردا ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلايلى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى پاھىشە قىلىپ ئويناپلى دېگەندەك نەرسىلەر يېزىلغانىكەن. ھۆكۈمەت شۇ چاغدا بۇ شوئارلارنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ چاپلاپ قويغان دەيدۇ. ئامما بۇ شوئارلار ئىچىدىكى بىر سۆز تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر شائىرنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئۇ سۆزنى ئىشلەتكىدەك خىتايچە سەۋىيىسى بارلار يوق ئىدى.

شوئار يېزىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، يەنى بايىقى قازاق كىشى نارازىلىق بىلدۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قورقۇتۇپ، سىلەر ماڭا نېمە دېمەكچىدىڭلار، نوچى بولساڭلار كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ باقمامسىلەر بولمىسا! دەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بۇ دېگىنىگە ھەيران بولىدۇ: ۋوي بۇ بىزنى نامايىشقا كۈشكۈرتمۇاتامدۇ نېمە، يۈرۈڭلار، نامايىش قىلايلى دېيىشىپ ئوقۇغۇچىلار كوچىغا ئېقىن قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ نامايىشقا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، سانائەت ئىنستىتۇتى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، يېزائىگىلىك ئىنستىتۇتى، مالىيە-سودا ئىنستىتۇتى دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى نامايىش قىلىپ كوچىغا چىقىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: قانچە ئادەم بۇ نايىشقا قاتناشقانلار؟

مۇختەر: پەرىزىمچە ئون-يىگىرمە مىڭدەك بارمىكىن دەيمەن. ئۇلار "ئىرقچىلىققا قارشى تۇرايلى، مىللىي باراۋەرلىك تەلەپ قىلىمىز!" دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىشىپ چىققان ئىدى.

## بارىن يېزىسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاتماقچى بولغان

مۇختەر: 1990-يىلىغا كەلگەندە، بارىن يېزىسىدا ھۆكۈمەت توپىلاڭ دەپ ئاتىغان، ئەمما يەرلىك كىشىلەر دېھقانلار قوزغىلىڭى دەپ ئاتىغان قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. ھۆكۈمەت بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يېزىغا تانكىلارنى، تىك ئۇچارلارنى ئىشقەرتكەن بولۇپ، كىچىككىنە بىر يېزىغا ئۇلار 50-60 مىڭ كىشىلىكتەك قوشۇن ئىشقەرتىشكەنىدى. ئۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ جىددىي ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەنىدى. ئۇلار بۇ يېزىنى ئاساسەن تۈپ-تۈز قىلىۋەتتى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردە بەكلا ئاز دېھقان تىرىك قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرايلى دەپ كۈچەپ تەشۋىقات قىلىشقا كىرىشتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: بارىن يېزىسىدا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەن، تەپسىلىيرەك دەپ بېرەلەرسەنمۇ؟

مۇختەر: ئەسلى بۇ ئىشنىڭ مەنبەسى پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئايال كىشى هامىلىدار بولۇپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بالا تەۋرەشكە باشلايدۇ. شۇندىن ئىتىۋارەن ئۇ تۆرەلمىنى بىر پۈتۈن جان دەپ قارايمىز. ئەگەر سەن ئۇنى مەجبورى ئېلىپ تاشلايمەن دېسەڭ قاتىللىق قىلىش بىلەن هېچقانداق پەرقىڭ يوق دېمەكتۇر. بۇنداق بىر ئىشقا ئىسلام دىنى هەرگىز يول قويمايدۇ. ئەمما هۆكۈمەت ئۇلارنى مەجبۇرلاپ سۈنئى ئۇسۇللاردا ئوكۇل ئۇرۇپ دېگەندەك بالا تاشلاتقۇزماقتا ئىدى. چوڭ خىتايچىلىق ئىدىيىسى دېگەن مىللىي ئۆرپە ئادەتلەرگە قىلچە هۆرمەت قىلمايدىغان بىر ئەقىدە بولۇپ، ئۇلار مىللىي ئۆرپە ئادەتلەرنى يىغىپ-يۆگەپ فيودال خۇراپاتلىق دەپ مۇئامىلە قىلىشىدۇ. خىتاي كومپارتىيىسى قارشى تۇرۇۋاتقان ئاتالمىش فيودال خۇراپىلىقلار دېگىنى ئەسلىدە بىزنىڭ مىللىي ئۆرپە ئادەتلىرىمىزغا كىرىدىغان ئىشلار ئىدى. ئەگەر بىرەر مىللەت بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولىدىكەن، نەچچە مىڭ يىللىق دىنى مۇھىت بىلەن مىللىي مۇھىت بىر-بىرسىگە ئارىلىشىپ كېتىپ، نۇرغۇنلىغان دىنى قاراشلار مىللىي ئادەتلەرگە ئايلىنىپ، قايسىلىرى دىنى قاراش، قايسىلىرى مىللىي ئادەتلەر ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايدىغان هالەتكە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا سەن مەلۇم بىر دىنى قاراشقا قارشى تۇرايلى دېگىنىڭدە، ئەمەلىيەتتە بىر مىللىي ئۆرپە ئادەتكە قارشى چىققان بولۇپ قالىسەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ كىشىلەر پىلانلىق تۇغۇت دېگەننى قوبۇل قىلالمىغان. بارىن دېهقانلار قوزغىلىڭى دىنى زاتلارنى ئاساس قىلغان بىر هەرىكەت بولۇپ، ئۇلارغا ئاساسلىقى دىنى كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلىشقان ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ دىنى زاتلار نېمە قىلغان ئىدى؟

مۇختەر: ئۇلار ئەسلىدە پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە بىر قېتىملىق دېهقانلار قوزغىلىڭى پارتلاتماقچى ئىكەندۇق. يەنى ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلىشنى پىلاشقانىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار ئالاقە ئورنىتىشقانمىكەن، ئاۋاز قوشىدىغانلار چىققانمىكەن؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇلار جايلارغا بېرىپ ئالاقىلىشىپ بولغانىكەن. تەييارلىق ئىشلىرىنىمۇ ئاساسەن پۈتتۈرگەنىكەن. ئۇلار ئەسلىدە 1990-يىلى رامزاننىڭ ئون يەتتىسى، يەنى ئۇ كۈن مۇسۇلمانلاردا ئېلى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم بىر كۈن هېسابلىنىدۇ، ئەنە شۇ كۈندە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرى بىراقلا قوزغالماقچى بولغانىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار بۇ قوزغىلاڭ ئارقىلىق نېمە مەقسەتكە يەتمەكچىكەندۇق؟

مۇختەر: مۇستەقىللىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرماقچىمىكەن؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇلار مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرماقچى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتىدىكى باش يېتەكچىسى ئۇ يېزىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەندۇق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىمىكەن؟ ئۇلار ۋەزىيەتتىن دېگەندەك خەۋىرى يوق كىشىلەرمۇ ياكى ...

مۇختەر: ئۇ چاغدىكى پىلانى يالغۇز بارىندىلا ئەمەس پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش قوزغىلىش ئىكەندۇق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار ئۇنچە بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەندۇ ھەرقاچان، بىرەر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قوزغاشنىلا ئويلاشقاندۇ دەيمىنا؟

مۇختەر: ئۇلار ھەر ۋىلايەت، ھەر ناھىيە، ھەر يېزا بىرلا ۋاقىتتا غوزغىلىشنى پىلانلاشقان. بەلكىم بىرلا قېتىملىق قوزغىلاڭ بىلەن ئازاد بولالمايمىز دېيىشكەن بولسا كېرەك، كېيىن خۇددى ما زېدوڭ قىلغاندەك ئۇزۇن مۇددەتلىك پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولۇشقان. ئۇلار قىرغىزىستان، تاجىكىستان چېگرالىرىدىكى تاغلىق رايونلارغا جايلىشىپ ھەم ھۇجۇم قىلغىلى ھەم چېكىنگىلى بولىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرمەكچى بولۇشقان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ چاغدا سوۋېتلار پارچىلانمىغان تۇرسا. ئەگەر ئۇلار ئۇزۇننى مۆلچەرلەپ ئىش قىلماقچى بولغىنىدا 4-ئىيوندىن كېيىنكى خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ خىتايغا ئامبارگو ياكى چەكلىمە يۈرگىزىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنالىشى مۇمكىن بولارىدى.

مۇختەر: بەلكىم ئۇلار شۇ ۋاقىتتا دېگىنىڭدەك ئويلىغان بولغىيتتى بەلكىم. ئۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان ياكى ئۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرگە قېتىلغان كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇڭا خالىغانچە پەرەز قىلساممۇ توغرا بولماس ھەرقاچان. نىمىلا بولسا بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش قوزغىلىش ئىكەندۇق. ئەمما پاش بولۇپ قېلىپ بالدۇر ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قالغانىكەن. ...

ۋاڭ لىشيوڭ: نېمە سەۋەبتىن پاش بولۇپ قالغان؟

مۇختەر: بىر ئاتنى دەپ. ئۇلار بىر ئات سېتىۋالماقچى بولغان. ئۇلار ئالماقچى بولغان ئۇ ئات مۇسابىقىلاردا ئەڭ يۈگرەك ئاتتىن بىرى ئىكەندۇق. ئۇلار شۇ ئاتنى سېتىۋالماقچى بولغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: بىر-بىرسىگە خەۋەر يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىمىز دەپمۇ ياكى ...

مۇختەر: ئۇلارنىڭ نىمىنى ئويلاپ ئۇ ئاتنى سېتىۋالماقچى بولغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئۇلار ئات سېتىۋالغىنىدا ئات ئىگىسى بىر باھا قويغان. ئون بەشمىڭ دەمدۇ ئىش قىلىپ، بەكلا قىممەت بىر

باھا قويغانمىش. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار قىلچە باھا تالاشمايلا پۇلنى نەق تۆلەپ ئاتنى ئېلىپ كېتىشكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ قىلغىنى بەكلا گۇمان قوزغايدىغان ئىش بولغانىكەن.

مۇختەر: شۇنداق، ئات ساتقان بوۋاي ھەيران قاپتۇ، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ ئۇلار شۇنچە باي خەقمىدى؟ ئۇ ئادەم ... ئۇ قېرى بەك بىرنېمە بىلمىدىغان بەرسىمۇ بولمىسا كېرەك، بۇ ئىشقا ھەيران قىلىپ باشقىلارغا دەپ قويغان. شۇ ۋاقىتلاردا بارىن يېزىدا بىر مەسچىتكە ئوت كەتكەن بولۇپ، كىمنىڭ ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى ھېچ كىم تاپالماپتۇ. شۇڭا دېھقانلار ئوت قويغان ئادەمنى تۇتۇپ بېرىڭلاردەپ بېرىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋالغانىكەن. ئەنە شۇ ئىش قوزغۇلاڭنى بالدۇر باشلىتىشنىڭ پۇرسىتى بولۇپ قالغان. ئۇ ۋەقەنى بىر ھەپتىدىمۇ ياكى ئىككى ھەپتىدىمۇ قانداق، بېسىقتۇرۇپ بولۇشىدۇ. ئەسكەرلەردىنمۇ بىرەر ئىككى يۈزدەك ئادەم ئۆلگەن. قوزغىلاڭچىلار بەزى تېخنىكىلاردىن پايدىلانغان. يەنى جەپاگىجۇن قولىدىن بىر خەۋەرلىشىش تېلېپونىنى تارتىۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلار جەپاگىجۇنچە كىيىنىپ بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ بىر تەرەپتىن چېكىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى جەپاگىجۇنلەرنىڭ بىر-بىرسىنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇش يولىنى تاپقان. ئاخىرىدا توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىمۇ ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ ئاران تىنجىتقان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردا قانۇنسىز دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن نام بىلەن كەڭ كۆلەملىك دىنى زاتلارنى تۇتۇش ھەرىكىتىنى قوزغاشتى.

## ئۇيغۇر ئىشپىيونلىرىنى ئۆلتۈرۈپ "يىپ ئۇچىنى ئۈزۈۋېتىش ھەرىكىتى"

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنىڭ ئالدىدا دىنى پائالىيەتلەر يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەرمىدى؟

مۇختەر: توغرا، 1985-1990-يىللار ئارىسىدا دىنى پائالىيەتلەر ئەڭ جانلانغان يىللار بولۇپ، دىنى پائالىيەتلەر ئىنتايىن تېز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان ئىدى. بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن، يەنى 1990-يىلىدىن باشلاپ باستۇرۇشلار ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇردى. ئەمما بۇنداق زومىلىقلارغا قارشى ھەرىكەتلەرمۇ تۇختىماي داۋاملاشتى. ئۇ يىللىرى ھېچ بولمىغاندا يىلدا 3-4 قېتىمدەك قارشى ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇراتتى. خوتەن تەرەپتە قايسى بىر يېزا باشلىقى ھۆكۈمەت بىلەن يېقىن ئۆتەتتىكەن ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ قايسى بىر مەسچىت ئىمامى قۇرئاندا پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە گەپ بار دېگەن ئىكەن، خەلق بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئەمما ھېلىقى ئىمان جامائەت بىلەن چاتىقى يوق شۇنداق گەپلەرنى دەۋەرگەچكە، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇنداق ئىشلار بەكلا كۆپ يۈز بېرىپ كەتتى.

1995-يىلى خوتەندە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، بىرىنچى قۇرۇلتىيىنى خوتەندە چاقىرغان. شۇ چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتى بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ماۋۇ خەقنى قارا، بىز كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىنى كىچىك بىر قولۋاقنىڭ ئىچىدە ئاچالىغان

تۇرساق، بۇلار خوتەن شەھەر ئىچىدىلا ئاچقىنىنى قارىمامدىغان! دېيىشتى ھەرقاچان. ئەسلى ئۇلار قۇرۇلتايىنى قەشقەردە پۈتۈن يۇرتلاردىكى ۋەكىللەرنى چاقىرىپ ئېچىشنى پىلانلاشقان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت سېزىپ قالغانلىقىنى پەرق قىلىپ دەرھال تۈتۈشۈپ شۇ كېچىدىلا خوتەنگە يۆتكىلىپ يىغىنىنى شۇ يەردە ئېچىشقان.

بولۇپمۇ 94، 95 ۋە 96-يىللار ئارىسىدا ھەر ئۈچ ئايدا دېگۈدەك بىر يەرلەردە پارتلاش، مەخپىي ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرغان. خوتەن قۇرۇلتىيىدا بىرىنچى قىلىدىغان ئىش خىتاي ھۆكۈمىتىگە خەۋەر توشۇيدىغان يىپلارنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى قارار قىلىشقانىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى ئۇيغۇر جاسۇسلىرى دېگەنلەرنى ئۆلتۈرۈش دېگەن گەپكەندە.

مۇختەر: توغرا، شۇنداق دېگىنى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ئۇ يەردە بىر، بۇ يەردە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەكلا كۆپ مەخپىي ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەر پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر بولۇپ، ھۆكۈمەتكە خەلق ئىچىدىكى مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئىشپىيونلارنى تازىلىۋېتىش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن.

## غۇلجىدا پەلتولىرىنى سېلىپ يالىڭاچ نامايىش قىلىش

مۇختەر: 1997-يىلىغا كەلگەندە، غۇلجىدا 7-فېۋرال ۋەقەسى يۈز بەردى. ئۇلار ئەسلىدە ئىككى تۈرلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى تالاش-تارتىش قىلىشقانىكەن. بىر تەرەپتىكىلىرى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىكىلەر تىنىچ تەلەپ قويۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. تىنچ تەلەپ قىلىشقا قارشى چىققانلار بىز تەلەپ قويساق ھۆكۈمەت بۇ تەلەۋىمىزنى قوبۇل قىلمايدۇ دەپ تۇرۇۋالغان. ئەمما دىنى زاتلار ئىسلامدا تېنىچلىقنى تەرغىب قىلىدۇ، بىز چوقۇم تىنچلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە تەلىۋىمىزنى بىلدۈرۈشتە چىڭ تۇرايلى، تىنچلىق بىلەن تىركىشەيلى دەپ تۇرۇۋالغان. كوپ ساندىكى كىشىلەر قۇرئاندا تېنىچلىقنى تەرغىب قىلىدىغان بولغاچقا بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈشكەن.

ئۇلار كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەلتولىرىنى سېلىۋېتىشكەن. فېۋرال ئايلىرىدا غۇلجا يەنىلا ئىنتايىن سوغۇق بولىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن پەلتولىرىنى سېلىۋېتىدۇ؟ نېمىشقا پەلتو، كاستوملىرىنى سېلىۋېتىپ ئاسما مايكىلىق نامايىش قىلماقچى بۆلىشىدۇ؟ ئۇلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە، بىزدە ھېچقانداق قورال يوق، دېگەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقان. ئەگەر قېلىن قىشلىق كېيىملىرى بىلەن نامايىش قىلىشسا پەلتولىرىنىڭ ئىچىگە بىرەر قورال تىقىۋالغان بولمىسۇن دەپ گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەشكەن. كېيىمىنى سېلىۋەتسە ئاسما مايكىلىق، يالىڭاچ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ-دە! ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ كوچىلارنى ئايلانغان، ئاخىرى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغان. ئۇلار ھۆكۈمەت بىناسىدا بىز ئۇرۇپ چاقمايمىز، خىتايلارنى ئۇرمايمىز. ئۇ بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز ئەمەس.

ئۇنداق قىلغانلار ھۆكۈمەت ئۆزى ئارىمىزغا سۇقۇندۇرۇپ كىرگۈزگەن كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، بىز دېگەن تىنچلىق ئۇسۇلى بويىچە تەلىۋىمىزنى قويماقتىمىز، بىز نامايىش ۋاقتىدا ئادەم يولىدا مېڭىپ يولنىڭ ئوتتۇرسىغىمۇ چىقمىدۇق دېيىشكەن. ئۇلار 5 مىڭ سوملۇق خۇرۇم چاپانلىرىنى يولدىلا سېلىپ تاشلىۋېتىپ ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىغا قويۇپ ئايەت ئوقۇغان پېتى نامايىش قىلىشقان. ئەمما ئىككىنچى كۈنىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوراللىق باستۇرىۋېتىشتى.

شۇنداق قىلىپ ۋەزىيەت بەكلا قالايماقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ماشىنىلارنى بۇزۇپ چاقىدىغان، خىتاي كۆرسىلا ئۇرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇنداق ئىشلارنى پۇقراچە كېيىندۇرۇپ ئامما ئارىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن ساقچىلىرى قىلغان ئىشلار ئىكەن. ھۆكۈمەت شۇ ئارقىلىق بۇنى باھانە قىلىپ خەلق ئاممىسىنى باستۇرۇشنى مەقسەت قىلىشقان. پۇقراچە ياسانغان ساقچىلارنىڭ بۇنداق قىلىپ بېرىشى بىلەن ھېسسىياتى قايناپ كەتكەن ياكى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ياشلار، جېدەل تېرىشقا ئامراقلار، لۈكچەكلەر، يەنە بەزى ئادەم ئۇرۇپ پۇخادىن چىقىدىغان بىنورماللارغا بولۇپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرلۇق قالايماقانلىشىپ كەتكەن.

ھۆكۈمەت ئۇلارنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى تىنچلىق ئۇسۇلىغا قوشۇلمايدىغانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ توپىلاڭ پىلانلاشقا كىرىشكەن. ئۇلار ھۆكۈمەتكە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئاساسەن نىشانىنى كەلگىندىلەرگە قاراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ... ئۇلار قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە كىرىشىپ، كەينى-كەينىدىن ھەرخىل ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىشقان. بۇ ئىشلار تا 1998-يىلغىچە داۋاملىشىدۇ. 7-نومۇرلۇق ھۆججەت چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن، قانۇنسىز دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن كېلىدۇ دەپ رەسمىي ئېلان قىلىشىدۇ. شىنجاڭدىكى گېزىتلەردە قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ مەقسىتى خىتايلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى دەپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. نۇرغۇنلىغان خىتايلار ھە، بۇلارنىڭ ھەرىكىتى بىزنىڭ مىللىتىمىزگە قارىتىلغان ئىكەن ئەمەسمۇ دەپ ئويلاشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ مىللىي زىددىيەتلەر كۈنسايىن كۆچىيىپ، مىللەتلەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىككەرمۇ بارغانسېرى ئارتىپ كېتىدۇ. مانا بۈگۈن ئۇلار ئاساسەن بىر-بىرسىگە ئىشەنمەس ھالغا كەلتۈرۈلدى.

### مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر

## شىنجاڭدىكى خىتايلار شىنجاڭ مۇستەقىللىقىغا ماقۇل دەمدۇ؟

مۇختەر: ئەگەر شىنجاڭ مۇستەقىل بولسا، شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان خىتايلارنىڭ يۈزدە 80 قىسمى بۇنى قوللايدۇ. چۈنكى ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇۋالسا تۇرمۇشىنىڭمۇ بۈگۈنكىدىن ياخشىراق ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار كۈندىلىك گەپ-سۆزلىرىدە دائىم دېگۈدەك: خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كېلىدىغانلارنىڭ سانى بەكلا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشقا

ئورۇنلىشىشىمىز قىيىنلىشىپ كەتتى دېيىشىدۇ. 70ـ80ـيىللىرى شىنجاڭدىكى تۇرمۇش سەۋىيە خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. ھازىر ئادەم كۆپىيىپ كېتىپ تۇرمۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى خىتايلار مۇستەقىل بولۇشنى قوللايدۇ دەپ پەرەز قىلىمەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: خىتايلارنىڭ مۇستەقىللىقنى قوللىشى سىلەرنىڭكىدىن پەرق قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلار خىتايلارنىڭ ھۆكمۈران بۆلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا بىر قەدەر مۇستەقىل بىر سىياسەت تۈرغۈزۈلۈشىنى ھىمايە قىلسا كېرەك، ئەگەر ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە بويىچە مۇستەقىل بولىدىغان بولسا ئۇ خىتايلار چوقۇم ئۇنىمايدۇ. ...

مۇختەر: ئادەتتىكى پۇقرا خىتايلار ماقۇل دەۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا قانداق قىلساق تۇرمۇشىمىز ياخشىراق ئۆتەركىن دېگەنلا ئوي بار. ئەگەر شۇنداقلا بىر سېلىشتۇرىدىغان بولسا، ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولغاننىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ. سىياسىي مۇستەقىللىقتىن كېيىن تۇرمۇش سەۋىيىسى چوقۇم بۇرۇنقىدىن ئۆسىدۇ. بۈگۈن بىر ئىدىش گازنىڭ باھاسى 62 سوم. بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر نېمە دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. خىتايلارنىڭ ئۆزىلا نېفىت گازى دېگەن بىزنىڭ شىنجاڭدا (ئۇلار ھازىر بىزنىڭ شىنجاڭ دېيىشىدۇ) چىقىدىغان تۇرۇپ نېمىشقا شۇنچە قىممەت، ھۇ پالاننى! دەپ قاخشىماقتا. ئۇلار تېخى بىزدىنمۇ بەتتەر قاخشايدىكەن. بىزدە بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىز پەقەتلا تەبىئىي گاز ئىشلەتمەيدۇ. قالغان تەبىئىي گاز ئىشلىتەلەيدىغانلارمۇ ئۇنچە كۆپ بولمىغاچقا خىتايلاردەك ئۇنچە بەك قاخشىمايدۇ تېخى. شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەرلىرىمىزدە تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا گاز ئىشلىتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇھىم مەنپەئەتلىرى دەخلىگە ئۇچرىدىمۇ بولدى، ئۇلار چوقۇم نارازى بۆلىشىدۇ.

## خىتاي مايمۇنى ئۇيغۇر مايمۇنغا ياڭاق چېقىشنىمۇ ئۆگۈتۈپتىكەن دېسەڭلەرچۇ!

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما ھەرقانداق بىر دۆلەتتە، چوقۇم دۆلەت مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ مەسىلىلەرگە قارايدىغان گەپ. خىتاي دۆلىتى دۆلەت بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ نىمىلا بولسا بولسۇن شىنجاڭ، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت ئۇ بىپايان زېمىنلاردىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. ئەگەر بۇ يەرلەردىن ئايرىلىپ قالغۇدەك بولسا، 99 پىرسەنتلىك خىتايلارغا 40 پىرسەنتلىك زېمىن قالىدۇ دېگەن گەپ. شۇڭا ھەرقانداق بىر دۆلەت بىخەتەرلىك نۇقتىسىدا بۇ تۇپراقلارنىڭ قولدىن چىقىشىغا يول قويمايدۇ.

مۇختەر: ئەگەر ئۇنداق بولسا، ياپونلارنىڭ خىتايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگىنىمۇ ئەسلىدە يوللۇق ھېساپلىنىدىكەندە، چۈنكى ياپون زېمىنى ئۇلارنىڭ نوپۇسىغا نىسبەتەن بەكلا ئازلىق قىلىدۇـدە! ...

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭ يوللۇق. ئەمما مەسىلە شۇ يەردىكى، سەن خىتاي پۇقرالىرىغا شۇنداق ئويلىنىڭلار دېيەلمەيسەندە. بۇ دېگەنلىك ئەگەر باشقىلار ماڭا كۈچى يەتمىسىلا مەن باشقىلارنى

بوزەك قىلالايمەن دېگەن گەپ. شۇنداق بولغاچقا، دېموكراتىيىلا بولسا مىللىي مەسىلىلەر چوقۇم ھەل بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئېيتالمايمىز. سەن ھەر قانچە دېگىنىڭ بىلەن ئون مىليون نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلارنى بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە خىتايلارغا تاقابىل تۇرۇشتا دۇچ كېلىدىغان شۇنچە زور پەرقنى ئىناۋەتكە ئالماي تۇرالمايسەندە. سەن خىتاي خەلقى ئادىمىز كۆپ دەپ ماختىنىدىكەن دەيسەن، راست ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ ئادىمى كۆپ. دېگىنە قېنى، چېچەنلەر رۇسىيىنى شۇنچە ئۇزۇن يىل ئاۋارە قىلىپ كەلدى. ئەمما ئارانلا ئاۋارە قىلالىدى خالاس. يەنە نېمە قىلالايتتىكى، ئەڭ كۆپ بولسا بىر نەچچە يەرنى پارتلىتىپ بىر نەچچە ئادەمنىلا ئۆلتۈرەلىدى، ئۇلار نىمىلا قىلسا قىلسۇن، رۇسىيە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ كىتەلىگىچىلىكى بار …

مۇختەر: ياق ئۇنداق ئىش يوق. رۇسىيە سىياسىيونلىرى بىلەن ئىقتىسادشۇناسلىرى بۇنىڭ ھېساۋىنى قىلىپ كۆرگەن. رۇسىيىنىڭ ھازىقى خىيالى ئورتا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ نېفىتى. ئۇ يەرنىڭ نېفىتى رۇسىيىنىڭ چەت ياقا يەرلىرىدىن ئۆتىدىغان تۇرۇبا يوللىرى ئارقىلىقلا ياۋروپاغا يەتكۈزۈلىدۇ. يەنى چوقۇم چېچەنىيىدىن ئۆتىشى كېرەك، چېچەنىيىدىن باشقا ئۆتىدىغان تۇرۇبا يولى يوق. شۇڭا رۇسىيە چېچەنلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا يول قويمىغان. ئەمما كېيىن شۇنداق بىر ھېساۋنى قىلىپ باقسا 600 مىليون دوللار چىقىمدار بولغانلىقىنى بىلگەن. ئەگەر پۈتكۈل چېچەنىيىنى خەلقئارا بازارغا قويۇپ ساتىمەن دېسىمۇ ئۇنچە بولغا ھېچكىم ئالمايتتى. …

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما سەن بۇنداق گەپلەر بىلەن خىتايلارنى قايىل قىلالمايسەن. خىتايلار ساڭا: ياق، چېچەنىيە دېگەن قانچىلىك بىر يەرتى، چىنامچىلىكمۇ ھېسابلانمايدۇ. ئەمما شىنجاڭ دېگەن ئۇنىڭدىن بەكلا چوڭ بىر يەر دەپ تۇرۇۋالسىچۇ؟ (ئىككىسىلا كۈلۈشۈپ كەتتى.)

مۇختەر: ئەگەر ئۇنداق ئىش بولسا، خىتايلارنىڭ ياپونلارغا گۇناھ ئارتىشقىمۇ ھەققى يوق بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۇلارمۇ كورىيە بىلەن مانجۇرىيىگە ئىگە بولۇۋېلىشى كېرەك ئىدى-دە.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دۇنيانىڭ قانداق بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ، كىم غالىپ كەلسە شۇ خان بولىۋالىدۇ. ئامېرىكىمۇ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ ھىندىئانلارنى شۇ ئامېرىكىلىقلار يوقىتىپ بولمىدىمۇ؟ كانادا، لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىلا ئاق تەنلىكلەر بېرىپ يەرلىكلەرنى يوقۇتىۋېتىپ ئىگىلىگەن يەرلەرغۇ؟

مۇختەر: غەرپلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى تونۇيدىكەن. ئۇلار تاجاۋۇز قىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىنى، تۇپراقلىرىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن. ئېتىراپ قىلسا سەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيدىكەنسەن. ئۇ ئىشلار دېگەن ئۆتمۈشتە قالغان ئىشلار. ئۇلار نىمىلا دېگەن بىلەن شۇ يەرلەردە ئىككى يۈز يىل ياشىدى. قايتىپ كېتەلمەيدۇ. قايتىمەن دېسىمۇ نەگە قايتالايدۇ؟ ئەنگلىيە ئارىلىغا قايتىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئەمما خىتايلار ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. خىتايلار بىز بۇ يەرنى بېسىۋالمىدۇق، بۇ يەر دېگەن ئىككى مىڭ بەش يۈز يىلدىن بۇرۇن ھەتتا ئۈچ مىڭ يىلدىن بۇرۇنلا خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئىدى، ۋاھاككازا دېيىشىپ ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان بىر مۇنچە ئەخلاقسىز سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىدە يىغىن بولسىلا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشىدۇ. بۇ يەتمىگەندەك يىغىنغا قاتناشقان پروفىسسورلارنى ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىشىدۇ.

بىر قېتىم بىر دوتسېنتىمىزغا ئىپادەڭنى بىلدۈر دەپ تۈرتۈۋالغاندا، ئۇ كىشىمىز مۇنداق دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن: "ھەي، سىلەر نىمانچىۋالا قۇرۇق گەپ قىلىشىسىلەر، سىلەر دېگەن ئۇ ئىشلار تېخى نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكىلا ئىشلاركەنغۇ، نەچچە ئون مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇنۇ ئىشلاردىنمۇ خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ يەنى ئۇ ۋاقىتلاردا مايمۇن تېخى ئادەمگە ئايلىنىپ بولالمىغان ۋاقىتلار ئىكەندۇق، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۇيغۇر مايمۇنلىرى ھەم خىتاي مايمۇنلىرى بار ئىكەندۇق، شۇ ۋاقىتلاردا خىتاي مايمۇنلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر مايمۇنلىرىغا ياڭاقنى چېقىپ يېيىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، دەرەخكە چىقىپ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېيىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەنىكەن. بۇنىڭدىن خەۋىرىڭلار يوقمىدى؟" ئەمما سەن غەرپلىكلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يەرلىكلەرنى قانداق باستۇرغانلىقى ھەققىدە ئىشلىگەن كىنولىرىنى كۆرگەنسەن، ئۇلار ئۆز خاتالىقىنى قوبۇل قىلىدىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ كەتمەي تۇرىۋالىدىكەنغۇ؟

مۇختەر: ھېچ بولمىغاندا ئۇلار خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلىدىكەن. ئەمما خىتايلارچۇ؟ تىنىۋېلىپلا ئولتۇرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ پېيىر خاربور پورتىنى بومباردىمان قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قارىساڭ ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئامېرىكىلىقلار ياپونلارنى ئىزچىل تۇردە يۆلەپ، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. غەربى گېرمانىيە بىلەن شەرقى گېرمانىيىنىڭ بىرلىشىش مەسىلىسىدىمۇ غەرب ئەللىرى گېرمانىيىگە ياردەم قىلىپ تۇردى. ئەمما جەنوبى كورىيە بىلەن شىمالىي كورىيە مەسىلىسىدە، ئەتراپىمىزدىكى ئاسىيا ئەللىرىدىكى مەسىلىلەردە خىتاي دۆلىتى ياردەم قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ياق، ياق. خىتايلار بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ مىجەزى پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. ياۋروپالىقلار خاتا قىلىپ سالغان بولسا دەرھال كەچۈرۈم سورايدىكەن. خىتايلار كەچۈرۈم سوراشنى بىلمەيدۇ. تارىختىن بۇيان شۇنداق.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭگە مەنمۇ قوشۇلىمەن. خىتاي زىيالىيلىرى گەرچە خىتاي مەدەنىيىتىنى تەنقىد قىلالىغىنى بىلەن مىللىي مەسىلىگە كەلگەندە بەربىر چوڭ خىتايچىلىقىنى قىلىشىدۇ. ئۇلاردىكى بۈيۈك بىرلىك ئېڭى بەكلا ئېغىر. مەيلى دېموكراتچىلىرى بولسۇن، مەيلى مۇستەبىتچىلىرى بولسۇن ھەممىسىلا بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مۇختەر: بۇنداق ئىشلارنى خىتاينىڭ كىنو ياكى ئەدەبىياتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەممىلا يەردە دۇنيادا بىزدەك نوچىسى يوق دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ. خىتايلار ئىسلام ھەققىدە بىلىدىغانلىرى بەكلا ئاز، بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ھازىر ئۇلاردا غەربنىڭ نەرسىلىرى بەكلا ئومۇملىشىپ كەتتى. مەيلى خىتاي ئۆلكىلىرىدە بولمىسۇن، مەيلى شىنداڭدا بولمىسۇن، پۈتۈنلەي قارىغۇلارچە ئەگەشمەكتە. بۇنىڭدىكى بىردىن بىر سەۋەب شۇكى، خىتايلاردا ئېتىقاد دېگەن نەرسە يوق. ئەگەر بىرەر ئېتىقادى بولمايدىكەن، مىللىي مەدەنىيەتمۇ چوقۇم بىر كۈنىسى گۇمران بولىدۇ. خىتايلار غەرپلىكلەرگە قاراپ: ۋاھ، غەرپلىكلەر شۇنچە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ ئەڭ ئىلغار بولسا كېرەك ھە! دېيىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن. شوتلاندىيىلىكلەرنىڭ ئەرلىرى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ يۈرمەمدۇ، ئۇ دېگەن ئاياللار

كىيىدىغان كىيىم تۇرسا، ئەگەر بىزدە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بىرەر ئەرنى كۆرسە خەق كۈلۈپ تېلىقىپ قالار. ئەمما شۇ دېگەن شوتلاندىيىلىكلەرمۇ بۇنىڭغا بىر سەۋەب كۆرسىتەلەيدىغاندۇ ھەرقاچان. ئۇلار ئۇزۇن كۆڭلەك دېگەننى ئاياللار كېيىدىغان كىيىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگىدەك كىشىلەر ئەمەستۇ؟ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۇزۇن كۆڭلەكنى ئاياللار كىيىدىغان كىيىم دەپ تونۇيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەمما شوتلاندىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپە-ئادەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن كىيىدۇ. خىتايلار تاشقى دۇنيانى بەكلا ئاز ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا بىرەر مەسىلىنى ئويلىغاندا ھەر دائىم خام ئويلايدۇ. ئۇلار پەقەتلا ئۆز مەدەنىيەت دائىرىسىدىلا مەسىلىلەرگە باھا بەرمەكچى بولىشىدۇ. بىر نېمە بولسىلا كۆڭرى ئۇنداق دەپتىكەن، تاڭ دەۋرىدىكى شائىر مۇنداق دەپتىكەن دەپلا چۈشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى پەقەت ئۆزىنىڭلا دۇنيا قارىشى بويىچە مەسىلىلەرگە قارايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى پەقەتلا ئىسىگە كەلتۈرۈپ قويۇشمايدۇ.

مۇختەر: ئەگەر بىز بۇ ھەقتىكى گەپلەردىن شۇنداقلا ئېغىز ئاچتۇقمۇ بولدى، دەرھال بىزگە مىللىتچى ياكى بۆلگۈنچى دەپ باھا بېرىشىدۇ. مىللەتچى دېيىشىشىغۇ مەيلىتى، ئەمما ئۇلار سېنى بۆلگۈنچىلىك قىلىۋاتىسەن دەپ چىڭ تۇرىۋالىدىقى يامان-دە! ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇ ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئۇلار دۆلەتنىڭ تەشۋىقاتىدىن باشقىسىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىمۇ ھۆكۈمەت چىقارغان تارىخ دەرسلىكلىرىدىن باشقا بىرەر ماتېرىيال كۆرۈپ باققانمۇ ئەمەس. خىتايلارنى باشقىلارنىڭ ئىشىدىن بەكلا خەۋىرى يوك كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزلىرىگە تەۋەلا نەرسە بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى ماختاپ ئۇچۇرىۋېتىشىدۇ. باشقىلارنىڭ سېنىڭكىدىن ياخشىراق نەرسىلىرى يوقمىدۇ؟ سېنىڭكىدىنمۇ چىرايلىقىراق نەرسىلىرى يوقمىدۇ؟ خىتايلار بۇنداق ئىشلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خەلقئارا ۋەزىيەت بىلەن دۆلەت ئەھۋالىنى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەھۋالىنى خىتاي زىيالىيلىرىغا قارىغاندا خېلى تەپسىلىي بىلىدۇ.

## خىتاي مەمۇرى خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كىشىلەر

مۇختەر: شىنجاڭدىكى خىتايلار ھەر دائىم ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى تۆۋەن دەپ قارىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىزنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرىنى ئالىدىغان بولساق، شىنجاڭدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ يۈزدە 50 تىن ئارتۇق قىسمى بۇرۇن ھەربىي بولغان كىشىلەر بولۇپ، ھەربىلىكتىن قايتىپلا دۆلەت خىزمەتچىلىك ۋەزىپىسىگە ئورۇنلىشىۋالغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى بەكلا يۇقىرى. ھېچ بولمىسا تېخنىكوم ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كېلىپلا خىزمەتكە كىرگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپ تۇرۇپ ئالىي تېخنىكوم ياكى مەخسۇس كەسىپ پاكولتىلىرىنىڭ دېپلومىغا ئېرىشىدۇ.

شىنجاڭ مائارىپ كومىتېتى نۇرغۇنلىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا مەبلەغ ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىتايلار ئوقۇش ئۈچۈن خىتايغا بېرىۋېلىپلا كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. شىنجاڭدىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە بېرىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن خىتايلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق قىسمى قايتىپ كېلىشنى خالىمايدۇ. بەلكىم شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلارنىڭ يېرىمىدەك قىسمى شىنجاڭدا قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما قالغان يېرىمى خىتاي ئۆلكىلىرىگە كېتىۋالىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شىنجاڭ مائارىپىغا ئۈنچىلىك مەبلەغ سالدۇق، مۇنچىلىك مەبلەغ سالدۇق، دۆلەت قانچە مىليارد پۇل ئاجراتتى دېيىشكىنى بىلەن، ئوقۇشقا ئىشەرتكەنلەرنىڭ كۆپى قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ئايرىلغان بۇ پۇللار شىنجاڭ مائارىپىغا سېلىنغان مەبلەغ ھېسابلىنامدۇ؟ ئەگەر بۇ پۇللارنى مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ 95 پىرسەنت قىسمى، ھەتتا 99 پىرسەنت قىسمى قايتىپ كەلگەن بولاتتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شاگىرتىدىكى شۇنچە يۇقىرى مائاشقا قارىماي مىڭ نەچچە يۈز كويلۇق مائاشقا رازى بولۇپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشىدۇ. دۆلەتنىڭ شىنجاڭ مائارىپىغا ئايرىغان پۇلىنىڭ 60 پىرسەنت قىسمى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلمەكتە. ئۇلار بۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرىۋېلىپلا خىتاي شەھەرلىرىدىن قايتىپ كەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئوندىن بىرەرسى قايتىپ كېلەلىشىمۇ مۇمكىندۇ، ئەمما قالغان توققۇزى، ھەتتا ئونىنىڭ ھەممىسىلا قايتىپ كەلمەيدۇ. يەنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا ئىشەرتىلگەن خىتايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئىش تېپىپ قايتىپ كەلمەيدۇ.

ئىشەرتكەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلىرى قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتمۇ خىتاي ئۆلكىلىرىدىن تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ غەرىپنى ئېچىش، ياردەمگە كەلگەن ياشلار دېگەندەك ناملار بىلەن شىنجاڭغا تۆكۈۋېتىدۇ. غەربنى ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئەسلىدە ئەنە شۇنداقلار بولۇپ، ئۇلارمۇ خۇددى ئەينى ۋاقىتتا ‹چېگرا رايونغا ياردەم بېرىمىز› دەپ كەلگەن شاگىرتىلىك زىيالىيلارغا نام بېرىلگەندەك بۇلارغىمۇ ‹غەربنى ئېچىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغانلار› دەمدۇ ئىش قىلىپ، ئۆزىچە بىر خىل نام بېرىشىپ شىنجاڭدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشماقتا. ئەسلىدە ئۇلار يېزىدا چوڭ بولغان دېھقان باللىرى بولغاچقا يۇرتىغا بېرىپ دادىسىدەك دېھقان بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇنداقلار تېخنىكوم دېپلومىغا ئېرىشەر-ئېرىشمەس ياكى بىرەر ئادەتتىكىچىلا مەخسۇس پاكولتېت دېپلومىنى قولغا كىرگۈزگەن ھامان، شىنجاڭغا بارساق دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش بەكلا ئاسانغا توختايدىكەن، بارامدۇق ئەمسە؟ دېيىشىپ، بۇ تەرەپكە تەلپۈنۈشكە باشلايدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتى سەھرادا، ئاتا-ئانىسىمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دېھقان، بىرەر ئارقا تىرىكىمۇ يوق، ئوقۇغان بىلىمىنىڭمۇ تايىنى يوق، ئىش تاپماقمۇ شۇنچە تەس، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ تەرەپكە كەلگەن ھاماتلا دۆلەت كادىرى بولىدىغان گەپ، ھەممىسى بۇ تەرەپكە ئېقىن قىلىشقا باشلىغان. ئەمما شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن مىللىي ستۇدېنتلار بولسا ھەممە يەردە ئىشقا ئورۇنلىشالماي ئىشسىز يۈرگەنى يۈرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەرەپتىكى ھەرقايسى مەمۇرى ئورگانلاردا مائارىپ سەۋىيىسى بىلەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان خىتايلار بەكلا كەم. شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ئومۇمى مەدەنىيەت، بىلىم سۈپىتى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭكىگە يەتمەيدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدىنى، بىلىم سەۋىيىسى بۇ يەردىكى خىتايلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى. دۆلەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ 80 پىرسەنتتىن ئارتۇقى مەخسۇس پاكولتېتلارنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ، خىتايلاردىكى بۇ نىسبەت 20ـ30 پىرسەنت ئېتىراپىدىن ئاشمايدۇ. قالغانلىرىنىڭ يۈزدە 50 قىسمى ھەربىي سەپتىن كەلگەنلەر، قالغان 30 پىرسىنى تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ياكى بولمىسا ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ بىلىمى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى دىپلومى باردەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلار قايسى مەكتەپنى پۈتتۈردۈڭ دەپ سورىساڭلا تېلىپۇنزور ئۇنىۋېرسىتېتىنى دەمدۇ ياكى پارتىيە مەكتەپنى دەمدۇ بىر يەرلەرنىڭ ئىسمىنى دېيىشىدۇ. ھەتتا بىر قىسىملىرى دىپلومنى پۇلغا سېتىۋېلىشقان. خىتايلار مەدەنىيەت سۈپىتىنىڭ يوقۇرى-تۆۋەنلىكى ئۇنىڭ تىل بىلىشىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ دېيىشىدۇ-يۇ، ھېچقايسى بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيدۇ.

### ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ بىرگە تۇرالماسلىقىدىكى رېجىم سەۋەبلىرى

ۋاڭ لىشيوڭ: مەيلى سىنىڭ كۆزقارىشىڭ بويىچە بولامدۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزقارىشى بولامدۇ، خىتايلارغا قانداق قارايدىغانلىقىڭلارنى ھەم ئۇلارغا قانداق باھا بېرىدىغانلىقىڭلارنى بايان قىلالامسەن؟ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ شۇنچە يىرىگلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسىلىسىمۇ ياكى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىنلا بىرگە ياشىيالمايدىغانلىقىدىن كەلگەنمۇ؟ خىتايلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى سىلەرچە قانداق؟

مۇختەر: ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ بىرگە ياشىشى مۇمكەن ئەمەس دېيىشكىمۇ بولماس. بۈگۈنكى كۈندىكى بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئىجتىمائىي تۈزۈم سەۋەب بولماقتا. چۈنكى بۈگۈنكى تۈزۈم ئاتېزىمنى تەرغىب قىلىدىغان بىر تۈزۈم. ھېچقانداق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، ھېچقانداق بىر ئەقىدە چەكلەپ تۇرمىغان بىر مىللەت بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرگە تۇرالىشى بەكلا قىيىن بىر ئىش. مانا بۇ سەۋەب بۇ ئىككى مىللەتنىڭ بىرگە تۇرالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.
90-يىللاردا، خىتاي كومپارتىيىسى مىللەتچىلىك روھىنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي پەخرىلىنىش ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنماقتا. مۇتلەق كۆپ ساندىكى خىتايلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ جوڭخۇا مىللىتى دېگەن نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشماقتا. ئۇلاردا خىتاي مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىش دەيدىغان ئەقىدە بەكلا چوڭقۇر. شۇڭا نۇرغۇنلىغان زىيالىيلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتايلار بۇ مەنپەئەت مەسىلىسىنى بەكلا مۇھىم ئورۇنغا كۆتۈرۈپ قاراشماقتا. ئۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى بەك بىلەپ كەتمىگەچكە، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرۇشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

بىز بۈگۈن بىرەر خىتاي ئامېرىكىدا پارلامېنت ئەزاسى بولغانلىقى ياكى بىرەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلگە تەيىنلەنگەنلىكىگە ئوخشايدىغان ئىشلاردا، ئۇ خىتاينىڭ ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئىككىنچى ئەۋلاد خىتاي بولۇشىغا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاللىمۇقاچان ئامېرىكا گراژدانلىقىغا ئۆتۈپ

كەتكەنلىكىگە قارىماي خىتايلار بۇ ئىشنى پۈتۈن تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشكە تىرىشىدىغانلىقىنى كۆپ چېلىقتۇرىمىز. بۇنداق ئىشلار باشقا ئەللەردە بارمىدۇ؟ مېنىڭچە باشقا ئەللەر بۇنداق ئىشلار بىلەن ئانچە بەك چاتىقى بولمىسا كېرەك؟

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقات ھۇجۇملىرىدا دەل ئەنە شۇنداق مىللىي روھنى تەشۋىق قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان باھانىسى قېدىمقى قايسى بىر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدىيىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش. ئۇلار ئەنە شۇنىڭدەك تارىخى نۇقتىدىن چىقىپ ئولتۇرۇپ مىللەتچىلىك روھىنى تەرغىب قىلىشقا ئۇرۇنىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئىرقچىلىق چۈشەنچىلەر، بىرگە تۇرۇشنى مۇمكىن قىلالمايدىغان ۋەزىيەت بەكلا ئاسان پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىشلارمۇ تۇزۇمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار. ئەگەر خىتاي كومپارتىيىسى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى پەرەز قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار ھازىر سوتسيالىزىم يولى دېگەننى بىر چەتكە چۆرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، پەقەت ئەنە شۇنداق بىر مىللەتچىلىككە تايىنىپلا ئۆزىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆز ئورنىنى، پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىپ پارتىيە نامى بىلەن مىللەت نامىنى بىرلەشتۈرۈۋالدى. بۇنداق بىر تەشۋىقاتنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گېرمانىيىدە كۆرۈلگىنىدەك مىللىي سوتسيالىزىم پارتىيىسى شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى نېمىسلار ياۋروپالىقلار بىلەن بىرگە تۇرالمىغاچقا، يا ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشى كېرەك يا بولمىسا ئۇلارنى يوقۇتىۋېتىش دەيدىغان، ئۇلارغا ھاياتلىق ھەققىنى بەرمەسلىك يولىنى تۇتۇشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىمۇ كۈنسايىن تارىيىپ كەتكەن ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بولغاندا، بۇ تۇردىكى ئاتىزىمچىلىق، ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە پەيدا بولۇۋاتقان بىر ئەھۋالمۇ ياكى بولمىسا ...؟

مۇختەر: ھۆكۈمەت تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسى. خىتايلار ئەسلىدە بىر مىللىي دىنى بار بىر مىللەت ئىدى. مەسىلەن داۋىزىم دېگىنى خىتايلارغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل دىن ھېسابلىناتتى. خىتايلار بۇرۇن ئەنە شۇ ئېتىقادقا ئىگە بولغان ئىدى. بۈگۈن ئۇمۇ يوق، ھېچقانداق بىر ئېتىقادى بولمىغان بىر مىللەتكە ئايلاندى. بۇنى شۇ ھۆكۈمەت كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## ئۇيغۇرلار نېمىشقا خىتايلارنى خالىمايدۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر بىرەر ئۇيغۇردىن سەن خىتايلارغا ئىشىنەمسەن دەپ سورىغىدەك بولساڭ، كۆپىنچە ئۇيغۇرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش: ياق، ئىشەنمەيمەن! بۇنداق ئىشەنمەسلىكنى پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلەپ تۇرۇشى بىلەن يولغا قويۇۋاتقان تۈزۈمىلا پەيدا قىلغان ئەمەستۇ؟ خىتايلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ياكى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدىمۇ بىرگە تۇرالماسلىققا سەۋەبچى بولىدىغان يەرلەر يوقمۇ؟

مۇختەر: مېنىڭ دىققىتىمنى چەككەن بىر نۇقتا، خىتايلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى باشقۇرغۇچىلىرىغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسى مەيدانىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان كىشىلىرى بەكلا ئاز ئىكەن. كۇندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ ھەممە نەرسىگە كىتابتا يېزىلغان ئۆلچەملەر بويىچە باھا بېرىشىدىكەن. پالانى كىتابتا مۇنداق دېگەن، پۇستانى كىتابتا ئۇنداق بايان قىلىنغان دېيىشىپ، مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرى، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە باھالاشمايدىكەن. سەن ئۇلار بىلەن بىرەر مەسىلىدە تالاش-تارتىش قىلدىڭمۇ بولدى، كۆپ ساندىكى خىتايلار قوپۇپ مىلادىدىن بۇرۇن كۇڭزى دەمدۇ، لاۋزى دەمدۇ پالانى ئادىمىمىز مۇنداق دېگەن، ئۇنداق قىلغان دەپ ئىدىيەمغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ سۆزلەشكە كىرىشىدىكەن. ھۆكۈمەتمۇ ھازىر ئەنە شۇنداق نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالغان. ئۇلار بۇنى يەنە دۇنيا مىقياسىدا تەرغىب قىلىشماقتا. خىتايلار داڭلىق، ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ نەزەرىيىسىنى ياكى مىساللىرىنى ئىشلىتىشكە ئامراق. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ نەرسىلىرىنى بەكلا چوڭ بىلىشىپ، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بەكلا ناچار، ئاجىز دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەدىپلىرى خىتاي مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى، مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى تىنماي سۆزلەپ، ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قارىشىدۇ.

خىتايلار باشقىلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. مەسىلەن ئالايلى، ئەگەر مېنىڭدەك بىرسى ئىشخانىدا بىر نەرسە ئاختۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇلاردىن بىرسى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ قالايماقان قىلما، بۇزۇپ قويىسەن دېيىشىدۇ. ئۇلار مېنىڭدەك بىرسىنىڭ ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىگە تېگىپلا قويسا بۇزۇپ قالايماقانلاشتۇرىۋېتىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار قىلغانلا ئىش ئىكەن، ئۇنىڭغا باشقىلارنى بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ دەپ ھەرگىز يېقىن يولاتمايدۇ. چۈنكى خىتايلار باشقىلارغا ئىشەنمەيدىغان بىر خەلق. يەنە بىر ئىش، خىتايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىچىگە قاپلىنىۋېلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپلا يۈرىدۇ. خىتايلار كۆڭلىدە قانداق ئويلايدۇ، نىمىنى ئويلاۋاتىدۇ، نېمە دېمەكچى؟ بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلار باشقىلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن بىر-بىرسىنى ئاساسەن چۈشىنەلەيدۇ. خىتايلار ھەرخىل سورۇنلاردا ھەر تۈرلۈك مىجەزدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا بەكلا ئۇستا. ئۇلار دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قايسى دەۋردە، قانداق مۇھىتتا قانداق ئويلىنىش، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بەكلا پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. خىتايلارنىڭ بۇ تەرىپى ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى. توغرا، ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇنداقلار يوق ئەمەس. ئەمما ئۇنداقلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەكلا ئاز. خىتايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر خىل سورۇنلاردا ھەرخىل چىرايدا ياكى ھەرخىل قىلىقتا ئوتتۇرىغا چىقىۋالىدىكەن.

يەنە بىر ئالاھىدىلىك، خىتايلار بىرەر ئىشقا مەسئۇل بولغان ھامات ئامال قىلىپ ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدىكەن. ...

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش دېگىنىڭ ...؟

مۇختەر: يەنى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن دېمەكچىمەن. ئۇلار ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ بىر مۈلكى قىلىۋېلىشىدىكەن، ئۇلاردا ھوقۇق بەكلا ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدىكەن. ئەمما كەسپى ئېڭى بەكلا ناچار كېلىدىكەن. مەسىلەن ئالايلى، ئەسلىدە بىز ھەممىمىزلا ئوخشاش

مەدىكارلىق قىلىۋاتقان بولساقمۇ، خىتاي بولغىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى باشقىلاردىن مۇھىم بىر ئەمەل تۇتقانلىق، قالتىس بىرى دەپ ھېسابلايدىكەن. ئەمما ئۇ بىر مەدىكار ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ رەھبەرلىككە ئەڭ ياخشى ئىشلەۋاتقان، ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشنىڭلا پېيىدا بۆلىشىدىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: بايام سەن، خىتايلارنىڭ نەرسىسىگە تېگىپلا كەتسەڭ ئۇنى بۇزىسەن دەپ ۋارقىراپ، ساڭا ئىشەنمەيدۇ دېگەن ئىدىڭ. يەنى ئۇلار سېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىڭگە قاراپ شۇنداق مۇئامىلە قىلامدۇ ياكى ھەممىلا كىشىگە شۇنداق قىلامدۇ؟

مۇختەر: مېنىڭچە ئۇلار ھەممىلا ئادەمدىن گۇمان قىلامدىكىن دەپ ئويلايمەن. خىتايلار ئارىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت قىلىشىدىغانلار بەكلا ئاز. شۇڭا ئۇلار ئىمكان بار ئۆز ئۆيىدە ياكى بەكلا تار دائىرىسىدە ياشاشنى خالايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۇنداق قىسىلغان مۇھىتقا ھەرگىزمۇ كۆنەلمەيدۇ. ئۇلار كەڭ دائىرىلىق قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىلىپ ياشاشقا ئامراق.

يەنە بىر ئەھۋال، مەن ئۇچراتقان خىتايلارنىڭ كۆپ قىسمى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا ياكى قىلغان ئىشى ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە توغرا كەلمىگۈدەك قىلىسىمۇ قىلچە نومۇس قىلماي بىزىرىپ يۈرۈۋېرىدىكەن. ھەتتا بىرەر باھانە تېپىپ ئۇ قىلغىنىنىڭ ھېچقانچە ئىش ئەمەسلىكىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدىكەن.

يەنە بىر ئىش، خىتايلار سېنىڭ دەرىجەڭگە بەكلا ئەھمىيەت قىلىدىكەن. سەن قايسى دەرىجىدىكى بىرى بولساڭ، ساڭا شۇ دەرىجىگە ماس مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئەگەر سېنىڭ ئورنۇڭ يۇقىرى بولسىلا ساڭا سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئەگەر ئالدىدىكى ئادەم ئادەتتىكى بىرى، ئۆزىگە قىلچە قىممىتى بولمايدىغان بىرى بولغىنىدا، بايىقى مىجەزى تۈپتىن ئۆزگىرەيدىكەن. قىسقىسى، ئۇلار باشقىلارنى ئۇچىغا چىققان ئەخمەق، كاللىسى ئۆتمەيدىغان دۆت سانايدىكەن. بىرەرسىگە شۇنداقلا ئېغىز ئېچىش بىلەن تەڭ، تەربىيە بېرىشكە، ساڭا يول كۆرسىتىشكىلا ئۇرۇنىشىدىكەن. باشقىلارنىڭ ئەيىۋىنى كۆرسىتىشكە، باشقىلارنى تەنقىدلەشكە، ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، بۇنداق قىلغىنىڭ توغرا ئەمەس دەپلا يۈرۈشكە ئامراق ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ھېچقاچان خاتالىشىپ باقمىغانمىدۇ؟ گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۆتكەزگەن خاتالىقى سېنىڭ ئۆتكەزگەن خاتالىقىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىش ھېسابلىنىدىكەن.

ئادەتتە، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار جېدەللىشىپ قالسا، ئۇرۇشۇپ قالسا، خىتايلار دۇنيادىكى ئەڭ پاسكىنا تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىش، ۋارقىراپ جارقىراشتىن، ئادەمنى جىلى قىلىپ يېرىۋەتكىدەك گەپنىڭ ھەممىنى قىلىشتىن باش تارتمايدىكەنۇ، قول سېلىپ ئۇرمايدىكەن. ئەمما بىز ئۇيغۇرلاردا ئۇنداق يول بويىدا ئىككىسى ئىككى تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ بىر-بىرسىنى نەچچە سائەتلەپ تىللىشىدىغان ئەھۋالنى زادىلا ئۇچرىتالمايسەن. ئۇيغۇرلار بىر نەچچە ئېغىز تىللاشتىمۇ بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشت بىلەن سۆزلىشىشكە كىرىشىدۇ. يا سەن مېنى يېڭىپ چىقىشىڭ

كېرەك يا مەن سېنى. ئەمما خىتايلار شۇنداقلا قول تەككۈزدىمۇ بولدى، دەرھال ئۇنى چوڭقايتىۋېتىدۇ. ئەمما نېمىشقا قول تەككۈزگىنىنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلىشمايدىكەن.

## "تۇماق" بىلەن "سامان قالپاق" نىڭ پەرقى

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق بولسا، سېنىڭچە بۇ تۈردىكى زىددىيەتلەرنىڭ سەۋەبى مىللەتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر-بىرسىگە ئىشەنمەسلىك تۇيغىسىنىڭ نەتىجىسىمۇ قانداق؟

مۇختەر: ياق، مېنىڭچە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئۇنداقمۇ ئەمەس. بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىككى مىللەت بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەمما بۇنداق ئىشەنمەسلىك بۇ يەردە يەنە ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ئېڭى ئۇيغۇرلارنى بىز مۇستەملىكە قىلىۋالغان بىر مىللەت، بىزدىن تۆۋەن مىللەت دەپ تونۇشىدىن كەلمەكتە. ئۇلار ئېغىزىدا دېمىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ بىزنى ئەنە شۇنداق ھېسابلايدىغانلىقى پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا. نۇرغۇنلىغان خىتايلار ئۆز ئارا سۆزلەشكىنىدە بىزنى 'ئۇيغۇر' دېمەستىن 'تۇماق' دېيىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇنداق دېگىنىنى سەن ئاڭلىغانمىدىڭ؟

مۇختەر: بىر كۈنىسى مەن ئىشخانىغا كىرىشىمدە ئۇلار تۇماقلار ئۇنداق، تۇماقلار مۇنداق دەپ سۆزلىشىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇلارغا: ھەي سامان قالپاقلار بىزنى يەنە نېمىلەر دېيىشىۋاتىسىلەر، سىلەر شۇنچە دۆتمۇ، تىرە قالپاق بىلەن چىغ قالپاق ئوتتۇرىسىدا بەكلا چوڭ پەرق بولىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭلار؟ سامان قالپاقنى ھەممىلا ئادەم توقىيالىغىنى بىلەن تىرە قالپاق ئۈچۈن ئالاھىدە تېخنىكاڭ بولمىسا ياسىيالمايسەن. قوي تېرىسىنى يۇگەپلا باش كىيىم قىلىپ كىيىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنى خېلى قىيىن تېخنىكا بىلەن ئاندىن تۇماققا ئايلاندۇرالايسەن. سەن كۆرمىدىڭمۇ قايسى بىر بايىۋەتچى قىشتا تۇماق كىيمەي يۈرىدۇ؟ شەرقى شىمال ئۆلكىلەردە شىماللىق چوڭ بايىۋەتچىلەرمۇ تۇماق كىيىدىغاندۇ؟ سەددىچىن بويلىرىدىكىلەر تۆلكە تۇمىقى كىيىدىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ سىلەر تېخى تىرە تۇماقنى سىلەر كۆزگە ئىلىغىڭلار كەلمەيدۇ تېخى دېدىم.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇنداق دېۋىدىڭ ئۇلار نېمە دېدى؟ چاقچاق دەپ قويغانتۇق دېگەندۇ ھەرقاچان؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە شۇنداق دەيدىدە. بۇ دېگەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا رەم بولۇپ كەتكەن. ئۇلار ھەر دائىم شۇنداق، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن چاقچاق قىلغانتىم، مۇنداقلا دەپ قويغانتىم دەپ قۇتۇلىدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئەسلى غەرىزىنى ئېيتىپ بەرسەڭ ئۇلار دەرھال سېنى مىللىي ھېسسىياتقا دائىر گەپ قىلىشقا باشلىدىڭ دەپ قورقۇتماقچى بولىشىدۇ.

خىتاي خەق دېگەن ئەنە شۇنداق ئادەملەر، كۆرسىتىدىغان باھانىسى كۆرمىكى. مەسىلەن قاتناش ۋەقەسىنى ئالساق، ماشىنا يەڭگىل سۈركىلىپلا ئۆتكەندەك قىلسىمۇ ھېچ يېرى بىرنېمە بولمىغىنىغا قارىماي دوختۇرغا بېرىپ س ت غا چۈشۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن چاپلىشىپلا قالىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار يېقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى تۇتۇپ بېقىپ ماشىنىغا قاراپ قويۇپ يولىغا راۋان بولىدۇ. بەك بولۇپ كەتسە قاراۋىراق ھەيدىسەڭ بولمامدۇ! دەپ ۋارقىراپ قويىدۇ شۇ. خىتايلار بۇنداق باھانىنى تېپىۋالسا دەرھال دوختۇرغا ئاپار دەپ يېتىۋالىدۇ. دوختۇرلارمۇ ھېچنېمە بولماپتۇ دېسە ۋاي-جان، ۋايىيەي، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ۋارقىرايدۇ. ھېچنىمەڭ يوق نېمىگە ئاغرىيدىكەن، سەن ھەرقاچان س ت غا چۈشۈرۈشنى ئويلىدىڭغۇ دەيمەن، بولدى، تەكشۈرۈپ قويدۇم دېدىمۇ بولدى، ئۇ خىتاي دوختۇرغا ئېسىلىپلا قالىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق بۇدۇشقان بىر خەق.

بەزى ئۇششاڭ-چۈششەك ئىشلاردىمۇ ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ چاپلىشىۋالىدۇ. بىرەر مەسىلە چىقىرىشنىڭلا پېيىدا يۈرىدۇ. مېنىڭ دوستۇمنىڭ تاكسىسى بىر قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغان ئىدى، بىر خىتاي بالىسى قورادىن يۈگۈرۈپ چىقىۋېتىپ ماشىنىغا ئۇرۇلۇپ كېتىدۇ. كەينىدىنلا بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى چىقىپ ماشىنىنى سەن نېمىشقا بۇ يەرگە توختاتقان ئىدىڭ دەپ جېدەل قىلغىلى تۇردى. ھېلىقى دوستۇم ئۇنىڭغا بۇ يەردە ماشىنا توختىتىشقا بولمامتى ئەمىسە دېسە، ئۇلار سەن ماشىنىنى بۇيەرگە توختىتىپ مۇشۇ ئىش چىقتى، سەن بۇ ئىشقا مەسئۇل بۆلىشىڭ كېرەك، قاتناش ساقچىسىغا بارىمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ساقچىغا بارغاندىن كېيىن ساقچىلار بالىغا قاراپ ھېچنېمە بولماپتىغۇ دېسە، ئايال خىتاي “بالام چوقۇم بىر نېمە بولدى”، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ساقچىلار “بىر نېمە بولغىنىنى سەن قانداق بىلىسەن؟” دېسە، ئۇ ئايال دوختۇرخانىغا بېرىپ قول-پۇتلىرىنى تەكشۈرتىمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ساقچىلار ئامال قىلالماي دوستۇمغا: “ئەگەر كېيىن بۇ بالا بىر نېمە بولۇپ قالسا ساڭا ئارتىپ داۋا قىلىشتىنمۇ يانمىغىدەك، ئۇ چاغدا بالاغا قالغاندىن ھازىر بېرىپ تەكشۈرتۈپ كەلگىنىڭ تۈزۈكتەك قىلىدۇ” دېيىشىدۇ. دوستۇم دوختۇرخانىغا ئاپارغىنىدا، دوختۇرلار ئاپپاراتقا سېلىپ بالىنىڭ پۇت-قوللىرىنى تەكشۈرۈپ ھېچ ئىش يوق دەيدۇ. شۇندىلا ئۇ خىتاي بالىسىنى ئېلىپ كەتتى. ئەمما پۇتۇن چىقىم دوستۇمغا ئارتىلدى. 500 كويدىن ئارتۇق پۇل تۆلىدى. ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ بۇنداق ئىشىغا ئۇچراپلا قالسا بالادا قالغىنى شۇ. خىتايلار بولدى قىلماي سېنى بىر ئامالاپ ئەدەپلەشنىڭلا كويىدا بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھېس قىلىشىڭچە شىنجاڭدىكى خىتايلار ئۆزلىرىنى يەرلىك مىللەتلەردىن ئۈستۈن چاغلاپ، يەرلىك مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەھۋاللار بەكلا ئېغىرمۇ؟

مۇختەر: بەكلا ئېغىر. ھەممە ماڭلۇرلار دېگۈدەك بىرەر جېدەل بولۇپ قالسىلا دەرھال 110 غا تېلېفون قىلىشقا ئامراق. ئۇلار ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئۇيغۇرلاردىن قوغدايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇنداق تونۇش 97-يىلىدىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بۇرۇن ئۇنچىلىك ئەمەس ئىدى. بۇ كۈنلەردە كىچىككىنە بىر سۈركىلىش بولدىمۇ، دەرھال ساقچىغا تېلېفون بېرىشىدۇ. يەنى بىزنىڭ ھەربىلىرىمىز، بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز بىزنى قوغدايدۇ دەپ شۇنداق قىلىدۇ. ساقچىغا مەلۇم قىلىش ستاتىستىكىلىرىدىنلا بۇنداق مەلۇم قىلىشلاردا ئۇيغۇرلار بەكلا ئاز سالماقنى تەشكىل

قىلىپ كەلگەنلىكىنى، خىتايلارنىڭ 80-90 پىرسەنتتىن ئاتۇقىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## مىللىي توقۇنۇش بولۇپ قالسا قايسى تەرەپ ئۈستۈن كېلەر؟

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە، ئەگەر بۇ كۈنلەردە بىرەر مىللىي توقۇنۇش چىقىپ قالغۇدەك قىلسا، قايسى تەرەپ كۈچلۈك چىقار؟

مۇختەر: پەرىزىمچە بۇنداق بىرەر ۋەقە ئۈرۈمچى بىلەن شىخەنزىلەردە يۈز بېرىپ قالغۇدەك قىلسا خىتايلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋېلىشى مۇمكىن. ئاقسۇ بىلەن كورلىدا ئىككى تەرەپ تەڭ كېلىپ قالارمىكىن. قالغان يەرلەردە يەنىلا ئۇيغۇرلار بېسىپ چۈشىدۇ. خىتايلار شەھەر ئىچىدە كۆپ.

ۋاڭ لىشيوڭ: خىتايلار بۇرۇن ئۇنچىلىك بىرلىك بولالمايدىغان، ئىتتىپاقسىز بىر خەلق ئىدى. بىر-بىرسىگە ياردەم قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلار هازىرمۇ شۇنداقمۇ؟ مىللىلار بىر-بىرسىگە ياردەملىشىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئادىمى ئاز كېلىپ قالسىمۇ ئۆزىدىن كۆپ خىتايلارغا قارشى تىركىشەلەيدىكەن. بۇگۈن بۇ ئەهۋال ئۆزگەردىمۇ قانداق؟

مۇختەر: ئۆزگەردى. يەرئاستى گۇرۇهلارغا مۇناسىۋەتلىك كىنولاردىن، خوڭكوڭ كىنولىرىدىن ئۆرۈپ بوزەك قىلىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان توپلىشىپ گۇرۇهلىشىپ جېدەل چىقىرىش ئۇسۇللىرىنى خىتايلار ئۆگىنىشكە باشلىدى. خىتاي باللىرىمۇ هازىر توپلىشىپ ئوينايدىغان بولدى. تاكسى شوپۇرلىرى ياكى لۈكچەك خىتايلار ئارىسىدا يېنىغا پىچاق سېلىپ يۈرىدىغانلىرى كۆپىيىپ كەتتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياشلار ئۇرۇش-جېدىلى كۆپمۇ؟

مۇختەر: بۇ تۇردىكى ئىشلار، يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما كۆپ ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بىر-بىرسى بىلەن بېرىش-كېلىشى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان يەرلىرىمۇ ئايرىم يەرلەردە بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: قايسى بىر مىللەت ئىچىدىكىلەردىن بىر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ باشقا قايسى بىر مىللەت ئادەملىرىنى ئۇرىدىغان ئىشلار بارمۇ؟ يەنى مەخسۇس، پىلانلىق ئۇرىدىغانلارنى دەيمەن، يەنى شۇ نېمىسلاردىكى تاقىرباشلار گۇروهىدىكىلەردەك دېمەكچى.

مۇختەر: يوق. ئۇنداق ئىش مەيلى خىتايلاردا بولسۇن ياكى ئۇيغۇرلاردا بولسۇن يوق.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بايا ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ خىتايلارنى قوغداپ، يەرلىكلەرنى بېسىپ بېرىدىغان ئەھۋاللار بارلىقىنى دېگەن ئىدىڭ، بۇنداق ئىشلارنىڭ قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدىغانلىقىنى دېيەلەمسەن؟

مۇختەر: بۈگۈنكى كۈندە، كوپ سانلىق ئۇيغۇرلار ساقچىغا كىرىپ قالساڭ بەرىبىر زىيان تارتىسەن دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر قاراش بار: ئەڭ ياخشىسى ھەق تالىشمەن دېمەي خىتايلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. دەرد تۆكمەن دەپ ساقچىغا بېرىپ يۈرمەڭلار. ئەگەر خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساڭلار ئۇلارنى قوپالمىغىدەك قىلىپ ئۇرۇپ يۇمىلىتىۋېتىپ قېچىپ كىتىڭلار. جېدەللىشىپ ساقچىغا بېرىپ قالساڭلار بەرىبىر خىتاينىڭ راسقا چىقىپ زىيان تارتىدىنى ئۆزۈڭلار بولىسىلەر دەپ بىر-بىرىگە نەسىھەت قىلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇنىڭ سەۋەبى نېمە، تىل ئۇقتۇرالماسلىقتىنمۇ؟ قارشى تەرەپ گېپىنى ئاسان ئۇقتۇرالىغاچقا شۇنداقمۇ ياكى ساقچىلار بىر تەرەپكە يان باسىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

مۇختەر: ئۇيغۇرلار ئىككى ئېغىز گەپنى ئەپلەپ سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ خىتاي دەپ سالسىلا مىللىي ھېسسىياتقا بېرىلگەنلىك مەسىلىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار خىتايلارنى خىتاي دەپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھازىرقى يېزىلاردىمۇ يەنە شۇنداق ئاتىشىدۇ. ئادەتتىكى سورۇنلاردا، يەنى بىز دوستلىرىمىز بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقىنىمىزدىمۇ خەنسو دېمەي خىتاي دەيمىز. خەنسو دېگەن بۇ ئاتالغۇ شىنجاڭغا كىرگىنىگە يۈز يىلمۇ بولمىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇيغۇر تىلىدا خەنسولارنى "خىتاي" دەپ ئاتامدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىقراق سۆز يوقمۇ؟

مۇختەر: يوق. قېدىمدىن تارتىپ شۇنداق ئاتاپ كەلگەن ئىكەنمىز. بۈگۈنكى كۈندە خەنسو دەيدىغانلار ئاساسەن مەمۇرى خىزمەتچىلەر ياكى شۇنداقلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر. ھازىر خەلقارادىمۇ خەنسونى "خىتاي" دەپ قوبۇل قىلغان. «ئامېرىكا ئاۋازى» مۇ 'خىتاي' دەپ سۆزلەيدۇ. ئەمما خىتايلار بۇ ئاتالغۇ ھاقارەت سۆزى دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشىدۇ. ئۇيغۇردىن بىرسى خىتاي دەپلا قويسا ساقچىلار "نېمە دېدىڭ؟ خىتاي دېدىڭمۇ؟" دەپ تىللىغان بولۇپ ئاڭلىنىپ جېنى چىقىدۇ. شۇندىن كېيىن خىتايغا يان باسىدىغان، مۇئامىلىسىمۇ ۋەھشىلىشىدىغان بولىدۇ. خەنسو دېگەنلىك خىتاي مىللىتى دېگەنلىك ئەمەس. خىتاي مىللەت مىللىتى دەپ ئاتالغۇ يوقتە. ھېچكىم ئۇنداق دېمەيدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايچىدىكى خەنسو دېگەندىكى مىللەت سۆزىنى ئۇيغۇرچىدا دېگىلى بولمايدىغان تۇرسا. 'خىتاي' سۆزى ئۇرۇسچىدىمۇ شۇ پېتى ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ 'خىتاي' دېيىشى بىر ئادەتلەنگەن ئاتالغۇ مەسىلىسى. تالاش-تارتىشلاردا ھەر دائىم دېيىلىدىغان بىر گەپ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇ گەپ ئاغزىڭدىن چىقسىلا ئىشلىرىڭ بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ.

## شىنجاڭدىكى خىتايلار ‹چىدىماس›

## "سادام" ئىسمى قويۇلغان بوۋاق

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇيغۇرلار ئۆز ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، خىتايلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى دېگىنى بىلەن، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان خىتايلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئىككىنچى ئورۇندىكى گراجدان دەرىجىسى بويىچە مۇئامىلىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ھۆكۈمەتنى تىللايدىكەن. بۇ يەردە بىر پارچا ماقالە بار. ئۇ ماقالە تور بەتلىرىدە بەكلا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ئۆزىگە ‹چىدىماس› دەپ لەقەم قويۇۋالغانىكەن. ئۇ كىشى مەن شىنجاڭدا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە بىر نەرسىلەر يازدىم دەپتۇ. بۇ ماقالىنى سەنمۇ ئوقۇپ باق، ئاندىن بۇ ماقالىنى ئابزاسلار بويىچە قىسقىچە باھالاپ باقساڭ قانداق؟

مۇختەر: (ئۇ ماقالىدىن بىر ئابزاس ئوقۇيدۇ) شىنجاڭدىكى تېررورىزىمچىلار باشتىن ئاخىرى مىللىي مەسىلىلەر بىلەن، مۇستەقىلچىلار ھەرىكىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا يۈز بەرگەن "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى"، 50-يىللاردا يۈز بەرگەن شىنجاڭ "باندىتلار ۋەقەسى" (مۇستەقىلچىلىق)، 60-يىللاردا يۈز بەرگەن "غۇلجا-چۆچەك ۋەقەسى"، 70-يىللاردا يۈز بەرگەن قەشقەر "ئۆكتەبىر ۋەقەسى"، 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن "پەيزاۋات ۋەقەسى"، "بارىن ۋەقەسى"، 90-يىللاردا يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى 25-فېۋرال ۋەقەسى" (5-فىۋرالنى دېسە كېرەك – ت)، "غۇلجا ۋەقەسى" دېگەندەك ۋەقەلەرنىڭ ھەر قاندىقى مىللىي مۇستەقىللىق، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش دېگەندەك تۇغلارنى كۆتۈرۈشۈپ چىققان بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تېررورچىلىق شىنجاڭدا يېتىلىش شارائىتىغا ۋە مۇنبەت تۇپرىقىغا ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىزمۇ "ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر ئۈچۈم دىنى ئەسەبىلەرنىڭ قىزىقىشىدىنلا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئىشلار" دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىشى بىلەن تەڭ، شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئىراققا بېرىپ جەڭگە قاتناشماقچى بولۇشقان. شۇ مەزگىللەردە، ‹سادام› ئېتىنى قويغان بوۋاقلار ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار سادامنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى دەپ ھىساپلىشىدىكەن. بۇنداق ئىشلار شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بۇنداق تەسىرنى يۇقتۇرۇۋالغانلار بەكلا كۆپ ئىكەن.

كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلاردىن بىرمۇ كىشى ئىراقتىكى ئۇرۇشقا بارغان ئەمەس. ئۇ يەر دېگەن يۇگۇرۇپ چىقسىلا بارغىلى بولىدىغان داغدام ئوچۇق بىر يەر ئەمەس-تە. يولدا چېگرالار بار. ئۇيغۇرلار بارىمەن دەپمۇ بارالمايدۇ. شۇنداققۇ؟ ئەگەر ئۇلار تەكلىماكان چۆلىگە بارىمەن دېسە بەلكىم خالىغان ۋاقتىدا بارالىشى مۇمكىندۇ، ئەمما ئۇلار خالىغانچە ئىراققا بارالمايدۇ-دە! ئەگەر شۇنداق ئاسان چېگرادىن چىققىلى بولسا ئىدى، خىتايلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ چېگرا بويلىرى ئۇلارنى چىرايلىق كۈتۈۋېلىپ ئىراققا ئۆزىتىپ قويىدىغان بىر چېگرامىدى؟ نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! راست، ئۇ چاغلاردا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا سادام

ئېتىنى قويغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولغىنى بىلەن، ئۇ ۋاقىتلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ سادامىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بەرمىگەنمىدى؟ ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنى تېخى ھۆكۈمەت بىلەن بىر سەپتە تۇرغان، ھەمدە بىرلىكتە ئامېرىكىنىڭ ئىراققا قارشى تۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى. ھەيرانمەن، بۇنداق بىر مەسىلىنى قانداق قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن مەسىلە قىلىۋالدىكىن؟ ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بىر مەيداندا تۇرغان خىتاي كومپارتىيىسىنىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئايلاندى دېيىشكە توغرا كەلگىدەك. ئۇنىڭ بۇنداق بىر مەسىلىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى پەقەتلا مۇۋاپىق بولماي قاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ دېگەن "بۇنداق قاراشتىكىلەر شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە سەۋىيىلىك كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بەكلا كۆپ ئىكەن" دېگىنى پۈتۈنلەي يالغان. دېھقانلار ئارىسىدا بالىسىغا سادام ئىسمىنى قويغانلارنى مەنمۇ ئاڭلىغان. ئەمما بالىسىغا سادام ئىسىم قويغان ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەردىن، بولۇپمۇ يۇقىرى مەلۇماتلىقلاردىن بىرنىمۇ تاپالمايسەن! زىيالىيلىرىمىز سادامنى ھەرگىز ياخشى دېمەيدۇ. ئۇنى بىر مۇستەبىت دەپ تونۇيدۇ. بىر تەرەپتىن مۇستەبىتچىلەرنى ماختاپ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي مۇستەقىللىق شوئارىنى توۋلايدىغان ھاماقەت بۇ دۇنيادا يوقتۇ؟ بۇنى يازغان بىر ئەخمەق ئىكەن!

(ماقالىدىن يەنە بىر ئابزاس ئوقۇيدۇ) ئەمەلىيەتتە، يۇقىرى قاتلامدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگىچە بولغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا "شەرقى تۈركىستان" ئىدىيىسى ئىنتايىن كەڭ بازار تاپالايدۇ، ئىنتايىن كۈچلۈك چاقىرىق كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ. "خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرايلى" دېگەن پرىنسىپنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. شىنجاڭ ئاپتونوم رايون رەئىسى ئورنىدا ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن نېمە ئۈچۈن مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، خەلق قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن باشلىقى دەيدىغانلار شۇنچە كۆپ چىقىدۇ؟ سەيپىدىن، ئىسمايىللاردىن تارتىپ تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدە دۆڭگە يېقىتىلغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا سەيپىدىن دېگىنى «شەرقى تۈركىستان» نىڭ دۆلەت تامغىسىنىمۇ ئويدۇرۇپ تەييارلاپ بوپتىكەن. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ دوسكىلىرىدىمۇ پات-پاتلا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شوئارلار يېزىلىپ تۇرماقتا. بۇ ھەقتە تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ يۈرگەنلىكىمۇ سىر ئەمەس. دەل بۇ تالانغان ئاۋانگارتلار ئارىسىدا "شەرقى تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقى" ئىدىيىسى كەڭ تەسىر كۈچىگە ئىگە ھالەتتە تۇرماقتا. ...

"سەيپىدىن، ئىسمايىللاردىن تارتىپ تۆمۈرگىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلى ھوقۇقىدىن ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدە مەركەزگە يۆتكەپ كېتىلىپ دۆڭگە يېقىتىلغان كىشىلەردۇر" دەپ راست گەپنى قىلىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ كەينىدە دېگىنى، يەنى "سەيپىدىن 'شەرقى تۈركىستان' تامغىلىرىدىن تارتىپ ئويدۇرۇپ تەييارلاپ قويغان" دېگىنى قىزىق گەپ. سەيپىدىن تامغىلاردىن تارتىپ تەييارلاپ بولغىنى ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمەت ئۇنى ئۆستۈرۈپ مەركەزگە ئاپىرىپ ئەمەل بەرگەنمىكەن؟ ئۇنى نېمىشقا قولغا ئالماپتۇ؟ بۇ گەپنى ئۇ نەدىن تاپقاندۇ؟ بۇمۇ بىر جۆيلۈش-تە! شەرقى تۈركىستاننىڭ تامغىسىنىمۇ ئويدۇرۇپ تەييارلاپ قويغان بىرسىنى ھۆكۈمەت ھەجەپ ئەمەلدىن ئېلىۋەتمەپتۇ-ھە؟ ئەگەر سەيپىدىننىڭ ئۇ ئىشلىرىدىن ھۆكۈمەت خەۋەر تاپماي قالغان بولسا بۇ ئادەم نەدىن بىلىدىكەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: سىلەر بۇرۇن بۇنىڭدەك بىر ئىشتىن پەقەتلا خەۋەر تاپمىغانمىدىڭلار؟

مۇختەر: ياق، بۇنداق گەپنى مانا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم، بۇرۇن زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. راست شۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن بولسا مەركەزدىكىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەركەن؟ تېخى بۇنداق بىرسىنى ئۆزلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىۋېلىشقىنىچۇ تېخى! ئۇ دېگەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆزىدە پەقەتلا قەھرىمان بولۇشقا لاياقىتى يوق بىرسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى مەركەزدىكىلەر بىزدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. بولمىسا ئۇنى نېمىلا قىلىۋېتىمەن دېسە كۈچى يەتمەمتى؟

## ھۆكۈمەت ئازسانلىق مىللەتلەرگە راستىنلا ئەتىۋار بېرىش سىياستى ئىجرا قىلغانمۇ؟

مۇختەر: (ئۇ ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) ھۆكۈمەت بۇرۇن بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان سىياسەت-قارارلارنى چىقىرىشقان ئىدى. ئەمدى ئۆرۈلۈپ ئۇ قىلغانلىرىغا قارايدىغان بولساق، ھۆكۈمەت دېگەندەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىش قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، دەل شۇ سىياسەت-تۈزۈملەر مىللىي زىدىيەتلەرنى كۈچەيتىۋېتىشكە سەۋەب بولغان. يەنى: بۇ ئىشلار 'تېرروررچىلار' غا خىتاينىڭ شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرستى يارىتىپ بېرىپ، ئىدىيىۋى ھەمدە ماددىي جەھەتلەردە ھۇل ھازىرلاش مۇھىتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى بۈگۈنگە كەلگەندىلا 11-سېنتەبىر نيۇيورك تېرروررلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ مۇستەقىلچىلىرى مەسىلىسىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولغان. شۇ ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا شىنجاڭ مۇستەقىلچىلار كۈچىگە زەربە بېرىش ئىشلىرىدىكى ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلىدى.

دېمەك، بۇ كىشىمۇ مىللىي مەسىلىنىڭ ھۆكۈمەت پەيدا قىلغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپتۇ-دە. دېمەك بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خاتالىقى ئەمەسكەن. ياكى بولمىسا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاتالىقى دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى مەسئۇل ئىكەنلىكىنى تونۇغان. دېمەك ئۇ ئادەم ھېچ بولمىغاندا بۇ گەپنى بولسىمۇ ئېتىراپ قىپتۇ.

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) شىنجاڭ 1949-يىلى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن بۇيان مىللىي زىددىيەتلەر ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە، ۋاڭ جېن كومپارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئىجرا قىلغان ۋاقتىدا ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغىنىدىن باشقا، شىنجاڭدىكى جەمئىيەت مۇقىملىقى ئىزچىل ساقلانغان، مىللىي زىدىيەتلەر ئەڭ سىلىق ھەل قىلىنغان دەۋرلەر ھەقىقەتەنمۇ ماۋ زەيدوڭ دەۋرىگە مەنسۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان بارلىق كىشىلەر دېگۈدەك شۇنداق قارايدۇ. ماۋ زەيدوڭ دەۋرىدىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن قالايماقانلىششقا، مىللىي

زىدىيەتلەر بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلاپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزىپ كېلىۋاتقان ئەمىر-پەرمانلىرى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قېلىش بىلەنلا قالماي، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يۈزدە قىرىق قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان خىتايلارنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي كەلدى. نۇرغۇنلىغان سىياسەتلەر ماھىيەتتە پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا باشلىدى.

بۇ دېگىنى راست.

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) 70-يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇچتە 60 پىرسەنتكە كاپالەتلىك قىلىش دېگەن سىياسەتنى مەجبۇرى يولغا قويۇشقا باشلىدى. يەنى ئوقۇغۇچى ئېلىشتا ئازسانلىق مىللەتلەر يۈزدە ئاتمىشنى ئىگىلىشى، ئىشچى قوبۇل قىلىشتا ئازسانلىق مىللەتلەر يۈزدە ئاتمىشنى ئىگىلىشى، ئەسكەر ئېلىشتا ئازسانلىق مىللەتلەر يۈزدە ئاتمىشنى ئىگىلىشى كېرەك (پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلغان يىللاردا ئەسكەرلەر ھەربىلىكتىن چېكىنىپ دەرھال تۆمۈر تاۋاق ئىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرىلاتتى) دېگەن سىياسەت مەجبۇرى ئىجرا قىلىندى. كېيىن بۇ ئىش ئۆزگىرىپ ھەرقانداق بىر ئىشتا ئازسانلىق مىللەتلەر ئاتمىش پىرسەنتنى ئىگىلىشى كېرەك دەيدىغان ھالغا كەلدى. شۇندىن باشلاپ بۇرۇنقى سىياسەت-پەرمانلار مىقدار ئۆلچىمى بويىچە قارىلىدىغان بولۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەت، ئىرقى كەمسىتىشلەر سۇنئى شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىي زىددىيەتلەر كۈندىن-كۈنگە جىددىلىششقا قاراپ يۈزلەندى. خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان مىللەتلەرگە نىسبەتەن تەڭسىزلىك مۇئامىلىگە ئۇچرىشى تەرەققىي قىلىپ كەمسىتىلىدىغان، نارازىلىق ھېسسىياتلىرى تەرەققىي قىلىپ ئۆچمەنلىك قىلىنىدىغان ھالغا كەلدى. مەسىلەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغانلارنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچى تاللاش چېكىنىڭ باشقا ئۆلكىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بۆلىشىدەك ناھەقچىلىقلارغا چىداشلىق بېرىشتىن باشقا، يەنە ئومۇمى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانى ئىچىدە يۈزدە قىرىقتىن ئېشىپ كەتمىسۇن دەيدىغان كەمسىتىلىشلەرگىمۇ چىداشقا مەجبۇر قىلىندى!

بۇ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق جۆيلۈشلەركەن. ئوقۇغۇچى ئېلىشتا، 1990-يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاران 6 مىڭ مىللىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىللى ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئېلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى چوقۇم 6 مىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك تەلەپ قىلىنماقتا دېگەن ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن شۇ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانغا قاتناشقانمىدىڭ؟

مۇختەر: شۇنداق. ئۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئەمما مۇتلەق تۆردە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ئېنىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر ئوقۇغۇچى ئېلىشتا مىللەتلەر يۈزدە ئاتمىشتىن كەم بولمىسۇن دېيىلگەن بولسا بۇنىڭدىن چوقۇم خەۋىرىڭ بولاتتىغۇ دەيمەن.

مۇختەر: ئەلۋەتتە خەۋەر تېپىشىم كېرەكتى-دە. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز شۇ چاغدا بىزگە دېگىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن: پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن 6 مىڭ كىشى قوبۇل قىلىنىدىكەن، سىلەر چوقۇم شۇ 6 مىڭنىڭ ئىچىگە كىرەلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر بۇ سان ئىچىگە كىرەلمەي قالساڭلار، سىلەرنىڭ بۇندىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ياكى تېخنىكوملاردا ئوقۇش ھەققىڭلار تۈگەيدۇ، ئالىدىغان سان 6 مىڭ، ئۇنتۇماڭلار، ئېنىق 6 مىڭ دەپ بەلگىلەنگەن! دەپ ئېيتقان ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ يىلى راست ئون مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغاندۇ ھەرقاچان، ئۇنىڭ 60 پىرسەنتى راسلا 6 مىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىلەرنى 6 مىڭدا چەكلەپ تۇتقان بولسا، بۇ ئوتتۇرىدا بىر نىسبەتنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خىتاي ئوقۇغۇچىلار خىتاي ئۆلكىلىرىگە قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپلەرگىمۇ تاللىنىش پىرسەنتى بار تۇرسا؟ ئۇنداق پىرسەنت بىزدە يوق.

ۋاڭ لىشيوڭ: سىلەر خىتايدىكى مەكتەپلەرگە تاللانامتىڭلار؟

مۇختەر: ياق مۇمكىن ئەمەس. بىز ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشىمىز ئۈچۈن قەتئىي تۈردە تەييارلىق سىنىپلارغا قوبۇل قىلىنغان بولۇشىمىز كېرەك. ئۇ دېگەن ئىنتايىن چەكلىك بىر سان. خىتاي ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭدىكى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشتا بەلكىم شۇنداق بىرەر نىسبەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇلار شىنجاڭدىن باشقا ھەرقانداق ئۆلكىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىگە كىرەلەيدۇ-دە! بىزچۇ؟ بىز 7 دەرسنىڭ ھەممىسىدە تولۇق نومۇر ئالالىغان بولساقمۇ بىزنى چىڭخۇا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا قوبۇل قىلىشمايدۇ-دە. بىزدىن ئوقۇغۇچى تاللاشتا خىتايدىكى مەكتەپلەرگە ئورۇن يوق. بىز پەقەتلا شىنجاڭدىكى مەكتەپلەرنىڭلا تاللىشىغا قاتنىشالايمىز. ئەگەر شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىمىز دېسەك ئاۋۋال شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاچقان تەييارلىق سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىشىمىز شەرت. ئۇ يەردە بىر-ئىككى يىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن رەسمىي ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانغا قاتنىشالايمىز.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەسكەرلىككە ئېلىشتا يۈزدە ئاتمىش ئاز سانلىق مىللەت بولۇشى كېرەك دېگىنى يوق گەپ. ئۇنى قوي. ئىشچى ئېلىشتىچۇ؟

مۇختەر: ئەسكەر ئالغىدەكمىش، ئەسكەرلىك دېگەن بەكلا مۇھىم بىر ئىش. ئەسكەر تاللاشتا يۈزدە ئاتمىش دەيسەن، يۈزە ئونمۇ بولالمايمىز. سەن ئويلاپ باق، قورال بىلەن ئوق-دورىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويالارمۇ ئۇلار؟ ئۇيغۇر ساقچىلىرىغىمۇ قورال بەرمەيۋاتقان يەردە، بىزدىن ھەربىيلىككە ئالىدۇ دەمسەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئىشچى ئېلىشچۇ؟

مۇختەر: بۇنى تەكشۈرۈش بەكلا ئاسان. مەسىلەن 80-يىللاردا قانچە ئىشچى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ مىللىي نىسبىتى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاسانلا سۈرۈشتە قىلغىلى بولىدۇ. بەلكىم ئىشچىلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلار كۆپرەك ياكى تەڭ بۆلىشىمۇ مۇمكىن (ئۈرۈمچى تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتىدا بىرمىڭ ئىككى يۈزدەك ئىشچى-خىزمەتچىدىن 6 نەپەر رەسمىي ئۇيغۇر ئىشچى، 5 نەپەر ۋاقىتلىق ئىشچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 2 نەپىرى كاتولدا كۆمۈر توشۇيدىكەندۇق، قالغانلارنىڭ ھەممىسى كەمپۈت ئورايدىغانلار. كادىردىن بىر نەپىرى بار بولۇپ، ئۇمۇ ئىشخانىدىن ئورۇنغا ئېرىشەلمەي سېختا رېمونتچىلىق قىلاتتىكەن، 1976. تيانشان خىمىيە زاۋۇتىدا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئون نەچچە قوي باقىدىغان ئىشچى، 4-5 ئەخلەت توشۇيدىغان ئىشچى بار ئىكەندۇق. ھە راست، بىر ئۇيغۇر ئەنجىنېرىمۇ بار بولۇپ، شۇ يىلىسى ئۇنى يېزىغا چۈشىرىۋەتكەنمىش. 1976 ئۈرۈمچى تيانشان پىكاپ چوڭ رېمونت زاۋۇتىدا 800 گە يېقىن ئىشچى-كادىر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت نەپەر بازغانچى ۋە 3 نەپەر رېمونتچى ئۇيغۇر-تاتارلار بار ئىكەندۇق. بازغانچىلىقتا تاللىنالىغاندىكىن بىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك خەق جۇمۇ! پەنلەر ئاكادېمىيىسى فىزىكا، خىمىيە تەتقىقات يۈرتلىرىدا 300 دىن ئارتۇق خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەچچىسى سوۋېتتا ئوقۇغان 12 نەپەر مىللىي خىزمەتچىسى بار ئىكەندۇق. ئاخبارات تەتقىقات يۈرتىنىڭمۇ 60 تەك كادىرى بولۇپ، ئارىسىدا بىر نەپەر ئۇيغۇر ۋە يەنە بىر نەپەر خىتايدىن بولغان ئۇيغۇرچە تەرجىمان، بىر نەپەر داغۇردىن بولغان ئۇيغۇرچە تەرجىمانى بار ئىكەن. ... دېپرىنسىيال-ئېنتېگرال تەڭلىمىلىرىنى يېشىشنى ئۆنتۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بۇلارنىڭ نىسپىتىنى ھېسابلاپ چىقىشقا ئاجىز كېلىپ قالدىم. ھە، توغرا، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيە تەتقىقات يۈرتىنىڭ بىر ئۇيغۇر مۇئاۋىن باشلىقى بار بولۇپ، خىتايچە قەتئىي ساۋاتى يوق، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق گېزىتىدىن موخوركا يۆگەپ چەككىدەكلا ساۋاتى بار ئىدى. بىز نېمە دېگەن قابىلىيەتلىك مىللەتمىز-ھە! ساۋاتسىزلىرىمىزمۇ ئاكادېمىكلارنى باشقۇرالايدۇ. بۇ كىشى، كىچىكىدە بىر سودىگەرنىڭ ياللىۋېلىشى بىلەن لەنجۇغا ئېلىپ كېتىلگەنىكەن. ئۇ يەردە گوڭسەنداڭ كېلىپ قالغاچقا ئۇ سودىگەر بىللە ئېلىپ كەلگەن قادىر ئىسىملىك بۇ بالىنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ بالا گوڭسەنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى كىرىش پىيادە قىسىملىرىغا يول باشچىلىق، تەرجىمانلىق ئۈچۈن تاللىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇنى ئاكادېمىيىنىڭ خىمىيە تەتقىقات يۈرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋەزىپىسى بىلەن مۇكاپاتلاشقان. شەخسى ئالاھىدىلىكى، پەقەتلا رەنجىشنى بىلمەيدىغان، ساپ گەنسۇ تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان ۋە بىنا-قورالارنىڭ تازىلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر بىرسى ئىدى. 1978. – ت›، ئەمما مەمۇرى كادىرلار ئىچىدە خىتايلار 70 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى ئىگىلەيدۇ. مەن بۇرۇن ئىشلىگەن ئىدارىدە 37 نەپەر ئادەم بار ئىدى. ئۇلاردىن 8 نەپىرىمىز ئۇيغۇر ئىدۇق. قاتناش باشقارمىسىدا 20 نەچچىمىكىن ياكى 30 غۇ دەيمەن ئادىمى بار بولۇپ، ئۇنىڭ 5 نەپىرى ئۇيغۇر، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. سەن ھازىر خالىغان بىر ئىدارىگە كىرىپ باق، ئۇ يەرلەردە ئاساسەن ئۇيغۇر يوقلۇقىنى كۆرۈۋالالايسەن ئەمما مىللىي مەكتەپلەردە بۇ نىسبەت خېلى يامان ئەمەس. چۈنكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن دەرس بېرەلەيدىغان خىتاي بولمىغاچقا، ئۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلار خېلى يۇقىرى نىسبەتتە ئىكەن.

## “قۇشقاچلارنىڭمۇ شەرقى جەنۇپقا ئۇچۇشى” غا كىم سەۋەبچى؟

مۇختەر: (ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەرخىل مىللەتلەر ئەينى سىنىپتا، ئەينىي پاكولتىتتا ۋە ئەينى كەسىپتە ئوقۇپ تۇرۇقلۇق بىر تۇتاش ئوقۇتۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئايرىم، دەرس پروگراممىلىرى ئايرىم، دەرسلىك كىتابلىرىمۇ پۈتۈنلەي باشقىچە.

شۇنداق، دەرسلىكلەر ئوخشاش ئەمەس. بىز ئۇ چاغدا ئۇيغۇرچە دەرس ئالاتتۇق. ئەمما دەرسلىك مەزمۇنى ھەممىسىدىلا ئوخشاشقۇ؟ ماتېماتىكا، فىزىكا دېگەندەك دەرسلەرنى ئىككى خىل ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا كېرەك؟ ئىسمىنىڭ ئاتىلىشى ئوخشىمىغاندەك قىلغىنى بىلەن ھەممىسىنىڭلا مەزمۇنى ئوخشاش. مەسىلەن ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىنىڭ نەزەرىيىسى دۇنيانىڭ نەرىگىلا بارسا ئوخشاشقۇ؟ ئېھتىماللىق دېگەن نېمە دېگەن سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب ھەممە يەردە ئوخشاشتۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇيغۇرچە ئېھتىماللىق چۈشەنچىسى بىلەن خىتايچە ئېھتىماللىق چۈشەنچىسى پەرقلىق ئىزاھلىنامدۇ؟ ئۇ بۇ يەردە بۇ ئىككى تىلدا نەزەرىيىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ دېمەكچى بولۇپتۇ.

(داۋامىنى ئوقۇيدۇ) مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تۈردىكى سىياسەتلىرى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا كۆزلەنگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلا بولماي، يەنە خىتايلار (شىنجاڭدىكى ھېقىقى ئازسانلىق مىللەت ئەسلى خىتاي مىللىتىدۇر) غا پەقەتلا تەڭ مۇئامىلە قىلىنماي كەلمەكتە. 80-يىللارنىڭ دەسلىپىدە، خۇ ياۋباڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈشىدىن كېيىن، شىنجاڭدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن نەچچە ئون يىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن خىتاي كادىرلىرى بېيجىڭغا ئېقىن قىلىپ ئەرز قىلىشقا كىرىشىدۇ: بىز بۇ يەر ئۈچۈن ياشلىق باھارىمىز بىلەن پۈتۈن ھاياتىمىزنى، پۈتۈن ئەۋلادىمىزنى بېغىشلىدۇق! شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇش، ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىش، ھەربىيلىككە قوبۇل قىلىنىش دېگەنلەر ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ بىچارە خەلق پەرزەنتلىرىنىڭ بىردىن-بىر چىقىش يولى ھېسابلىناتتى! مەركەز يولغا قويۇۋاتقان بۇ سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن زور كۆلەمدىكى خىتايلارنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى، ئاقىۋەتتە 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كېتىش دولقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى خىتايلارغا سېلىشتۇرۇپ ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنىلا ھېس قىلىپ قالماي، ھەتتا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا سېلىشتۇرغاندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكەن ئىدى! گەرچە مەركەز بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر كەينى-كەينىدىن “پرىنسىپ جەھەتتە شىنجاڭلىق مەكتەپ پۈتتەرگەنلەر چوقۇم شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشى كېرەك”، “جەنۇپتىكى ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاستىن كېلىپ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر قەتئىي كەلگەن يېرىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ”، “تەرەققىي قىلغان رايونلار شىنجاڭلىقلار ئارىسىدىن ئادەم تاللاشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ” دېگەندەك بىر قاتار كىشىلەر قەلبىنى زەدىلەيدىغان، كىشىلىك ھوقۇققا زىت سىياسەتلەرنى بازارغا سېلىپ يۈرگىنىگە قارىماي،

شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا. بۇرۇنقى "توز قۇشلىرى شەرقى جەنۇپقا ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ" دەيدىغاندىن بۈگۈنكى "قۇشقاچلارمۇ شەرقى جەنۇپقا ئۇچۇپ كېتىدىغان" ۋەزىيەتكە سەۋەبچى بولماقتا. ئۇنداقتا بۇ ھۆكۈمەت نېمىشقا بۇرۇنقى سىياسەتلىرىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىپ باقمايدىكەن؟ ياكى بولمىسا خەلقئارالىق تېررورچىلىققا قارشى تۇرۇش شامىلىنى پۇرسەت بىلىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ۋاقىتلىق باستۇرىۋالدۇق دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ ياق، بۇ سىياسەت ئۆزگەرتىلمەيدىكەن، مەسىلىنى ھەرگىزمۇ تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلالمايسىلەر!

بۇ ئادەمنىڭ قاراشلىرى پۈتۈنلەي تاجاۋۇزچىلار سىياستىنى ھىمايە قىلىدىغان قاراشلار ئىكەنغۇ! بۇ ئادەم تېخىمۇ كۆپ خىتاينى شىنجاڭغا يۆتكەشنى خىيال قىلىپ يۈرگەنىكەندە، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى نەق مىللەتچىلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلغانىكەن. ئۇ ھۆكۈمەت تېخىمۇ ياخشى بىر سىياسەت تۈزۈپ تېخىمۇ كۆپ خىتاينىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىشىغا يار يۆلەك بۆلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىرسى ئىكەندە. سەن باشقىلارنىڭ يېرىغا ئۇنچە كۆپ ئادىمىڭنى ئەكېلىپ يىلتىز تارتقۇزىمەن دېيىشتىكى غەرىزىڭ نېمە؟ ئۇنىڭ غەرىزى ئىمپېرىيىسى ئۇچۇن چاپارمەنلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بويىچە بولغاندا، سىچۈەنلىكلەرنىڭ ھەممىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىۋالسىلا ئاندىن ئارام تاپىدىغاندەك قىلىدۇ.

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) بۈگۈنكى كۈندە، ھۆكۈمەت يولغا قويىۋاتقان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەرىكىتى جەريانىدا شىنجاڭدا 60 پىرسەن دەيدىغان بۇنداق بىر سىياسەت يۈرگۈزىدىكەن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، خىتايلارنى يامان كۆرۈپ پەس كۆرىدىغان ھېسسىياتلىرىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. "شەرقى تۈركىستانچىلار" تېخىمۇ كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغان مۇھىتقا ئېرىشىۋالىدۇ. بۇرۇنقى پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىللىرىدە ھۆكۈمەت ئاتمىش پىرسەنلەشتۈرۈش سىياستىنى مەجبۇرى يولغا قويۇپ ئازسانلىق مىللەتلەرنى مەمۇرى ئورۇنلارغا، زاۋۇتلارغا، ھەربىي قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئازسانلىق مىللەت ستۇدېنتلىرىنىمۇ دۆلەت بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىش ئورۇنلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىغىمۇ ئەھمىيەت ئېلىپ كەتمەيتتى. ئەمما شۇ ۋاقىتلاردا ئازسانلىق مىللەت ستۇدېنتلىرى ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئېتىبار بېرىلىشلەردىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت-كارخانىلار قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋېدى، نۇرغۇنلىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە باشلىدى. شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلار بىلەن خۇسۇسى ئىگىلىك كارخانىلىرى يارىتىپ بەرگەن ئىش ئورنى پۇرسەتلىرى ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرى ھالىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىقتىسادى مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ تېخنىكىلىق ئىشچىلار بىلەن سەۋىيىلىك يېتىلدۇرۇلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئاۋۋال تاللاپ ئىشقا ئېلىش يولىنى تۇتۇشقا باشلىشى بىلەن، ھۆكۈمەت ھەرقانچە خىزمەت ئىشلەپ ئاز سانلىق مىللەت ئىش ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قۇيۇپ تۇرغان بولسىمۇ، مەمۇرى ئارىلىشىشنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي يوسۇندا بازار ئىگىلىكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، كەڭ كۆلەمدىكى ئىش ئورۇنلىرى خىتايلار تەرىپىدىن ئىگەللىنىشكە باشلاندى. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر دۆلەت تەقسىم قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش ئىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشقا باشلىشى بىلەن، بىلىم

سەۋىيىسىدىكى پەرق سەۋەبىدىن ئازسانلىق مىللەت مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى خىتايلارغا تەڭ كىلەلمەيدىغانلىقى روشەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئەسكەرلىككە ئېلىشتىمۇ مەجبۇرى ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنىدىن كېيىن ئەسكەرلەرنى بىۋاستە كادىر قىلىش ئىشلىرىمۇ ئەمەلدىن قېلىشقا باشلاپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارغا دۆلەت مەسئۇل بولۇپ خىزمەت تېپىپ بېرىش ئىشلىرىمۇ بىكار قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ھۆددىگەرلىكى بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان جايلاردىن پەقەتلا مەمۇرى ئورگانلارلا قالدى. ئۇ يەرلەرمۇ يىلدىن-يىلغا ئىخچاملاشتۇرۇلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردىمۇ بوش ئورۇن قالمىدى. بۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت بۇرۇندىن تارتىپ يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئاتمىش پىرسەنتنى كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپى مەمۇرى ئورگانلار بىلەن مەكتەپلەردىلا چەكلىنىپ قالغاچقا رىيال ئەھمىيىتىنىمۇ يوقاتقان ھېسابلاندى.

بۇ ئادەم، خىتايلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى دېمەكچى ئىكەن. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زىيالىيلار، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپى-تېخنىكا ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشلەردىن بەرسىمۇ شىنجاڭغا كېلىشنى خالىمايدۇ. مېنىڭ بىر دوستۇم ئۈرۈمچىدىكى بىر زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. ئۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەخسۇس كەسپىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنت بولۇپ، ئىشلەۋاتقىنىغىمۇ ئون يىلدەك بولغان ئىدى. بۇ ئون يىل جەريانىدا زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭغا ئۈچ نەپەر شاگىرت بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا سىچۈەندىن كەلگەن تولۇقسىز ياكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن باللار ئىكەن. ئۇ دوستۇم بۇ شاگىرتلارنى 2-3 يىلدىن كەينىگە سېلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسىلا كېيىن زاۋۇتنىڭ تېخنىك دەرىجىسىگە ئېرىشكەن. ئەمما مېنىڭ ئۇ دوستۇم قانداق بولدى دېمەيسىلەر. ئۇ دوستۇم يەنىلا تۆۋەندە سېختا ئىشلەپ يۈرۈۋەرگەن. ئۇ بىر كۈنى زاۋۇت باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ ''مەن يېتىشتۈرگەن 3 كىشى تېخنىك بولۇپ ئىشخانىدا بىردىن جوزا ئىگىلەپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا مەن يېتىشتۈرگەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن مېنى تېخنىك قىلىپ ئىشلەتمەيسىلەر؟ دەپ تەلەپ قىلغاندا، زاۋۇت مەسئولى ئۇنىڭغا: ''سىلەر ئۇيغۇرلار ھازىرچە بۇنداق ئىشلارنى خىيال قىلماسلىقىڭلار كېرەك'' دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاخىرى ئۇ دوستۇم ئىشنى تاشلاپ ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىش قىلىش ئۈچۈن زاۋۇتتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھازىر بىر ئاشخانا ئېچىپ يۈرىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ باشلىق سىلەر ئۇيغۇرلار ھازىرچە بۇنداق ئىشلارنى ئويلاشمىغىنىڭلار ياخشى دېگەندە، بىرەر باھانە كۆرسىتەلىگەنمىكەن؟

مۇختەر: تىل قىيىنچىلىقىڭ بار دېگەنمىش. ئەمما ئۇ ھېلىقى شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن ۋاقتىدا تىل توسالغۇلۇق قىلمىغان ئىكەندۇقۇ؟ كېيىن تېخنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ دوستۇم يېتىشتۈرگەنلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن تېخنىك دەرىجىگە ئۆستۈرۈلگەن.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا ھۇرۇن خەقمۇ؟

مۇختەر: (ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئەھۋالدا (راست، شىنجاڭدىكى بىڭتۇەنلىك يېزائىگىلىك ئىشچىسى خىتايلارنىڭمۇ تۇرمۇشى جاپالىق). بۇ ئىشلار مىللىي ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ، "شەرقى تۈركىستانچىلار" مەسىلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا ئايلانماقتا. مەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا: خىتايلار شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى بۇلاش ئۈچۈن كەلگەن، ئەگەر خىتايلار كەلمىگەن بولسا، شىنجاڭدىكى نېفىت زاپىسىغا تايىنىپلا سەئۈدى ئەرەبىستانلاردەك ياشىيالىغان بولاتتۇق، ئۇ نېفىتلىكلەرنى چەتئەللىكلەرگە ئاچتۇراتتۇق، ئۇلار بىزگە پۇل تېپىپ بېرەتتى، بىزمۇ ئەمگەكمۇ قىلماي ئوڭدا يېتىپ باياشات ياشىغان بولاتتۇق دېيىشىدىكەن. ئەگەر سەن ئەمگەك قىلماي ئوڭدىسىغا يېتىپ يېيىش نومۇس ئىش دەپ تەنقىتلىسەڭ، ئۇلار قوپۇپ: نېفىت دېگەن بۇ نەرسە بىزنى يېسۇن دەپ خۇدا ئاتا قىلغان بىر بايلىق دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.

ئۇ نېمىمىزنى تەنقىدلىمەكچى، ئۇ نېمە سەۋەبتىن بىزنى تەنقىتلىيەلەيدىكەن؟ – ئىشلىمەي چىشلەش نومۇس ئىش دەيدۇ تېخى! ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى ۋە كۆپ ئىشلەيدىغانلار ئۇنىڭ ئالغان مائاشىدىن ئاز ھەق ئالسا، بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشنى بىلىدىغانمىدۇ؟ مائاشىدىن ئۇ كىشىگە بىرەرمۇ دەيسىلەر؟ بۇنداق بىر ئىشتىن بۇ كىشى يەنە ئۆزىنى شەرەپلىك بىرسى ھېساپلىيالارمۇ؟ قايسى بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن مەغرۇرلانمايدىكەن؟ ئۇنىڭ دېگىنى سەن بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئەمگەك قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك دېمەكچى. ئەمگەك دېگەن نېمە؟

خىتايدىكىلەرمۇ چەتئەللىكلەرنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگۈنىۋاتامدىكەن؟ نېمىشقا ئۆزلىرى تېخنىكا چىقارماي چەتئەلنىڭ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشىدىكەن؟ بۇنىڭدىن غورۇرلىنالامدىكەن؟ بۇنداق گەپ توغرا ئەمەس ئىدىغۇ؟ سەن ئۆز ئەمگىكىڭگە تايىنىپ يارتقان تېخنىكاڭ بولغىنىدىلا ئاندىن مەغرۇرلىنالىشىڭ لازىم ئىدىغۇ؟

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە بىر قىسىم ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتىدۇ (مەسىلەن ھەر يىلى قىش كىرىشى بىلەن تەڭ شىنجاڭنىڭ خوتەن دېگەن يېرىگە نۇرغۇنلىغان پاختىلىق چاپانلارنى بېرىپ ئۇيغۇرلارغا قۇتقۇزۇش ياردىمى قىلىپ تۇرماقتا. ئەمما ئىككىنچى يىلى باھار كىرىشى بىلەن تەڭ بۇ چاپانلارنى ئالغان ئۇيغۇرلار بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ، پۇلىغا نەچچە زىخ كاۋاپ ئېلىپ يەۋېتىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. كېلەر قىشتا يەنە چاپىنى يوق ھۆكۈمەت بەرسۇن دەپ قاراپ ئولتۇرۇشىدىكەن)، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كومپارتىيىگە بولغان قاراشلىرىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتەلمىگەن. ھەتتا ئۇلار كومپارتىيىگە بولغان غەزىۋىنى شىنجاڭدىكى خىتاي پۇخرالىرىنى بوزەك قىلىش ئارقىلىق چىقىرىدىكەن.

بۇنداق بىر ئەھۋالنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئەگەر ھۆكۈمەت ھەممە يەردە ئۇيغۇرلارغا پاختىلىق چاپان، يېمەك ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ ئۆي بېرىپ بېقىشقا مەجبۇر قالغان بولسا، بۇ ھۆكۈمەت بۇ يەرنى تالىشىپ نېمە قىلاتتىكەن؟ بۇ كىشى گويا خىتايلار، ياكى مەركىزى ھۆكۈمەت بۇ يەرنىڭ خەلقىنى بېقىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ئالمىغاندەك سۆزلەيدىكەن. ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ بىكاردىن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمەن دەپ يۈرگەن بۇنچىلىك ئەخمەق بۆلىشىدىن بەكلا نومۇس قىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ مىللىتىمۇ بەكلا ئەخمەق بىر مىللەت ھېسابلىنىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ بىكاردىن باشقىلارغا ياردەم قىلىمەن دەپ نېمە قىلىدىكەن؟ ئۆزۈڭلارنىڭ شىمالى شەنشىدىكى جىلغىلاردا ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئادەملىرىڭلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ شۇنچە ناچار، ئۇلارغا يېتىشىپ بولالماي تۇرۇپ، كېلىپ بىزگە ياردەم قىلىمەن دەپ يۈرگىنىڭلار غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا بۇنداقمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر باركىنە؟ ئۆزىنىڭ قورسىقى تويماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئۇرۇغ-تۇققانلىرى ئاچ تۇرۇقلۇق باشقىلارغا ياردەم قىلىپ يۈرگىنىنى بۇ خىتايلار-ھە!

ئەسلى ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى غەرىزى، شىنجاڭلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىپلا ياشىيالايدۇ، ئەگەر ھۆكۈمەت ياردەم بەرمىسە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار بولۇپ كېتەتتى دېمەكچى. ئۇنداق بولسا خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە شۇنچە كۆپ خەلقنى بېقىپ كېتەلمەيۋاتقان، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاپ كېتەلمەيۋاتقان بۇ ھۆكۈمەت، بۇ چۆل-جەزىرىلىك بىر يەرگە كېلىپ شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنى بېقىشتىكى مەقسىتى نېمە ئەمىسە؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ كىشى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يەردىن قانچىلىغان بايلىقلارنى توشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ھېساپلىغىسى كەلمەپتۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا سەن، خىتايلار بۇ يەردىن نېمىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى قانداق ھېسابلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرەلەيمەن. مەسىلەن كان بايلىقلىرى دۆلەتنىڭ قولىدا. ئۇنىڭغا يەرلىكلەر ئارىلىشالمايدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنىمۇ يەرلىك مالىيىسى ئىچىگە قوشۇپ ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، ساناپ تۈگەتكىلى بولمىغۇدەك زور بىر رەقەم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نېفىت، تەبىئىي گاز، مىس رۇدىسى، ئالتايىنىڭ ئالتۇنى، ... شىنجاڭ كۆمۈرىنىلا ھەر يىلى 5 مىليون توننىدىن توشۇپ كېتىۋاتماقتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: بايا سەن دېگەندەك، تارقاتقان پاختىلىق چاپانلارنى سېتىپ خەجلىۋالىدىغان ئىشمۇ يوق دېگىنە! ...

مۇختەر: ئۇنداق نەرسىلەرنى ھەممىلا ئۇيغۇرغا بەرمەيدۇ. چاغان ياكى قىش كىرىشتە بەزى نامراتلارغا بەزى نەرسىلەرنى بېرىپ قويىدۇ. بۇ دېگەن كۆرسەتمىلىك قىلىپ ھەر يىلى قىلىپ تۇرىدىغان ئىشلىرى. ئۇنداق ئىشلار خىتاي ئۆلكىلىرىدىمۇ دائىم بار ئىشلارغۇ. بۇ خىتاي پۈتۈن خوتەن خەلقى ياز كۈنى چاپانلىرىنى سېتىپ كاۋاپ يەپ تۈگىتىۋېتىپ قىش كىرگەندە يەنە قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ ياتىدىغاندەكلا سۆزلەيدىكەن. نەدە ئۇنداق ئىش بار؟

ۋاڭ لىشيوڭ: بەلكىم ئاز بىر قىسىم ھۆرۈنلار ...

مۇختەر: ئۇنداق ھۆرۈنلارنى يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق ھۆرۈنلار دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بار. ھېچكىم يوق دېيەلمەيدۇ. ھەر قانداق مىللەتتە ئۇنداق ياكى بۇنداق ئادەملەر چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇنداق ئىقتىسادى قۇتقۇزۇش ئالىدىغان خىتايلارمۇ كۆپقۇ؟ ياپونلار خىتايغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقىتدا ياپونىيىلىكلەرگە ئەسكەر بولغان كىشىلەرمۇ بولغانتىغۇ؟ شۇنىڭغا قاراپلا خىتايلارنىڭ ھەممىسىلا خىتاينى ياپونلارنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىشقا قوشۇلىدىكەن دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇنداق ئەھۋال ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدا، يەنى مەيلى ئەنگىلىزلار ئىچىدە بولسۇن، فرانسۇزلار ئىچىدە بولسۇن، نېمىسلار ئىچىدە بولسۇن ھەممىسىدىلا بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆرۈن يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ گېرمانىيە شۇنچە تەرەققىي قىلغان، مىللەت بويىچىمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلغان تۇرۇقلۇق، ھەر كۈنى ئاخشىمى ساقچىلار نۇرغۇن مەسىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ تۇرىدىكەن. بۇ مەسىلەر ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ شۇ كوچىدىلا يېتىپ قېلىشىدىكەن. شۇڭا سۇپىتى يوقلار ھەممە خەلقتە بار، بىز ئۇيغۇردىلا بار ئىش ئەمەس.

### 5.4 ياشلىق ئۇيغۇر باللىرىمۇ خىتاي ئۇرامدۇ؟

مۇختەر: (ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) شىنجاڭدا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار باللىرىنى كىچىكىدىن تارتىپلا خىتايغا ئۆچ، خىتايدىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. شۇنداقمۇ؟ كىممۇ باللىرىغا بۇنداق گەپلەرنى دەيدىغاندۇ؟ كىممۇ بالىسىنى بىرەر مىللەتكە قارشى قىلىش ئۈچۈن سىستېمىلىق تەربىيىلەپ چىقالايدىغاندۇ؟ مەسىلەن ياپونلار خىتايغا تاجاۋۇز قىلغان ئىدى. ئەمما بۈگۈن ھېچكىم ياپون خەلقى تاجاۋۇز قىلدى دېمەي ياپونىيە ھۆكۈمىتى تاجاۋۇز قىلدى دەپ سۆزلىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتدا ھەتتا نۇرغۇنلىغان خىتايلار ياپون باللىرىنى بېقىۋالغانىكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدەك يەنە نۇرغۇنلىغان ياپونلارمۇ خىتايلارنى قۇتقازغانىكەن.

(ماقالىنىڭ داۋامىنى يەنە ئوقۇيدۇ) ئەگەر سەن قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتقان بولساڭ، كۈپكۈندۈزدىلا 4-5 ياشلىق ئۇيغۇر باللىرى كېلىپ يا ساڭا تاش ئېتىپ قېچىپ كېتىدۇ يا بولمىسا كېلىپ پۇتۇڭنى بولسىمۇ دەسسىۋېتىپ قاچىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا ھەرگىزمۇ ھەيران قالماسلىقىڭ كېرەك. ...

سەنمۇ قەشقەرگە بېرىپ باققان خىتايلاردىن بېرىسەن. قەشقەردە ئۇششاق باللار ساڭىمۇ شۇنداق قىلغانمىدى؟ ھەر يىلى شۇنچە خىتايلار قەشقەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەجەبا ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ خىتاي دېگەندەك ۋەقەلەرگە دۇچ كېلىپ باققانمىدۇ؟ ئەگەر پەۋقۇلئاددە بىرەر قېتىم بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسىمۇ ھەيران قالغىچىلىك بىر ئىش ھېسابلانمىسا كېرەك. بەلكىم بۇنىڭ دېگىنىدەك تاش ئاتىدىغان، پۇتىنى دەسسەپ قاچىدىغان بىرەر بالا راستىنلا بار دېيىلگىنىدىمۇ، ئۇ بالا قولىدىكى تېشىنى ئۇيغۇرغىمۇ ئېتىشى مۇمكىنغۇ. بىرەر ئىككى نارەسىدە بالىنىڭ قىلمىشىنى بارلىق ئۇيغۇرنىڭ قىلمىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىش توغرىمىدۇ؟ بۇ

ماقالىنى يازغان كىشىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا ھەرقانداق 4ـ5 ياشتىكى ئۇيغۇر بالىسى بىرەر خىتاينى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئېتىشقا باشلايدۇ، دەپتۇ. دەپ باققىنە، بۇنداق بالىلارنى سەن ئۇچراتتىڭمۇ؟ ياكى بولمىسا سەن تونۇيدىغان بىرەرسى قەشقەرگە بارغىنىدا بۇ تۈردىكى بىرەر ۋەقەگە يولۇققانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ بۇنداق ئىشقا 80ـيىللىرى دۇچ كېلىپ باققانمىدىڭ؟ 90ـيىللاردا يولۇقتۇرغانمىدىڭ؟ بۇ كۈنلەردىچۇ؟

(ماقالىنىڭ كېيىنكى ئابزاس قىسمىنى ئوقۇيدۇ) ... بۇنداق ئىشقا يولۇقساڭمۇ چىداپ ئۆتۈپ كەتكىنكى، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا نارازىلىق قىلىپ يۈرمە. ئەگەر سەن بۇ ئۇششاق بالىلارنى تۇتۇۋېلىپ بىرەر شاپىلاق ئۇرۇپ قويىدۇڭمۇ بولدى، ئەتراپتا تۇرغان ئۇيغۇرلار كېلىپ سېنى ئۇرۇپ دەسسەپ ساق يېرىڭنى قويمايدۇ. ئەگەر سەن تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ بېرىپ ساقچىغا بۇ دېلونى مەلۇم قىلساڭمۇ بەرىبىر ئۇ يەردىكى ساقچىلار سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمايدۇ: كىم سېنى قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلاشقىن دەپتىكەن؟ نېمىشقا ئۇ يەردىن ئىتتىك قېچىپ كەتمەي تۇردۇڭ؟ بولدى قىل، ئاستا ئۆيۈڭگە كېتىپ ياراڭنى داۋالات! دېيىشىدۇ. بۇنداق ئىشلار ھەتتا ئۈرۈمچى شەھىرىدىمۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ، يەنە كېلىپ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە يۈز بېرىدۇ.

نارەسىدە بىر بالا ساڭا تاش ئېتىپ قويسىلا سەن بېرىپ ئۇ بالىنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇرامتىڭ؟ ئۇنداق قىلساڭ ھەرقانداق بىرسى كۆرسە رەنجىمەمدۇ؟ ھەي سەن نېمىشقا كىچىك بالىنى ئۇرىسەن، كىچىككىنە بۇ بالىغا تەڭ كەلمەكچىمۇسەن دېمەمدۇ خەق. خىتايلارمۇ شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ ئەگەر كىچىك بىر خىتاي بالىسى ماڭا تاش ئېتىپ قويۇشى بىلەنلا مەن بېرىپ ئۇنىڭغا بىر شاپىلاق سالسام، ئۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئەتراپتىكى يېشى چوڭراق خىتايلار بولامدۇ، ئىش قىلىپ كىملا كۆرسە ھەي توختا، ئۇ بالىنىڭ تاش ئېتىشى ھەقىقەتەنمۇ توغرا بولماپتۇ، ئەمما ئۇ دېگەن 4ـ5 ياشلىق بىر بالا تۇرسا، سەن شۇ بەستىڭ بىلەن نومۇس قىلماي ئۇ بالىنى قانداقمۇ ئۇرالايسەن، دېمەسمۇ؟

## ئۇيغۇر يانچۇقچىلىرىنىڭ قانۇنى ئورنى

## خىتاي يانچۇقچىلىرىنىڭكىدىن يۇقۇرىمىكەن؟

مۇختەر: (ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) قايىنام بازاردا كېتىۋاتقىنىڭدا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كەينىڭگە ئەگىشىۋېلىپ ھەممە قاراپ تۇرسىمۇ قورقماي كېلىپ سېنىڭ سومكاڭنى ئېچىپ پورتمىلىڭنى چىقىرىپ ئىچىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالىدۇ ...

سېنىڭچە بۇنداق ئوغرىلىق قىلىدىغانلار باشقا يەرلەردە يوقمىدى؟ قايسى بىر يانچۇقچى شۇنداق ئوغرىلىق قىلمايدىكەن؟ ئۇيغۇر يانچۇقچىلىرى سومكاڭدىكى پۇللارنى ئوغرىلايدىكەن، ئۇنداقتا خىتاي يانچۇقچىلىرى پۇلۇڭغا چېقىلماي سېنى ئاياپ قويامدىكەن؟ ئوغرى دېگەن ئوغرى، ئۇنىڭ بىرەر پەرقى بارمۇ؟ بۇنىڭدىن قانداقمۇ مىللىي مەسىلىنى چىقىرالايسەن؟

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پروكراتور ئەمەلدارلىرى "ئەگەر جازا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ماددىلارغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، 500 كوي ئوغرىلىغان بولسىلا قانۇنى جازاغا تارتىش شەرتىگە توشقان ھېسابلىناتتى. ئۇنداق جازالىغىلى تۇرساڭ، شىنجاڭدا يەنە بىر مۇنچە تۈرمە سالساڭمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوغرىلىق قىلىش جىنايىتىنى جازالاشتا ئوغرىلىغان پۇلىنىڭ تۆۋەن چېكى خىتاي ئوغرىلىرىنىڭ ئوغرىلىغان پۇلىنىڭ تۆۋەن چېكىدىن بەكلا ئۇستۈن!" دەيدۇ.

بۇ كىشى ئۇيغۇر يانچۇقچىلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ دېمەكچىكەندە! يانچۇقچى كۆپ بولسا بىرىپ تۇت. بۇنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار بالىلىرىنى يانچۇقچىلىققا سېلىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئىكەندە! بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار مەغرۇرلىنىدىكەندە! ئۇنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقىنى خىتايلار 500 كوي ئوغرىلىسىلا سولاپ قويىشىدىكەن، ئەمما ئۇيغۇرلار مىڭ كوي ئوغرىلىغان بولسىمۇ سولىمايدىكەندە! بۇنداق ئىش نەدە باركەن؟ بۇنداق بىر ئۆلچەمنىڭ بارلىقىغا كىم ئىشىنەر؟

ئەگەر خىتاي يۇرتلىرىدا بۇنداق بىرەر دېلو سادىر بولسا بەلكىم ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلار بارمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بەلكىم ئۇ يەرلەردە بىرەر ئۇيغۇرنى قاماشقا توغرا كەلگىنىدە تۈرمىدە مۇسۇلمان ئاشخانىسى بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ قورسىقىغا بېرىدىغان نەرسە تاپالماي قىينىلىشى مۇمكىن دەيلى، ساقچىلار بۇنداق ئاۋارە بولغاندىن، بولدىلا، چىقىرىۋېتىپلا قۇتۇلمايمىزمۇ دېيىشى مۇمكىنىدۇ. ئەمما شۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇيغۇر ئوغرىلىرىنىڭ ئورنى خىتاي ئوغرىلىرىدىن يۇقىرى دېيىشكە بولمايدۇ-دە! ھېلىغۇ ئۇ بىر يانچۇقچى ئىكەن، ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرمۇ ئادەتتىكى بىر خىتاي پۇخراسچىلىك قانۇنى ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدىغان تۇرسا، ئوغرىلىق قىلغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ھالى نېمە بولماقچى!

(داۋامىنى ئوقۇيدۇ) 1993-يىلى قەشقەر شەھىرىدە يۈز بەرگەن بىر قاتىللىق دېلوسىنى بۇگۈن ئەسلىسەممۇ، شىنجاڭدا ياشايدىغان خىتاي پۇخرالىرىنىڭ جېنى چىۋىنچىلىكمۇ ئەمەسلىكىنى ئويلاپ چاچلىرىم ھۈرپىيىپ كېتىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن بىر خىتاي ئايال ئىشچى باغچىنىڭ ئالدىدا بېرلىيات ئوينىتىپ كۈن ئۆتكىزەركەندۇق. چۈش بولغاندا يازلىق تەتىل قىلىپ كەلگەن ستۇدېنت قىزى 14 ياشلىق قىزى بىلەن بىرگە ئانىسى ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كەلگۈچە بىليارتقا قاراپ تۇرماقچى بولۇشقان. شۇ باھانە بىلەنلا بۇ ئانا، ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆينىۋېرستېتقا كىرگەن قىزىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغان. بۇ مۇنداق ئىش: ئانا ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە ئۇيغۇر ياش بالىلىرى كېلىپ بىليارت ئوينىغان. ئۇلار بىليارت ئويناۋاتقاندا ئىچىدىكى بىرسى كىچىك قىزغا پوخۇرلۇق قىلىشقا باشلىغان. ھەدىسى بولغان ستۇدېنت قىز كۆكرەك كىرىپ چىقىپ سىڭلىسىنى قوغدىماقچى بولۇپ قاتتىق غەزەپ بىلەن ئۇ بالىنى ھاقارەت قىلىشى بىلەن تەڭ، ئۇ بالا پىچىقىنى چىقىرىپ بۇ ستۇدېنتنىڭ يۈرىكىگە ئۇرغان. ستۇدېنت قىز شۇ ھامانلا جان ئۈزگەن. بۇ قاتىل ئۇيغۇر 14 ياشلىق كىچىك قىزنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىغا پەرۋا قىلماي بىر خىيالدا يوق كېتىپ قالغان. ئەتراپتا ئۆلۈشۈپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولغاچقا، ئۇلاردىن بەرسىمۇ كېلىپ بۇ ئىشنى توسمىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ دېلونى

مەلۇم قىلغىدەكمۇ بىرسى چىقمىغان. ئانىسى بولغۇچى كېلىپ بۇ ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ھادىسىنى كۆرۈپ ئۆزى بىرىپ ساقچىغا مەلۇم قىلغان. ساقچىلار كېلىپ ئۆلۈشۈپ تۇرغان كىشىلەردىن قاتىقلىنىڭ كىملىكىنى سورىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر ئېغىزدىن: بىز قاتىلنى كۆرمىدۇق دەپ جاۋاب بېرىشكەن. ھەتتا قاتىل بىلەن بىرگە كېلىپ بىليارت ئوينىغانلارمۇ ئوخشاشلا كۆرمىدۇق دەپ تېنىۋېلىشقان! ئىش ئۆتۈپ ئىككىنچى كۈنىسى، ساقچىلار ئۆيىدە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان يېرىدە قاتىلنى تۇتۇۋېلىشقان. بۇ چاغدا قاتىل قىلچە تەپ تارتماستىن مەن تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قاپتىكەنمەن، نېمە قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن دەپ تۇرۇۋالغان! قاتىل سوتقا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى ھاراق ئىچىپ سەۋەنلىكتىن ئادەمگە زىيان سالغان دەپ قاتىلغا ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ئىشنى تۈگەتكەن. بۇ ئىشتىن كېيىن جەمئىيەت دەرھال قاينام ئىچىدە قېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جەسەتنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقان. بۇ چاغدا ھۆكۈمەت دائىرىلىي كەينى كەينىدىن كېلىپ بۇ ئائىلىگە خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارغا چوقۇم تۆلەم ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىشىپ سىلىق ئۇسۇلدا بۇ ئىشنى سۆرەپ يۈرۈپ ئاخىرى باستۇرىۋېتىشكەن. مەن، قاتىلنىڭ كەينىدە كىم باردۇ دەپ تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم. كېيىن ئۇقتۇمكى، قاتىلنىڭ ئاتا-ئانىسى بازاردا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ئادەتتىكىلا بىرسىلىرى ئىكەن. قاتىلمۇ ئىش قىلمايدىغان لاغايلاپ يۈرىدىغان بىرسى ئىكەن.

بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئىككى يىل قاماق جازاسى بېرىدىغان ئىش نەدە باركەن؟ قانۇندا ھاراق ئىچىپ مەسچىلىكتە قاتىللىق قىلغان كىشىگە ياكى جىنايەت ئىشلىگەنگە جازا بېرىلمەيدۇ دېيىدىغان ئىش بارمىكەن؟ بۇنداق ئىش سېنىڭچە مۇمكىنمۇ؟ مەست بولۇپ قالغىنى نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورىمۇ ئېنىق يېزىپتۇ، قىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئارانلا كوچىدا كاۋاپچىلىق قىلىپ كۈننى ئالىدىغانلا بىرسى ئىكەن. قاتىلمۇ ئىشسىزكەن. شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە شۇنچە ئەتىۋار قىلىپ كەڭچىلىك قىلىدىغان قانۇن-پەرمانلار بارمىكەن، ھەجەپ مەن بىلمەي قاپتىمەنغۇ؟ ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا، بۇنداق قانۇننىڭ نېمە ئىناۋىتى قالىدۇ؟

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) 1998-يىلى ئاۋغۇست كۈنلىرىدىن بىرىدە، يەنە شۇ شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدە، بىر خىتاي ئايال ئىشتىن چۈشۈپ بازارغا قوي گۆشى ئالغىلى بېرىپتۇ. بىر قاسساپنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۆشكە قاراپتۇ. بۇ ئارىدا ئايالنىڭ بىرسى ھەمرايىغا نېرىسىدىكى بىر قاسساپنىڭ گۆشىنى كۆرسىتىپ "ئۇنىڭ ياخشىراقمۇ قانداق، بېرىپ شۇنىڭكىنى ئالمايلىمۇ" دەپ تۇرۇشىغا بۇ قاسساپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراپ تىللاشقا باشلاپتۇ: "سىلەر خىتايلار (خەنسولارنى كەمسىتىدىغان مەنىگە ئىگە بىر سۆز) مېنىڭ گۆشۈمنى ياراتمايۋاتامسىلەر تېخى، مەن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جېنىڭلارنى ئالىمسام" دېگىنىچە كالىنىڭ قۇلىقىدەك يوغان بىر ئۆتكۈر پىچىقىنى كۆتۈرۈپ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان بايىقى ئىككى خىتاي ئايالغا تاشلىنىپتۇ. بۇ ئىككى ئايال بىر-بىرسىگە يول بەرمەي دېگۈدەك قېچىپتۇ. بايىقى ئۇيغۇر قاسساپ قولىدا ئۆتكۈر پىچاق، ئۇلارنى قوغلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇل كەلگەن خىتايلارغا پىچىقىنى شىلتىپ مېڭىپتۇ. يول بۇيى 5-6 خىتاي پىچاق يەپ قانغا مىلىنىپ يىتىپ قاپتۇ. بىرسى بېرىپ ساقچىغا مەلۇم قىلماقچى بولۇپ بازار ئىچىدىكى بىرسى قاراۋاتقان ئاممىۋى تېلېفون بار يەرگە بارسا تېلېفونغا

قاراۋاتقان ئۇيغۇر ئۇنىڭ تېلېفون ئۇرۇشىغا يول قويماپتۇ. ئامال يوق، ئۇ كىشى بازاردىن چىقىپ يۈگۈرىگىنىچە بىر يەردىكى تېلېفون بار يەرگە بېرىپ ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىپتۇ. 110 تېلېپونىدىكىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە كېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا بايىقى قاتىل ئۇيغۇر ئادىمىلىكىنى يوقىتىپ رەسمىي تەلۋىلەشكەن بولۇپ، ساقچىلارغىمۇ پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. قاتاردا ئىشقا ئورۇنلاشقىنىغا ئەندىلا بىر يېرىم يىل بولغان بىر خىتاي ساقچى قاتىللىقىقا كىرىشكەن بايىقى ئۇيغۇرنى توسايمەن دەپ ئالدىغا چىققان ئىكەن، ئۇنىڭمۇ قەلبىگە بىر پىچاق ئۇرۇلۇپ نەق مەيداندا جان ئۈزۈپتۇ. يەنە بىر ساقچىمۇ يارىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە 2ـ3 ئادەم يارىلىنىپتۇ. ساقچىلار قورۇق قول بۇ قاتىلغا تەڭ كېلەلمىگەچكە، ئامال يوق خەلق ئاممىسىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىشنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا كىرىشىپتۇ. يۇقىرى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن قورالىنى چىقىرىشىپ قاتىلنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۇجۇقتۇرالاپتۇ. ئەگەر 110 نىڭ چىقارغان ساقچىلار تۈزۈمىدە ساقچىلار بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىدە ئەسلىدە دەرھال تەدبىر قوللىنىشقا بولاتتىكەندۇق. ئەمما بۇ دېگەن شىنجاڭ. بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ساقچىلار تەدبىر قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىكەن! قانۇن ئىجرا قىلغۇاتقانلار قانۇن ئىجرا قىلىشتا بۇنچە تەڭسىزلىككە دۇچ كېلىۋاتقان يەردە، ئادەتتىكى پۇقرا خىتايلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

بۇنداق بىر ۋەقەدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار. ئەمما بۇ خىتاي يالغاننى بولۇشىچە توقۇپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئىش ئۇنداق بولغان ئەمەس. 1998ـيىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئىككى ئايال بىرگە بازارغا گۆش ئالغىلى بارغان. ئايالدىن بىرسى مەن بۇ يەرنى ئالىمەن دەپ كەستۈرۈپتۇ. گۆشنى كەستۈرۈپ بولۇپ ئېلىشتىن يېنىۋېلىپ ئۇ يەرنى ئەمەس بۇ يەرنى ئالىتتىم دەپ تۇرۇۋالغان. قاسساپمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يەنە باشقىدىن گۆشنى پارچىلاپ تارتىپ تەييار قىپتۇ. ھېلىقى ئايال يەنە ئالمايمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قاساپ ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئالمايدىغان بولۇۋالدىڭ دەپ سورىسا، ئۇ ئايال "چاتىقىڭ نېمە، ئالمايمەن دېگەندىن كېيىن ئالمايمەن! قانداق قىلالايتتىڭ!" دەپ ۋارقىراپتۇ. بايىقى قاساپ ئاچچىقلىغىنىچە " مەن دېگىنىڭ بويىچە گۆشنى پارچىلارپ تارتىپ بەردىم، ئەمدى بۇ گۆشنى كىم ئالىدۇ؟ ياكى سەن مېنى مەخسۇس بوزەك قىلىمەن دەپلا كەلگەنمىتىڭ بولمىسا؟" دەپ قىزىرىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ جېدەل چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. جېدەللەشكەندىن كېيىن ئۇ ئايال قاساپنى ئېغزىنى بۇزۇپ تىللىغان بولسا كېرەك، غەزىپىگە ھاي بېرەلمىگەن قاساپ ئۇ ئايالنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن ساقچىلار كەپتۇ. ئۇ يەنە ساقچىلاردىنمۇ بىرسىنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپ يەنە بىرسىنى يارىدار قىلىپ قويىدۇ. قاساپ، بولغىلىق بولدى، مېنى بەرىبىر ئېتىۋېتىدۇ، شۇڭا مەنمۇ نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆلەي دەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنىكەن. بۇ ماقالىنىڭ يازغۇچىسى شىنجاڭدا ساقچىلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا دەرھال تەدبىر قوللىنىش ھوقۇقى يوق، چوقۇم يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك دەپ يېزىپتۇ. ئۇنداق گەپ يوق! ئۇ يالغان گەپ قىلىدۇ! شىنجاڭدىكى ھېچقانداق خىتاي بۇنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلمايدۇ.

## خىتايلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرى جەننەت ماكانغا ئايلىنىپ بولغانمۇ؟

مۇختەر: (ئوقۇشقا كىرىشىدۇ) ھۆكۈمەت شىنجاڭدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يۇقىرىدا مىسال قىلىنغاندەك بىر قاتار مىللىي سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچىگىمۇ ئېرىشەلمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن چېگرا رايونغا ياردەم قىلىمىز، شىنجاڭنى گۈللەندۈرىمىز دەپ قان-تەر ئاققۇزۇپ كېلىۋاتقان خىتاي ئاممىسىنىمۇ رەنجىتتى. شىنجاڭدىكى بۇ تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلىق خىتايلار خىتاي ئۆلكىلىرىگە قاراپ ئېقىن قىلماقتا. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئورگانلار خىتاي خادىملارنىڭ كېتىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن نورمال خىزمەتلىرىنىمۇ داۋاملاشتۇرالمىغىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماقتا.

چېگرا رايونغا ياردەم دېگەننىڭ ئەسلى مەنىسى نېمە؟ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش دېگىنىنىڭچۇ؟ ئۇلار راستىنلا بىكارغا ياردەم قىلىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇلار راستىنلا شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگىلا ياردەم قىلىشنى، ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، گۈللەندۈرۈشنىلا كۆزلەپ شىنجاڭغا كەلگەنمىكەن؟ ئەجەبا ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى شۇنچە گۈللىنىپ كېتىپ، گۈللەندۈرگىدەك ئىش تاپالماي شۇنچە ئاق نىيەتلىك بولۇپ كېتىپ بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ بىكارغا ئىشلەپ بېرىپ يۈرگەنمىكەن؟ بۇنداق ياخشى نىيەتلىك ئادەمدىن خىتايدا قانچىنى تاپقىلى بولار؟ قۇرۇق گەپ قىلىشمىسۇن. ئۇلار دېگەن بۇ يەرگە ئىشلەپ پۇل تاپىمىز دەپلا كەلگەن كىشىلەر!

بۇ ماقالىنى يازغان ئادەم شىنجاڭدا خىتايلار بولمىسا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھېچقانداق بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ دېمەكچى بولغان. خىتايلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتسە ھەرقانداق سىياسىي مەسىلىلەر خىتايلار ئۈچۈن پايدىسىز ئەمەس. چۈنكى ئۇلار خىتايدىكى تۇرمۇش سەۋىيە، خىزمەت شارائىتىنى شىنجاڭدىكىدىن ياخشى، دەپ قارىشىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر بۇ تەرەپلەرگە مىللىي مەسىلىدىن ياكى بۇ يەردىكى كەسپى جەھەتتىكى ئىشلار ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن تەس بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيدۇ ئەمەس. ئۇلار ئەسلىدىنلا بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمايدۇ! چۈنكى خىتايلار بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ كىشى يازغانلىرىدا ئەگەر شىنجاڭدا خىتايلار بولمىسا بۇ يەرنىڭ نورمال ئىش پرىنسىپلىرىمۇ يوق بولىدۇ دېمەكچى. ئۇنداقتا خىتايدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىكى ئىش پرىنسىپلىرى ئۇ يەرلەردە خىتاي خادىملىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا خىتايدىن ناچار بولامدۇ؟ ئۇنداقتا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى مەمۇرى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسىلا خىتاي بولغىنىدىلا ئاندىن ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇرغان بولامدىكەن؟ بولمىسا ئۇ يەرلەرنىڭ تەرتىپى پۈتۈنلەي قالايماقانلىشىپ كەتكىدەكمۇ؟ ئۇنىڭ دېگىنىدىن مۇشۇنداق بىر نەتىجە چىقىدۇ.

## ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى

مۇختەر: (ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) شىنجاڭدىكى مىللىي زىددىيەتلەر بىلەن مىللىي ئۆچمەنلىكلەر ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ پان ئىسلامچىلىقىنى ئاساس قىلغان رادىكال مىللەتچىلىك كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرگە بولغان دۈشمەنلىك قارىشىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، شىنجاڭدا ئاساسلىقى 13 مىللەت خەلق بولغىنى بىلەن، پان ئىسلامىزم ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا تەڭداشسىز ھوقۇققا ئىگە بۆلىشى كېرەك دەپ ھېسابلاپ، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كەمسىتىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ...

بىز ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارىدىكى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنى ھەرگىزمۇ يات كىشىلەر دەپ تونۇمايمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز. بىز ھەممىمىز ئوخشاش تۈركىلەرمىز. بىز ھەممىمىز ئوخشاشلا بىرلا دىنغا ئېتىقاد قىلىمىز. بۇ ئادەم بۇنداق يالغان گەپلەرنى نەدىنمۇ تېپىپ كەلگەندۇ؟ مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە تۇڭگانلار، قازاقلار، قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر سەپتە تۇرغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتدا ئوسمانمۇ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمەن دەپ كومپارتىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئوسمان، بىر قازاق كىشى ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى خىتايلار بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىپ كەتكىنىدىمۇ ئوسمان قۇرالىنى تاشلىماي كۈرەشنى داۋام قىلغان ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن. ئەمما بۇ ئاپتور بارلىق مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلار دۈشمەن دەپ قارايدۇ دېمەكچى بولغان. بۇنداقمۇ ئەخمەق ئىش بۆلىشى مۇمكىنمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇيغۇرلاردا قازاقلارنى ياراتمايدىغان تەرەپلەر بارمۇ ...؟

مۇختەر: ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنداقلارنى يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئىككى مىللەتنى قويۇپ تۇرايلى، بىر مىللەت ئىچىدىمۇ شەھەرلىكلەر يېزىلىقلارنى ياراتمايدىغان ئەھۋاللار يوقمۇ؟ ئۇلار سەرالىقلارنى پاسكىنا، ياكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بەكلا تۆۋەن دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ. ياكى بولمىسا بەدىنى پۇرايدۇ دېيىشكەندەك ياراتمايدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار. ئوخشاش تۈردىكى ئادەملەر ئىچىدىنمۇ شۇنچە نۇرغۇن زىددىيەتلەر، ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەر، بىر نەرسىنى ياراتمايدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز. بۇنداق ياراتماسلىقلار ھەرقانداق مىللەت ئىچىدە بار. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئومۇمى ئەھۋال ئەمەس. ئومۇمى ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

(ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) 40-يىللاردىكى شىنجاڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» (خىتاي كومپارتىيىسى ئۇنىڭغا ئىنقىلابى ھەرىكەت دەپ باھا بەرگىنى بىلەن، ئەسلىدە بۇ ھەرىكەتنىڭ ھېقىقى ماھىيىتى شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ قوراللىق ھەرىكىتى ئىدى. ئۇلار ھەرىكەت ئوبىكتىۋى قىلىپ ئەينى ۋاقىتدىكى شىنجاڭغا ھۆكمىرانلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ

ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ ئاتاشقان. شۇڭا، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان ۋاقتىدا ئۇنى خىتاي ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى قاتارىغا قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى پەپىلەپ ئالداپ تۇرغان. ھازىر شىنجاڭغا خىتاي كومپارتىيىسى ھۆكمۇرانلىق قىلماقتا. شۇنداق ئىكەن، تەبىئىي ھالدا پان ئىسلامىزمنىڭ «ئىنقىلاب» تىغ ئۇچى ھازىرقى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارىتىلىدىغان گەپ.) نىڭ ئەڭ مۇھىم شوئارى «تۇڭگان-خىتايلارنى قىرىپ يوقىتىش» بولغان. شۇڭا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇڭگانلارمۇ ئۇلارنىڭ قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇلار ھەتتا بۇگۈنگىچىمۇ تۇڭگان، قازاق، موڭغۇل قاتارىدىكى ئاللا بۇرۇنلا ئۇ يەرگە يەرلىشىپ بولغان باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىشىدۇ.

بۇ خىتاينىڭ ئالدىدا ئېيتقىنى راست توغرا گەپ بوپتۇ. ئەينى ۋاقتىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرگىزمۇ خىتاي ئىنقىلابى ئۈچۈن قوزغالغان ھەرىكەت ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ «تۇڭگان-خىتايلارنى قىرىپ تۈگىتىش» دېگەن گەپنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ئۇ ۋاقىتلاردا كۆچمەنلەرنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى راست. ئەمما ئۇ دېيىلگەن كۆچمەنلەر ئىچىگە بارلىق خىتايلار كىرمەيدۇ-دە. ئۇلارنىڭ دېگىنى ھۆكۈمەت مەجبۇرى كۆچۈرۈپ كەلگەن كۆچمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرايلى دېگەن گەپ. ئەمما «تۇڭگانلارنى قىرىپ تۈگىتىش» دەيدىغان بۇنداق بىر شوئارنى بىز ئۇيغۇرلار زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمىز. ئۇنداق بىر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇ بەلكىم ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىپ توقۇپ چىقىرىۋالغان گەپ بولسا كېرەك.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئەنە شۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدۇر. بۇ ئىنقىلابقا ئۆز ۋاقتىدا تۇڭگانلارمۇ ئاكتىپ قاتناشقان. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بىر تۇڭگان، دىننى سۈيىئىستىمال قىلىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئىنتايىن خەتەرلىك يارغا قىستاپ قويغانلىقىدەك بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ دېگەن 1917-يىلقى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىكى ۋەقە ئىدى (1911-يىلى بۆلىشى كېرەك؟ – ت). شۇ قېتىم بىر تۇڭگان ياڭ زېڭشىنغا ۋەكىل بولۇپ كەلدىم دەپمۇ ئەيتاۋۇر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش قۇرئانغا ئىشىنىمەن، شۇڭا مەن سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىمغا قەسەم قىلىپ بېرىمەن. مېنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە بىرگە بېرىڭلار، ياڭ سىلەرگە ئەمەل بېرىدۇ، دېھقانلارنى نارازى قىلغان ئىشلارنى يەرلىك ئەمەلدارلار پەيدا قىلغان. ئۇنداق ئىشلارنى ياڭ غوجام ھەرگىز قىلمايدۇ دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دېگەن. بۇ تۇڭگان، ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلارنى ئالداپ كەتكەن. شۇڭا، بەزى كىشىلەر بۇ جەھەتتە باشقىچە قاراشلاردىمۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تۇڭگان دېگەن بۇ خەق خىتاينى كۆرسە ’قارا بىز سىلەرگە ئوخشاش پىخەي كىيىدىغان بىر خەق ئەمەسمۇ‘ دېسە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ’قارا بىزمۇ سىلەردەك سەللە يۆگەيمىز ئەمەسمۇ‘ دەۋالىدىغان، قايسى تەرەپ كۈچىيىپ كەتسە شۇ تەرەپكە دومىلاپ تۇرىدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان تۇتامى يوق بىر خەق دەيدىغانلارنى يوق دېيەلمەيمەن. ئەمما يەنىلا «تۇڭگاننى قىرىپ تۈگىتىش» دەيدىغان شوئار ھەرگىز كۆرۈلگەن ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوقمۇ؟

مۇختەر: ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرلەردە بىر زىددىيەت پەيدا بولغانىكەن.

تۇڭگان خەق ئادەتتە ھېسسىيات جەھەتتە خىتايلارغا بەك يېقىن بىر خەق. تارىختا خىتاي تەرەپ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ ئىچكى قالايىماقانچىلىقىنىڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرى تۇڭگانلار بولغان ئەھۋال بار. ئەمما ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىش ۋەقەسى كۆرۈلۈشى بىلەن، مىللىي مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار ئاق دوپپىلىرىنى كىيىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا خىتايلارمۇ تۇڭگان دېگەن ئۇيغۇر ئەمەس دەپ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇلارنى مۇسۇلمان دەپ قېرىنداش قاتارىدا كۆرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەر ئىككىلا تەرەپتىن پايدا ئېلىپ يۈرەلەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: شەرقىي تۈركىستانچىلاردىن تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنى ئويلايدىغانلار بارمۇ؟ مەسىلەن نىڭشا، گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭ چىقىرالىسا خېلى ئارام تاپالىغان بولماسمىدى؟

مۇختەر: بۇنداق ئىشلار تارىختا بولغان. مەسىلەن ما جوڭيىڭ بىلەن ئەنە شۇنداق بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ما جوڭيىڭ دېگەننىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغانمىدى؟

مۇختەر: ياق، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردا ئۇلار ما جوڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈشكەن. ما جوڭيىڭ ھەقىقەتەنمۇ قابىلىيەتلىك بىرسى ئىدى. ئۇ كېلىپ قاراپ باقسا ئەسكەرلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن نىيىتىنى بۇزۇپ ھوقۇقنى تارتىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ دەسلەپتە تۇرپانلىقلار بىلەن قۇمۇللۇقلار ئۇنى تەكلىپ قىلىپ بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلغان ئىدى. بۇ بىر تارىخى پاكىت.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە تۇڭگانلار كەلگۈسىدە كىمنىڭ تەرىپىدە تۇرار؟ ئۇلار شەرقىي تۈركىستانچىلار بىلەن بىرلىشەرمۇ ياكى خىتايلار تەرەپتە تۇرارمۇ؟

مۇختەر: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۇلار بىز بىلەن بىرلەشكەنىدى. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلار كەلگۈسىدە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتىشى مۇمكىنمىكىن دەپ ئويلايمەن. تۇڭگانلارنىڭ تارىختىن بۇيان بىرەر دۆلىتى بولۇپ باققان ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بىتەرەپ تۇرسا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق، ئۇلار ھېچنەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويالمايدۇ.

## خىتاينىڭ ئىككى تەرىپى

مۇختەر: (ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ) جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى ئېقىمىدىن قارىغىنىمىزدا، چوڭ مىللەت ھامان ئاجىز مىللەتلەرنى ئېزىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئادەتتە ئۇششاق مىللەتلەر ھەر دائىم ھېسداشلىققا ئېرىشىدىغان تەرەپ بولۇپ كەلمەكتە. ئەمما بىر قىسىم ئالاھىدە ئەھۋاللاردا چوڭ مىللەتمۇ ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ھەسسىلەپ بوزەك قىلىنىشىغا ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن. شىنجاڭدا ياشايدىغان خىتاي پۇقرالىرى بۈگۈنكى كۈندە بەئەينى كوسوۋادا ياشايدىغان سىربىيىلىكلەرنىڭ كۈنىگە چۈشۈپ قالغاندەك تۇيغىدا ياشىماقتا.

بۇ خىتاينىڭ دېمەكچى بولغىنى، خىتايلار شىنجاڭدا بېسىم ئاستىدا قالدى دېمەكچى. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇنىڭ بۇ دېگىنىگە شىنجاڭدا ياشايدىغان خىتايلارنىڭ يۈزدە توقسەن بەشى قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم بۇ يەردىكى خىتايلار بىزنى بەك دوستانە خەلق ئەمەس، بىزنى يامان كۆرىدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنى يەرلىكلەر بوزەك قىلىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قارىمايدۇ. بەلكىم ئېقىپ كېلىۋاتقان ۋاقىتلىق ئىشچى كەلگىنىدىلەر ئۇنداق قارىماسلىقى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەدىكار كەلگىنىدىلەر نېمىشقا ئۇنداق قارىمايدۇ دەيسەن؟

مۇختەر: چۈنكى، بۇ تۈردىكى ۋاقىتلىق ئېقىپ كېلىۋاتقان مەدىكارلارنى ئۇيغۇرلارلا يامان كۆرۈپ قالماي، شىنجاڭدا يەرلىشىپ كەتكەن ياكى بۇ يەردە 20-30 يىلدىن بېرى تۇرۇۋاتقان خىتايلارمۇ بۇ كېلىپ كېتىۋاتقان خىتاي مەدىكارلىرىنى خالىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق كەلگىندى مەدىكارلارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ بۇ يەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى بۇزۇلۇپ كەتتى. مەسىلەن بۇ كەلگەنلەر ھەر يىلى قىش پەسلىدە چاغانلاپ يۇرتىغا قايتىشىدۇ. شۇ چاغدا پۇل تاپالىغانلىرىغۇ يېنىغا پۇلىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتار. پۇل تاپالمىغانلىرى قانداق قىلار؟ ئوغرىلاپ ۋە بۇلاپ-تالايدۇ شۇ. شۇڭا چاغان كېلىشتىن بىرەر ئاي بۇرۇندىن باشلاپ جەمئىيەت ئامانلىقى ئىنتايىن ناچارلىشىپ بەكلا قالايماقانلىشىپ، ئوغرىلاشلار، بۇلاڭچىلىقلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى ئاساسەن ئەنە شۇ كەلگىندى مەدىكارلار قىلغان ئىشلار.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بۇ يەردە كەلگىندى مەدىكارلارنى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايماقان قىلىدىغانلار دېدىڭ. ئەمما بايا سەن ئۇلار ئۆزلىرىنى بوزەك قىلىنغانلار دەپ ھېس قىلىدۇ دېگەن ئىدىڭ. سەن ئۇلارنىڭ قايسى تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنداق دېمەكچىدىڭ؟ ئۇلارنى ھەممە كىشى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەمسەن ياكى ...

مۇختەر: ئۇلارنى شىنجاڭدىكى خىتايلاردىن تارتىپ ھەممە يەرلىك كىشى راستىنلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ، ھاقارەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېزىلاردىن شەھەرگە كېلىپ مەدىكارلىق قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ھاقارەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭ ئورۇنلۇق. بۇنداق ئىشلار ھەممىلا يەردە ئوخشاش.

مۇختەر: بۇ ماقالىنى ئوقۇپ مەن مۇنداق خۇلاسىغا كەلدىم: بۇ ئاپتور ھۆكۈمەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ
سۆزلەيدىغان بىرسى ئىكەن. چۈنكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چىقىپ شىنجاڭ مەسىلىسىدە مىللىي
تەڭسىزلىكلەر ساقلانماقتا دەپ يېزىشقا كىرىشكەنلىكتىن، ھۆكۈمەتمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ مەنمۇ بۇ
ھەقتە يازىدىغان ئادەمدىن بىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ باقاي ئەمىسە دەپ، بىر قىسىم خىتايلارنىڭ
كۆنى ئۇنداق قىيىن، مۇنداق قىيىن، دەپ ئوتتۇرىلۇقنى بۇلغاشقا ئۇرۇنغاندەك قىلىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ بۇ پەرىزىڭدىكىدەك ئىشلارنىمۇ مۇتلەق يوق دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ،
مېنىڭچە شىنجاڭدا بىر مەزگىل تۇرۇپ باققان بىر خىتاينىڭ مۇنداق بىر ماقالىنى يېزىشىغىمۇ
ھەيران قالماسلىق كېرەك. دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قارايدىغان كىشىلەر بار.

مۇختەر: ئەگەر بۇ ئاپتور شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ باققان، يەنى 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان بىرسى
بولغىنىدا، بۇ كىشىنى چوقۇم ھۆكۈمەت ئادىمى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىرسىنى
ھەرقانچە بولسىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق بىرسى دېيەلمەيمىز. شىنجاڭدا 3-5 يىللا
تۇرۇپ باققان بىرسى بولغىنىدا، بەلكىم بۇنداق قاراشتا بولۇشىنىمۇ يوق دېگىلى بولماس.

## قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بۇرۇن مىللەتچى ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى
قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ. ئەمدى سەن دىنى قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ نىمىنى ئارزۇ
قىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ باققان بولساڭ.

مۇختەر: ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارزۇلايدىغىنى ئاساسەن ئالغاندا مىللەتچى ئاڭدىكى كىشىلەرنىڭ
ئارزۇلايدىغانلىرىدىن كۆپ پەرق قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت مۇنۇ جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ:
ئىسلامدا خەلىپە چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك دەيدىغان بىر پرىنسىپ بار. شۇڭا ئىسلامدا باشقا
دىندىكى بىرسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكمۇرانلىق قىلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا،
دىنى قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى قىزغىن كىشىلەر بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئىسلام
دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن دېگەن بۇنداق بىر دۆلەت، دىن بىلەن سىياسەتنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن تۈزۈمدىكى
دۆلەتمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق. شۇنداقتىمۇ بۇ تۈردىكى كىشىلەر بەلكىم يۈزدە 20-30 ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.
بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇمەن ئالغاندا نىسبەتەن تۆۋەن، دىنى تەربىيە
كۆرۈشىمۇ يېتەرلىك بولمىغان، دىنى بىلىمى ئاز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىجەزلىرى نىسبەتەن

جاھىل كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاسانلا تىرىكىدىغان كىشىلەر بولغاچقا گەپ بىلەن قايىل قىلماقمۇ تەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ دېيىشىڭ بويىچە، مىللەتچى ئاڭدىكى كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش تەلىپىنى ئۆتتۈرىغا قويۇشىدىكى ئاساس – تارىخى پاكىتلار بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنداقتا دىنى قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىكى ئاساسىنى دىن دەپ قارىساق، سەن بۇ دىنى قاراش ھەققىدە توختىلىپ باققان بولساڭ قانداق؟

مۇختەر: دىنى زاتلارمۇ تارىخنى بىلىدىغان كىشىلەر. ئۇلارمۇ بۇ يەرلەر تارىختىن بۇيان بىزگە تەۋە يەرلەر دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىدا تارىخنى ئاساس قىلىشقان. ئەمما ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى بىلەن شوئارلىرى دىنى تۈسكە ئىگە. بۇ تۈردىكى كىشىلەر يات دىندىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى باشقۇرۇشىنى خالىمايدۇ. ئۇلارغا ھۆكمۇرانلىق قىلىدىغان بىرسى چوقۇم مۇسۇلمان بۆلىشى شەرت دەپ قارايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ تۈردىكى دىنى كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەملەر قانداق بىرسى بۆلىشى مۇمكىن؟

مۇختەر: بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۈگۈن تۈرمىلەردە قاماغلىق. ھۆكۈمەت ئۇلارنى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشۋەتكەن. ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ بەكلا تارقاق بولۇپ، خەلقارادىمۇ بەك تەسىر پەيدا قىلىپ كېتەلمىگەن. ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق بولغىنى ھەسەن مەخسۇم بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان 11 نەپەر شەرقى تۈركىستان تېررورچىلار تىزىملىكىدە ئۇ بىرىنچى نومۇرلۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ھازىر يوق، شېھىت بولغان. ئۇ كىشى دىنى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ بۇرۇن نېمە ئىش قىلىدىغان كىشى ئىدى؟ ئۇ ئادەم قانداق قىلىپ دىنى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان؟

مۇختەر: ئۇ بۇرۇن بىر دىنى زات ئىدى. يېزىسىدا دىنى بىلىم ئالغانىكەن. ئۇنى تونۇيدىغان، ئۇنى كۆرگەنلەر يوق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تەسىرى بەكلا چوڭ. ئۇ كىشى ئافغانىستاندا نۇرغۇن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان كىشىلەر بەكلا كۆپ. شۇڭا دىنى ساھەدىكى كىشىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنى نېمىشقا مىللەتچىلەرنىڭ ئەمەس بەلكى دىنى ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايسىلەر؟

مۇختەر: چۈنكى ئۇنىڭ شوئارى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنىڭدىن باشقا مۇھاجىرەتتىكى شەرقى تۈركىستانچىلارنىڭ ھەممىسى مىللەتچىلەر ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇلارنىڭ پەرقى مۇستەقىل مەدىنى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش جەھەتتىنلا پەرق قىلامتى؟

مۇختەر: شۇنداق. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇ ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھەسەن مەخسۇم ۋاپات بولغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈچلىرىمۇ تارقىلىپ كەتكەندۇ؟

مۇختەر: شۇنداق بولدى. ھازىرچە دىنى ئاڭدىكى كىشىلەرنىڭ تۈزۈكرەك بىر يېتەكچىسى يوق. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەن ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇلار ھازىر ئايرىم-ئايرىم گۇرۇھلارغا ئۇيۇشۇپ، بىرلىشەلمەي بەكلا تارقاقلىشىپ كەتتى. شۇڭا بۇ كىشىلەر بەكلا ئاسان ھاياجانلىق پائالىيەتلەرگە كىرىشىپ تۇرىدۇ.

## مەخپىي دىنى تەشكىلاتلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بايا تەسرگە ئىگە سالاھىيەتلىك دىنى رەھبەرلەر قاماقتا ياتماقتا دېدىڭ. سېنىڭچە خەلق ئارىسىدىن دىنى تۈس ئالىدىغان ئۇيۇشۇشلارنى ياكى خەلقنى قوزغاش ئىقتىدارغا ئىگە ئىستىخىيىلىك ھالدا يەنە بىر تۈركۈم دىنى يېتەكچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بارمۇ؟

مۇختەر: ئۇنداقلار ھازىرمۇ يوق ئەمەس. ئەمما بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىماي يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىشماقتا. شۇڭا ئۇلار ھازىرچە بىر-بىرىنى بىلىپ كېتىشمىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار تەشكىللەش ياكى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللانمايۋاتامدۇ؟

مۇختەر: ئۇلار ھازىر ھەرىكەت ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشتى. ئۇلار بۇرۇن مەسچىتلەرنى، چوڭ شەھەرلەرنى پائالىيەت سورۇنى قىلىشىپ خەلققە ۋەز ئېيتىپ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاشكارا سۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇنداقلارنى ھۆكۈمەت بەكلا ئاسان قارا تىزىملىككە ئېلىپ بىر تۇتاش باشقۇراتتى ياكى بولمىسا قاماقتا ئېلىپ تۇتۇۋالاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭمۇ بۇرۇنغا سۇ كىرىپ، ھەرىكىتىنى مەخپىي قانات يايدۇرۇش يولىنى تاللىۋېلىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئېتىقادى كۈچلۈكرەك بولغان كىشىلەرنى تېپىپ بىردىن-ئىككىدىن بولۇپ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش يولىنى تۇتۇپ، جامائەت سورۇنلىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە. ئۆتكەندە ھۆكۈمەت بىر دىنى تەشكىلاتنى پاش قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەخپىي ئەزالىرى تۈمەنگە يېقىنلاشقانىمىش.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار بىر مەزھەپ تەشكىل قىلغانمىكەن؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇلار ئىراننىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلار ئىكەنمىش.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلارنىڭ مۇddاسى شۇ خىل مەزھەپنى كېڭەيتىشلىمىكەن ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى غايە قىلىشامدىكەن؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇ تۈردىكى دىنى ئېقىمدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ دىنى پائالىيەتلەرنى چەكلىشىدىن نارازى بولغان كىشىلەرنى يىغىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملار ھەقىقەتەنمۇ چىن دىلى بىلەن بۇ مەزھەپنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلىشىدىكەن. ئۇلار دىنى مەزھەپ تەشۋىقاتىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھۆكۈمەتكە، دۆلەتكە قارشى پائالىيەت قىلىشمايدىكەن. ئەمما بۇنداق كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھېچقانداق ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار دىنى جەھەتتە ئەركىنلىككە ئېرىششنى نىشان قىلغانلا بولىدىكەن، بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقتىن باشقا چىقىش يولى بولمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۇ تۈردىكى كىشىلەر رىيال سىياسىي تۈزۈمگە چېقىلماي دىن تارقىتىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانمىدۇ ياكى ئۇلارمۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىغا ئاتلانغانمىدۇ؟

مۇختەر: بۇ تۈردىكى كىشىلەر ھازىر پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز ئەھۋالغا شۇشۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ يۈزدە 99 پىرسىنى ئۈمىدسىز. 80-يىللاردا، بارىن ۋەقەسى يىللىرىدا ئۈمىدۋار ئىدى. ئۇلارمۇ ھازىر ئۇنداق بىر مۆھتىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشتى. 1997-يىلقى غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇلاردا بۇنداق نوقۇل دىن تەشۋىقاتىدىن ئۈمىدلىرى قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، پۈتۈن قەلبى بىلەن نوقۇل دىن تەشۋىق قىلىشقىلا بېرىلىدىغان بىر دىنى تەشۋىقاتچى ئەگەر بۇ جەھەتتە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگىنىدە، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇگۈنكىدەك ھاكىمىيەت تۈزۈمى يوقالغىنىدىلا ئاندىن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەتلا دىن تارقىتىش ئىدى. ئەمما بۇنداق بىر پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگىنىدە، ئۇنداقلارمۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئورتاق قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تاللىۋالىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، بۈگۈنكى كۈندە نوقۇل دىن ئۈچۈنلا دىنى زات بولىدىغان ئىش قالمىدى دېيىش مۇمكىنمۇ، يەنى بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ بولدىمۇ؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ باشقا چىقىش يولى يوق. ئۇلار بۇ ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرماي، بۇ ھۆكۈمەت قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقماي تۇرۇپ، ياكى بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماي تۇرۇپ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىغا كىرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ماڭىدىغان يولى يوق. ئەسلىدى ئۇلار دىن تارقىتىشتىن باشقا ھېچقانداق خىيالى يوق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بىر قانچە بالىنى يىغىپ ئۇلارغا دىنى دەرس بېرىشنىلا ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ قانۇنسىز دىنى پائالىيەت

بىلەن شۇغۇللانغانلىق دەپ قارالدى. بۇگۈنكى كۈندىكى مەسچىلەرنىڭ ئىماملىرىنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت تاللاپ بېكىتكەن. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ئايلىق مائاش ئالىدىغان، مەسچىتلەردە قۇربان ھېيت، روزى ھېيت ياكى جۈما كۈنلىرى زاكات بېرىدىغان مۇسۇلمانلارنى تىزىملاپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان كىشىلەر. پۇل لازىم بولغىنىدا، مەسىلەن رېمونت قىلىش ياكى بىرەر نەرسە سېتىۋالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالغىنىدا خەجلەيدىغان پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى مىللىي ئىشلار ئىدارىسىگە دوكلات قىلىپ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن خەجلىيەلەيدۇ. ھەتتا مېسچىتلەر ئۆزلىرىگە قىلىنغان ئىئانىلارنىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز ئىشلىتەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىزدە دىنى ئەركىنلىك دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە بارلىق دىنى پائالىيەتلەر، ھەتتا كەنتلەردىكى مەسچىتلەرمۇ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانمىدۇ؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە نازارەت ئاستىدا. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس يۇقىرىدىن ئادەم ئەۋەرتىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. شۇ كەنتتىكىلا بىرسىنى بۇ ئىشقا تەيىنلەپ قويسىلا كۇپايە.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى پۇلغا ئىشلەيدىغان، پۇل ئۈچۈن خەلقتىن ئاخبارات توپلاپ ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئايغاقچىلارنى دەمسەن، ئۇنداقلار ھەممىلا يەردە بارمىدۇ؟

مۇختەر: بولماي قالامتىكى. بۇ كۈنلەردە مەسچىتكە چىقىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. چۈنكى مەسچىتكە كىرىشنىڭ مەقسىتى ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمامنىڭ ئون-يىگىرمە مىنۇتلۇق دىنى ساۋات ھەققىدە، ئەخلاقى پەزىلەتلەر ھەققىدە ياكى دىنىمىزغا زىيانلىق ئىشلار ھەققىدە ئېيتقان ۋەزلىرىنى ئاڭلاش، قۇرئان قىرائىتىنى ئاڭلاش ئىدى. ئەمما بۇنداق ئىشلار يوقالدى. ھەتتا ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئىماملارمۇ جۈرئەت قىلالماس ھالغا كەلتۈرۈلدى. شۇڭا، ياشلار مېسچىتتە نېمە ئىش قالدى، نامازنى ئۆيدە ئۆتىسەممۇ بولىۋېرىدىغۇ دەپ مەسچىتكە چىقماس بۆلىۋالدى. مەسچىتكە قېرىلارلا كىرىدىغان بولدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ياشلار ئارىسىدا راستىنىلا ناماز ئۆتەيدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك؟

مۇختەر: كۆپ! ھازىر ناماز ئوقۇيدىغانلار 80-يىللارغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كۆپ. بۇرۇن مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن دوپپا كىيىش، بۇرۇت-ساقال قويۇش دەيدىغان گەپلەر بولىدىغان. ھازىر دېگەن بۇرۇت-ساقاللىرىنى پاكىز قىرىپ، دوپپا كىيمەي چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، گالۇستۇك تاقاپ خۇددى زىيالىيلاردەك قىياپەت بىلەن مەسچىتكە كىرگىلى بولىدىغان بولۇپ كەتتى.

## ئۇيغۇر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بولغاندا، كەلگۈسىدە دىنى كۈچلەر بىلەن مىللەتچى كۈچلەر زىدىيەتلىشىپلا، بىر-بىرى بىلەن ئېيتىشىپلا يۈرەرمۇ ياكى ئىتتىپاقلىشىپ كېتەرمۇ؟

مۇختەر: ئىتتىپاقلىشىپ كېتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە قەيسى جەھەتلەردە قانداق تۈردە ئىتتىپاقلىشالىشى مۇمكىن؟ ئەگەر زوراۋانلىق كۈرەشنى دىنى زاتلار قىلىمىز دەپ، مىللەتچى ئاڭدىكىلەر قىلمايمىز دەپ تۇرىۋالغىنىدا، دىنى زات كىشىلىرى سىلەر مىللەتچىلەر قۇرۇق گەپ قىلىپ ھەرىكەتتىڭلار يوق، قۇربان بولۇشتىن قورقىسىلەر دېمەسمۇ؟ ياكى بولمىسا مىللەتچىلەر ئېرروررچىلىقتا قارشى تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يىغىن ئېچىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىدىن كەلمەيدۇ دېمەسمۇ؟

مۇختەر: مىللەتچى كۈچلەر ئادەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىنچ شەكىلدە پائالىيەت قىلىشنى، مەسىلەن نامايىش قىلىش ياكى ماقالە يېزىش قاتارىدىكى ئۇسۇللار بىلەن پائالىيەت قىلىشنى خالايدۇ. ئۇلار ھېچقاچان دىنى زاتتىكىلەر بىلەن تالىشىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەلگەندىلا ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيدىغانلىقىنى، دۆلەتنى قۇرۇپ چىقالىغاندىلا دىنى ئەركىنلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنتۇماڭ، مىللەتچى ئېقىمدىكىلەرمۇ مۇسۇلمان!

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بىر تەسۋىرلا بولسا كېرەك. مەن بىلىدىغان ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەستەك قىلاتتى. مەسىلەن يالغۇز مىللەتچى ئاڭدىكى ئۇيغۇرلارمۇ چەتئەلدە بىر-بىرى بىلەن زىتلىشىپ نۇرغۇن تەشكىلاتلارغا ئايرىلىپ كېتىشكەن ...

مۇختەر: مىللەتچىلەرنى زوراۋانلىق ھەرىكەتتى بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن دەپ قالما. ئۇلارمۇ شۇغۇللىنالايدۇ. پەقەت بىرلا يېرى، ئۇلار ئۆزىنىمۇ قوشۇپ پارتلىتىشتەك زوراۋانلىقلارنى قىلمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇنداق قىلايلى، بۇ ئىككى ئىشنى ئايرىم-ئايرىم سۆزلىشەيلى ئەمىسە. ئاۋۋال شۇنى سوراي: كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى ئومۇمى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئىتتىپاقلىشىپ كېتىشى مۇمكىنمىدۇ؟ مېنىڭدەك ئۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغان، سىرتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئالغاندا، بەلكىم مەنمۇ خاتا كۆرۈۋالغان بولۇشىم مۇمكىندۇ، ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپلا يۈرگەن، كەچكىچە ئايرىم مەزھەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، تىنماي ئىچكى جېدەل بىلەنلا ئۆتكەن خەلقتەك قىلىدۇ.

مۇختەر: شىنجاڭدا ئۇنداق مەزھەپلەر يوق. مالايشىيا، ھىندونېزىيە، تۈركىيە، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە دىنى مەزھەپ توقۇنۇشلىرى يوق. بۇ ئىش ئەرەب دۇنياسى ئىچىدىلا بار بىر ئىش. باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەردە بۇنداق مەزھەپ جېدىلى چىقمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: قالغانلارنىڭ قانداقلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ئەمما تۇڭگانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزھەپ كۈرىشىنىڭ بەكلا قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مۇختەر: توغرا، تۇڭگانلاردا بۇنداق بىر ئىش بار. تۇڭگانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئاشتى. ئۇلار بۇ جەرياندا بىرەر قېتىممۇ مۇستەقىل بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇلار بەكلا تارقىلىپ كەتكەن بىر مىللەت. بۇنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنداق ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ تۈپەيلىدىن بۆلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا ھازىر بۇنداق مەزھەپچىلىك دەيدىغان نەرسە يوق. ئەمما ئاپاقغوجا يىللىرىدا قاراتاغلىق، ئاقتاغلىق دېيىشىپ 300 يىل تالاشقانىكەن. بىز ھازىر ئۇنداق ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ كەتتۇق. بىزدىكى ھەرقانداق بىر كىشىدە مەزھەپ دەيدىغان بىر ئۇقۇم يوق. مېنىڭ 80-يىللاردىكى ئوقۇتقۇچىم تارىخنىڭ بۇ قىسمىنى بىرمۇ-بىر ئىزاھلاپ ئايرىم-ئايرىم ماقالە قىلىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. ئۇ، ئاپاقغوجا ھەققىدە توختىماي يېزىپ 1830-يىلىغا كەلگىنىدە ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغۇزماس بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ يېرىمى ئېلان قىلىنماي قالدى.

مېنىڭ ئۇ مۇئەللىمىم ماقالىسىدە غوجىلار ئەۋلادىنى تەنقىدلەپ يازغان ئىدى. ئەسلىدە غوجا دېگەن گەپ داھى، يېتەكچى دېگەن مەنىگە ئىگە سۆز ئىدى. غوجىلارنىڭ ھوقۇقى ئەۋلادلىرىغا مىراس قېلىپ 250 يىلدەك داۋاملاشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇھەممەدنىڭ قېنىدىن كەلگەن ئەۋلادىمىز دېيىشەتتى. ئەمما بۇ كىشى ئۆز مەزھىپىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ھەر دائىم تاشقى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ھۆكمىرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. شۇڭا، ھازىر ھۆكۈمەت ئۇنى خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چوڭ تۆھپىسى بار دەپ قارايدۇ. تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ، يەنە بىرسى قۇمۇل ۋاڭ دېگەن ۋاڭلارنىڭ ھەممىسىلا ئەنە شۇ ئاپاقغوجىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن. شۇڭا ھۆكۈمەت، مېنىڭ مۇئەللىمىمنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بىرسىنى سۆكۈشكە باشلىغىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى چەكلىۋەتكەن ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېتقا قارشى ئافغانىستان تەشكىلاتلىرىمۇ ئۆزئارا بىردىن بەگ بولىۋېلىشاندەك.

مۇختەر: ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئافغانىستان بىرلا مىللەتتىن شەكىللەنگەن دۆلەت ئەمەس. ئۇلاردا نەچچە ئون قەبىلە بار. ئۇلار تېخى بىر مىللەت ھالىغا كېلەلىگەن خەلق ئەمەس. تىللىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردا ھەر بىر قەبىلىنىڭ بىردىن ئاقساقىلى بولىدىكەن. بىزدە ئۇنداق ئىش يوق. ئەرەب دۇنياسىدىمۇ قەبىلە ئاساس ئىكەن. بىر-ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى ئۇ قەبىلىلەر ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، قەبىلە ئاقساقىلىغا خۇددى دىنغا ئىشەنگەندەك چوقۇنىشىدىغانلار ھېلىمۇ بار ئىكەن. ئەمما شىنجاڭدا ئۇنداق قەبىلىۋازلىق مەۋجۇت ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە، چەتئەلدىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئىتتىپاقمۇ؟

مۇختەر: ياشلار ئىتتىپاقلىشىپ كېتەلىگەن. ئەمما قېرىلار بىز بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان، شۇڭا بىزنىڭ گېپىمىز گەپ، سىلەر بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارىشىڭلار كېرەك دېيىشىدىكەن. ئۇلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر. ئەمما قېرىلار مەڭگۈ ياشىيالمايدۇ-دە، هازىرمۇ ئۇلارنىڭ يېرىمىلا هاياتتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ كۈنگە كەلگەندە بۈگۈنكى ياشلارمۇ قېرىپ شۇلاردەك دەيدىغان بولمامدۇ؟

مۇختەر: ئۇنداق بولىشى ناتايىن. بۇرۇن چىقىپ كەتكەنلەر، مەسىلەن 1980-يىلىدىن بۇرۇن چىقىپ كەتكەنلەر، ياكى شۇ ۋاقىتلاردا ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتكەنلەر ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەملى مۇھىتىدىن خەۋىرى بولمىغان، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇم ئازابىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر. ئۇلارنىڭ بۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئابرۇي ئۈچۈنلا دېيىش مۇمكىن. يەنە بىر قىسىملار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنىلا ئويلاپ، شۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسام ياردەمگە ئېرىشەلەيمەن دەپ ئويلايدىغانلار. ئۇلار يىغىلغان ياردەم پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى تۇرمۇشىغا ئىشلىتىدۇ. قېرىلار ئارىسىدا بۇنداقلار خېلىلا بار. ئەمما 80-يىللاردىن كېيىن چىققانلاردا ئۇنداق ئىش يوق. ئۇلار ئۆزىنى پىدا قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زىيالىي، ئۇلار تۇرمۇشىنى قامدىيالماي ياكى پۇل تاپالماي، ئىشسىز قېلىپ چىقىپ كەتكەن كىشىلەردىن ئەمەس. ئۇلار ھەممىدىن ياخشى ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قابىلىيىتى بىزدىن كۈچلۈك كىشىلەر ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كەچكەن، ئۇلار ئائىلىسىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، يېقىن دوستلىرىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكەن. نېمىشقا چىقىپ كېتىشتى؟ ئۆز غايىسىنى دەپ چىقىپ كېتىشكەن. ئۇلارنى بۇرۇنقى قېرىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. قېرىلارمۇ ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىسى 70 ياشتىن ئېشىپ كەتتى. ھازىرقى چەتئەلدە پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ياكى تايانچ كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك 40-45 ياشتىن كىچىك.

## چەتئەلدىكى قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ سانى قانچە

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۇ دېگەنلىرىڭدىن قانچە كىشى باردۇ؟ ئوندەكمۇ، نەچچە ئونمۇ ياكى مىڭلارچىسى بارمۇ؟

مۇختەر: سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ياپونىيىگە بارغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ 90 پىرسەنتتەك قىسمى سىرتتا تۇرۇپ قالغان. بىزلەر قايتىپ كېلىپ بۇرۇنقى ئىش ئورنىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ بېقىپ مۇھىتقا كۆنەلمەي قايتا ۋىزا ھەل قىلىپ تىجارەت قىلىمەن دېگەندەك باھانىلەر بىلەن مىللىي پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قېچىپ كېتىشكەن. يالغۇز گېرمانىيىنىڭ ئۆزىدىلا بۇنداقلاردىن بىرەر مىڭ ئائىلە بار. ئۇلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئائىلىسىدە نەچچىدىن ئادەم بار.

تۈركىيىگە كەتكەنلەر نىسبەتەن كۆپرەك. تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەردىلا 50 مىڭدەك كىشى بار ئىكەن. ئۇلار 1959-يىلى چىقىپ كەتكەنىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: غۇلجا-چۆچەك ۋەقەسىدە قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەنلەرمۇ بار دېگىنە.

مۇختەر: شۇنداق، ئۇ ۋاقىتلار 1962-يىلقى ئاچارچىلىق يىللىرى ئىدى. شۇ چاغدا قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى 600 مىڭدەك كىشى ئىكەندۇق. ئۇنىڭدىن باشقا 1880 نەچچىنچى يىللىرى رۇسىيىلىكلەر ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگىنىدىمۇ بىرەر يۈز مىڭ ئائىلە قېچىپ چىقىپ كەتكەنىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ ۋاقىتتا چىقىپ كەتكەنلەر بۇنداق ھەرىكەتلەرگە قېتىلمايدىغاندۇ ھەرقاچان؟

مۇختەر: ئۇلاردىنمۇ قاتنىشىدىغانلار بار ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ تەرەپتە بولغاچقا، ئۇلارمۇ 80-يىللاردىن باشلانغان ئېچىۋېتىشتىن پايدىلىنىپ بېرىش-كېلىشنى باشلىۋالغان. 1991-يىلىدىن تارتىپ 1995-يىلىغا كەلگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان ياشلار بۇ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇندىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى چىڭىتىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بۇ تۈر ھەرىكەتلەرگە چەكلىمە قويۇشقا كىرىشىدۇ. ئامال قىلالمىغانلار ياۋروپاغا كېتىۋېلىپ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقئارا جامائەتچىلىكى ئۇيغۇرلار ھەرىكىتىنى بەك بىلىپ كەتمەيدىكەن.

مۇختەر: 1997-يىلقى غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن ئامېرىكا پارلامېنتى تۈنجى قېتىم شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئىپادە بىلدۈرۈشۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر قارار قوبۇل قىلىشىدۇ. بۇنداق ئىش بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە، مەسىلەن رابىيە قادىر مەسىلىسى ھەققىدە، گۇانتانامودىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلار ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشتى. 1997-يىلىدىن كېيىنكى شىنجاڭ مەسىلىسى خەلقئارا تۈسكە كىرىشكە باشلايدۇ. دەرۋەقە بۇ ئىشتا خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ خېلى كۆپ ياردەمچى بولۇپ بەردى. بولۇپمۇ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېلېۋىزورلاردا شەرقى تۈركىستان ۋەقەسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشى، مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلار مۇخبىرلىرى ئالدىغا چىقىپ شەرقى تۈركىستانچىلارنى قارىلاپ داۋراڭ قىلىشلىرى، 11 نەپەر تېرروررچىنى تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىشى قاتارلىقلىرى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارا سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىقىش ئىشىدا ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا بەكلا كۆپ خىزمەت قىلىپ بېرىشكەن ئىدى. ئەگەر شۇ مۇساپىردىكلەرگىلا تايىنىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنچە زور تەشۋىقات قىلىش كۈچى بولمىغاچقا ھېچنېمە قىلالماس ئىدى. شۇڭا، خىتايلار بۇ جەھەتتە مۇساپىرلىرىمىزغا ھەقىقەتەنمۇ ياردەم قىلغان بولدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: تىببەتلىكلەرنىڭ دالاي لاماسىغا سېلىشتۇرغىنىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارا جامائەتچىلىك ئارىسىدا داڭ چىقارغان شۇنداق بىر داھىيسى يوق بولۇپ قالدى. سېنىڭچە بۇنداق بىرەر داھى پەيدا بولارمۇ؟

مۇختەر: مېنىڭچە چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنداق پەرەز قىلىمەنكى، ئەڭ كۆپ بولسا يەنە بەش يىل ئىچىدە چوقۇم شۇنداق بىر داھىمىز بارلىققا كېلىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۈگۈنكى كۈندىكى چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تەشكىلاتى ھېسابلىنامدۇ؟

مۇختەر: شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلدى. كىشىلەر ھەرقانداق بىر پائالىيەت تەشكىللىمەكچى بولسا ياكى بىرەر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا ئاۋۋال بۇ قۇرۇلتايغا خەۋەر قىلىشىدىكەن.

## ئۇيغۇرلار بۈگۈن نېمىلەر قىلالىشى مۇمكىن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرغا كەلگۈچە ساپلا تاشقى شارائىتلار ئۈستىدىلا توختىلىپ كەلدۇق. مەسىلەن خەلقئارا كۈچلەر خىتاينى پارچىلىۋېتەلىسە ياكى خىتايدا بىرەر قالايماقانچىلىق پەيدا بولسا دېگەندەكلەر ئۈستىدىلا توختالدۇق. ئەمما ئەسلى ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا ئىچكى ئامىل ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى قانداق قىلىشى، نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك دېگەنلەر ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەمەسمىدى؟ ياكى بولمىسا يالغۇز تاشقىرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈش ياكى خىتادا بىرەر ئۆزگىرىش بۆلىشىنى كۈتۈش بىلەنلا ئۆتەمسىلەر-يا؟ ئەگەر سىرتقى ئامىللاردا بىرەر ئۆزگىرىش بولمىغان ئەھۋالدا ياكى سىرتقى ئامىللارنى قوشۇمچە بىر پۇرسەت دەپ قارىغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنى ئېلىپ ئېيتساق، سىلەر قانداق قىلساڭلار ئۆز غايەڭلەرگە قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلىشالىشىڭلار مۇمكىن، بۇنى ئويلاشمىدىڭلارمۇ؟

مۇختەر: ئىچكى قىسىمدا ھازىرچە مىللىي ئاڭ سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللىنىلىشىمىزدىن باشقا ئامالىمىز يوق. ھەرخىل چارىلارنى ئىشقا سېلىپ ھەرقايسى گۇروھلار بويىچە خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئەگەر خەلقئارا ۋەزىيەتتە بىرەر پايدىلىق شارائىت ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغىنىدا ياكى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايماقان ۋەزىيەت پەيدا بولغىنىدا ئىدىيىۋى پراگراممىلار بويىچە پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش ياكى گۇروھۋازلىقنىڭ پەيدا بۆلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇش كېرەك. ئىچكى جەھەتتىكى قىلىدىغان خىزمەتلەر خىتاي ئۆلكىلىرىدە سىياسىي ياكى ئىقتىسادى كرىزىس پەيدا بولغان ۋاقىتلاردىلا ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۈگۈن

ئىشسىزلىق ئەھۋاللىرى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئىش تاپالماي بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالماقتا. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ھېسسىياتلارنىڭ كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۈنسايىن ناچارلىشىپ بارماقتا. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى سىرتتىن كەلگەن مىللەت كىشىلىرى يەرلىكلەرنىڭ تېرىلغۇ ۋە باشقا يەرلىرىنى، تۇرمۇش ساھەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشتىن پەيدا بولماقتا. تىنچ ۋەزىيەت ئاستىدا خىتايدا ئىقتىسادى ياكى سىياسىي داۋالغۇشلار، چوڭ ۋەقەلەر ئاسانلىقچە يۈز بەرمەيدۇ. ئەگەر بىرەر داۋالغۇش كۆرۈلىدىغانلا بولىدىكەن، خەلقىمىز بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە تەييار تۇرۇشى لازىم. دەسلەپىدە تىنچ ئۇسۇللار بىلەن نارازىلىقىنى ئىپادىلىگىنىدە بىرەر ۋەقە پەيدا بۆلىشى ناتايىن. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقى ۋە قانداق قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىر بىر نېمە دېمەك تەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بايا ئىچكى بۆلۈنۈش بىلەن گۇروھۋازلىقلاردىن ساقلىنىش ھەققىدە سۆزلىدىڭ. مېنىڭچە، مىللەتچىلىك بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالارمىكىن دەيمەن. چۈنكى مىللەتچىلىك دېگەن بىر كۆزقاراش، ئادەت مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇتلەق نوپۇز دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ھەقتە ھەر كىشى ئۆز بىلگىنى بويىچە ئويلايدىغان ئىش تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوگىكىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانىدا كىمنىڭ دېگىنى توغرا، كىمنىڭ دېگىنى خاتا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەنە شۇنداق مەنتىقلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىقلا باھالاشقا، شۇ ئارقىلىق ھەممە قوبۇل قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەكلا مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن، ھەر كىم ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ مېنىڭ دېگىنىم توغرا، سېنىڭكىدە مەنتەقە يوق دەپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە نېمىشقا شۇنچە كۆپ تەرەپپازلىق كۆرۈلىدۇ؟ چۈنكى مۇنازىرە قىلىپ بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن، ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان، شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن گۇروھلار ئوتتۇرىغا چىقىدىغان گەپ. ئەمما دىنى چاقىرىقلاردا ئىنتايىن يۇكسەل بىرلىكنى ساقلاش مۇمكىن، يەنى مۇنازىرە قىلىشماستىنلا دىنى داھىنىڭ دېگىنىگە ھەممە ئەمەل قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن. مىللەتچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقىنىمىزدا، تىبەتلىكلەر بۇ ھەقتە بەكلا كۆپ تالاش-تارتىش قىلىشقان بولۇپ، ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەس، سۆھبەت قىلىشىش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەس، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش كېرەكمۇ ياكى يۇكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلامدۇق دەپ بەكلا كۆپ تالاش-تارتىش قىلىشقانىدى. بۇ جەھەتتە بەكلا كۆپ قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئاخىرىدا ھەممە كىشى بىرلىكتە دالاي لامانىڭ گېپىنى ئاڭلايلى، ئۇ نېمە دېسە شۇنداق قىلايلى دېگەن يەرگە كېلىشكەن ئىدى. شۇڭا تىبەتلىكلەر دالاي ھاياتلا بولىدىكەن ئۇنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان بولۇشتى. ئەگەر ئۇ ئۆلسە قانداق قىلار؟ مېنىڭچە يەنە ھەر كىشى ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ كېتىپ قالارمىكىن دەيمەن. شۇڭا مېنىڭچە بولغاندا ئەگەر ئۇيغۇرلارمۇ بىر پۈتۈن قاراش ئېتىراپىغا يىغىلالىغىنىدا، دىنىنىڭ كۈچى مىللەتچىلىكنىڭ كۈچىدىن كۈچلۈك بۆلىشى مۇمكىن. دىنى داھىنىڭ بىر ئەۋزەللىكى، ھەرخىل قاراشتىكىلەرنى بىر نۇقتىغا يىغالايدىغانلىقىدۇر. ھەممە كىشى ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل كېلىشىدۇ. ئەمما بۇنداق دىنى داھىغا قارايدىغان ئىش ئوتتۇرىغا

چىقىشى بىلەن تەڭ يەنە مۇنداقمۇ بىر مەسىلە پەيدا بوّلىشى مۇمكىن: بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە خۇددى ئىرانلىقلارنىڭكىدەك بىر ئىنقىلاب پەيدا بوّلىشى، روھانىيەتچىلىك نوپۇزى ئۇسۇنلۇككە چىقىۋېلىشى ...

مۇختەر: ماڭا قارا، سەن ئىسلام دىنىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنسەن. ئىران دېگەن باشقىچە بىر دۆلەت. ئۇ يەردىكى ئىسلام دىنى شىيە مەزھىپىدىكى بىر دىن. سۇننى مەزھىپى بىلەن شىيە مەزھىپى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەزھەپ. گەرچە ھەر ئىككىسىنىڭلا ئوقۇيدىغان قۇرئانى بىر بولغىنى بىلەن، دىنى باشقۇرۇش شەكلى تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. ھازىرقى ئىران ئارمىيىسى، ئۆزىنى قوغداش ئەترەتلىرى پۈتۈنلەي مۇتىزىم بىر قوشۇن. ئەگەر بىرەر ئۇرۇش پارتلاپ قالىدىمۇ، ئۇ ھالدا ھەر بىر مەسچىت بىر نەچچە ھەربىي قىسىم تەشكىللەپ چىقالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارمىيىسى يەنىلا مەسچىتلەرنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. ئۇلاردىكى ئاخۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەرىجىسى بار. ئۇلار بالداقمۇ-بالداق يۇقىرىلاپ مۇتلەق ئىتائەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېلى ھەزرىتىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىشىدۇ. ئېلى ھەزرىتىم مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ ھوقۇقلۇق ئورۇندا تۇرىدىغانلار دەپ ھېساپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنى ئېتىقاد يولى ئېلى ھەزرىتىنىڭ يولى بولۇپ، ئەڭ توغرا يول ھېساپلىشىدۇ. شۇڭا بارلىق مۇسۇلمانلارغا بىز ھۆكمۇرانلىق قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارىشىدۇ. يەنى ئىسلام خەلىپىسى ئۇلاردىن چىقىشى كېرەك دەپ قارىشىدۇ. ئىراندىكى ھۇمەينىنىڭ قوزغىغان ئىسلام ئىنقىلابى ھەر قانچە دېگەن بىلەن ئافغانىستاننىڭكىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان بىر ئىنقىلاب. بۇنداق بىر ئىنقىلاب پەقەت ئىراندىلا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. باشقا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ. شۇڭا شىيە مەزھىپى بىلەن سۇننى مەزھىپى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مەزھەپلەر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئۇنداق بىر مەزھەپ يوق. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسىمۇ چىقىپ مەن شىيە مەزھىپىدىن دەيدىغىنى يوق. ھەممە كىشى ئۆزىنى سۇننى مەزھىبىدىن دەپ ھېساپلىشىدۇ. تارىختىن بۇيان ئىران دىنى ئاغمىچىلىقلار ئەڭ كۆپ پەيدا بولۇپ تۇرغان بىر يەر. سۇننى مەزھىپىنىڭ ئېقىملىرىمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئەمما شىيە مەزھىبىدىكىلەر ئارىسىدا ھېقىقى مۇسۇلمانلىق قارىشى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلىدىن ئۇلاردىكى ئېقىملارمۇ بەكلا نۇرغۇن. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلاردىكى دىن ئۈچۈن جان تىكىدىغانلار يەنىلا سۇننى مەزھىبىدىكىلەردىن كۆپ. شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدا ئىراندىكىدەك ئاخۇن ھەممىنى باشقۇرىدىغان بىر ۋەزىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەيلى ئەمىسە، بىز يەنىلا بايىقى گېپىمىزگە كېلەيلى. سېنىڭ دېگەنلىرىڭدىن مىللىتىڭلارنىڭ ئىچىدە قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار ئۇنچە كۆپ بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدىمۇ: ئۆزگىرىشنى كۈتۈش دېگەندە پەقەتلا تاشقى ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىلا ئاساس قىلىشى كېرەك.

مۇختەر: تاشقى پۇرسەتلەرنى كۈتۈش كېرەك. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئىچكى جەھەتتىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. بۇنىڭ ئۈچۈن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاڭ پىكىرلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە. ئەگەر مۇۋاپىق بىر

ۋەزىيەت، پايدىلىق بىرەر شارائىت بارلىققا كەلگەن ھامات، ئىچكى جەھەتتە زىددىيەت چىقماسلىقى، گۇروھۋازلىق پەيدا بولماسلىقى لازىم.

## تۈرمىدىكى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى

ۋاڭ لىشيوڭ: سىنىڭچە بولغاندا، ئۇ چاغدا رەھبەرلىك تايانچ كۈچى كىمدە بولالىشى مۇمكىن؟ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بولالارمۇ؟ ئەمما رەھبەر بولىدىغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقالىشى ئۈچۈن چوقۇم چوڭىراق ھەرىكەت پەيدا قىلىشتەك بىرەر ۋەقەلەر پەيدا قىلىنغان بۆلىشى شەرت. قۇرۇلتايدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ جەھەتتە تېخى ئۆزىنى كۆرسىتىپ بولالمىدى. ۋەتەن ئىچىدىكىلەر بىلەن سىرتتىكىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىمۇ بەكلا زەئىپ ئەھۋالدا بولۇپ، پۈتمەس-تۈگىمەس توسالغۇلار مەۋجۇت، ۋەتەندىكى نۇرغۇن كىشىلەر چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋالىدىن بەك خەۋەر تېپىپمۇ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ...

مۇختەر: ئەمما دىققەت قىلىپ كۆزىتىدىغان بولساڭ، پەرىزىمچە ۋەتەندىكى 50 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيسەن. راست، دولقۇن كاشىلىسى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر، ئەمما ئۇ كىشىلەر يەنىلا ئالدى-كەينىگە بۇراپ دولقۇن يۆتكەپ يۈرۈپ يەنىلا ئوچۇق ئاڭلىيالايدۇ. ھېچ بولمىغاندا يۈزدە 70 پىرسەنت گەپلەرنى ئوچۇق ئاڭلىيالايدۇ. بۇ دولقۇن دائىرىسىدە چاڭچىلىكەشلەرنىڭ جاڭ-جاڭ-چىشلىرى قوشۇلۇپ كەتكەندەك قىلسىمۇ بىز يەنىلا بۇ ئىككى خىل ئاۋازنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى ئاڭلاشنى بىلەلەيمىز (كۈلۈپ قويىدى). بۇنىڭدا مەسىلە يوق. شۇڭا چەتئەلدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن يەنىلا خەۋەر تېپىپ تۇرالايدىكەنمىز. مەن بۇرۇن ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىنى بىلمەيتتىم. ئۇنى تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ دولقۇننى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئىدىم.

ۋاڭ لىشيوڭ: نەدىكى رادىئودىن ئاڭلىغان ئىدىڭ؟

مۇختەر: تۈرمىدىكىلەرنىڭ رادىئوسىدىن، قىسقا دولقۇندىن ئاڭلىغان ئىدىم.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھەممەيلەن بىر يەردە يىغىلىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ قاراپ تۇرسا قانداق ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟

مۇختەر: قۇلاقلىق بىلەن ئاڭلىدىم. رادىئو ئاڭلاۋاتقان كىشى ساقچى ئىشەنسە قۇلاقلىقنى ساڭىمۇ بېرىپ ئاڭلىتىدۇ. مەن بۇنداق بىر رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بارلىقىنى ئەنە شۇ تۈرمىدە بىلدىم. خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىككى يىل يۈرۈپمۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بولمىغان ئىكەن. ئۆتكەندە مەن يېزىغا بارغىنىمدا بىر چارۋىچىمۇ ئۆيىدە شۇ دولقۇننى ئاڭلاۋاتقان ئىكەن. مەن ئاۋازىنى ئاڭلاپلا شۇ رادىئو ئىستانسىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ چارۋۇچى ھەركۈنى ئاڭلاپ تۇراتتىمىكەن؟

مۇختەر: يېزىدا قىلىدىېغان باشقا ئىش بولمىغاچقا، ئۇلار ھەر كۈنى بۇ رادىئونى ئاڭلىشىدىكەن. ئاندىن ئۆزئارا تالاش-تارتىشمۇ قىلىپ كېتىشىدىكەن. دۆلەت كادىرلىرى ئارىسىدىمۇ بۇ دولقۇننى ئاڭلايدىغانلار بار. ئۇنداقلار چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن خېلى تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن. راستىنى دېسەم مەن ئۇ رادىئونى بەك ئاڭلاپ كەتمەيمەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرى مېنىڭ ئۈچۈن ئۇنچە مۇھىم گەپلەر ئەمەس. مەن باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالىمەن: تۈنۈگۈن ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇنداق دېدى، بۈگۈن مۇنداق دېدى دېيىشىپ خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلار بار. ۋەتەن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز بولمايدىكەن. مەسىلەن ئۈرۈمچىدە بۈگۈن چۈشتە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي تۇرۇپلا قەشقەردىكىلەر خەۋەر تېپىپ بولىدىكەن. ئۇلار بۇنچە تېز نەدىن خەۋەر تاپقان دەيسەن؟ چەتئەلدىكى ئۇ رادىئو ئىستانسلىرى تېلېفون نومۇرلىرىنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ ھەقسىز تېلېفون قىلالايسىلەر دەپ تۇرغاچقا، بۇ تەرەپتىكىلەرمۇ ئىمىنى كۆرسە دەرھال تېلېپون قىلىپ بىزدە ئۇنداق ئىشلار بولدى، مۇنداق ۋەقە يۈز بەردى دەپ خەۋەر بېرىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق تېلېپوندا خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغانلار بەكلا كۆپ. شۇڭا رادىئو ئىستانسىمۇ بۇنداق خەۋەرلەرنى شۇ ھامان خەۋەر قىلىپ تۇرىدىكەن.

## بازا تەشكىلاتىدىكى ئۇيغۇرلار

مۇختەر: سەن دىققەت قىلدىڭمۇ، ئامېرىكا ئافغانىستاندا ئەسىرگە ئالغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمىدى. ھەتتا بىرىنچى بولۇپ قويۇۋەتكەنلەرمۇ يەنە شۇ ئۇيغۇرلار. قالغان ئەرەبلەردىن قويۇۋەتكەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. چۈنكى ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئافغانىستانغا بېرىشىدىكى مەقسىدىنىڭ ھۇسامىدىن بىن لادىنغا ئەگىشىش ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇرلار بىن لادىننىڭ يېنىغا چېنىقىش ئۈچۈن بارغانلىقىنى، چېنىقىپ بولۇپ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىپ پائالىيەت قىلىشماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ قالغان. بۇنى ئامېرىكىلىقلار سوراق جەريانىدا بىلىپ قالغاچقا ئۇلارنى قويۇۋەتكەن. ئۇلارنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار دېگەندە، ئامېرىكىلىقلار ئۇلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرسەك ئۇ يەردە ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلمايدۇ دەپ قاراشقان.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە، ئافغانىستانغا بېرىۋالغان بۇ ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئەسلى قانداق ئىش؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىن لادىننىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىش ئىدى. شۇ ئارقىلىق ئۇلار بىن لادىن يېنىدا ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرۇپ بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ پائالىيەت قىلماقچى بولۇشقان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى چېنىقىپ بولۇپ پەلەستىنگە بېرىش ياكى چېچەنىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا چېنىقىپ بولۇپ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشنى مەقسەت قىلىشقان. بەلكىم زۆرۈر تېپىلسا ئۇلارنى پەلەستىن ياكى چېچەنىيىگىمۇ ئەۋەرتىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋەتەنگە قايتىپ ھەرىكەت پەيدا قىلىش.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن ئۇلاردىن بىرەرسىنى بىلەمسەن؟ يەنى مەن دېمەكچى بولغىنىم، سىلەر ئادەتتە ئەنە شۇ مەقسەت ئۈچۈن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن لادىننىڭ يېنىغا بېرىۋاپتۇ دەپلا ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى نېمە مەقسەتتە ئۇ يەردە يۈرگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەي قېلىشىڭلار مۇمكىنمىدۇ دېمەكچىمەن.

مۇختەر: تۇرمىدىكى ۋاقتىمدا شۇنداق بىرسىنى بىلەتتىم. ئۇ يىگىت پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قالغان كەشمىرگە بارغانىكەن. ئۇنى ئەسلىدە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار يار يۆلەك بولۇپ چېنىقىش ئۈچۈن كەشمىرگە يولغا سالغانىكەن. كېيىن ئۇ يەردە تۇتۇلۇپ ۋەتەنگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قاماققا ئېلىنغانىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچىمۇ چېنىقىش ئۈچۈنلا بارغان بولۇپ، ئۇ بارغان چېنىقىش بازىسىنىڭ چىقىمنى بىن لادىن تەرەپ ئۈستىگە ئالغانمىش.

ۋاڭ لىشيوڭ: مىچۈەن تۇرمىسىدە ‹دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى› لەقەملىك بىرسى بار ئىكەنمىش. ئۇمۇ چېچەنىيىگە بارغانلاردىنكەنغۇ؟

مۇختەر: ئۇ قانداق قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ موسكۋالىقلار ئۇنى بوزەك قىلىپ تىجارەتتە زىيان تارتىپ كەتكەن. موسكۋالىقلار ئۇنى راسا ئەدەپلەۋاتقىنىدا بىر نەچچە چېچەنىيىلىك كېلىپ قالغان. موسكۋادا چېچەنلەر بەكلا كۆپ. تاياق يېگەندىن سەن نېمە ئادەم دەپ سورىغاندا مەن ئۇيغۇر دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنى ئاڭلاپ چېچەنلەر بايىقى ئۇرۇسلارنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن. بولمىسا ئۇرۇسلار ئۇنى ئۇرۇپ يېرىمجان قىلىپ قويۇشى، ھەتتا يېنىدىكىنى بۇلاپ-تالاپ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىكەندۇق. چېچەنلەر ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ دەپ سورىغاندا تىجارەت قىلىشقا كەلگەنتىم، زىيان تارتىپ كەتتىم دەپ جاۋاب بەرگەن. چېچەنلەر ئۇنىڭدىن جەڭگە قاتنىشىشنى خالامسەن دەپ سورىغىنىدا ماقۇل دەپ چېچەنىيىگە يولغا سېلىنغانىكەن. 11-سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىكىلەر 7 كىشى بىلەن سۆھبەت قىلغان. شۇ چاغدا بۇ ‹دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى› دېگىنىمۇ چىقىپ قالغان. تېلېۋىزىيىدىكىلەر ئۇنىڭدىن نەدە تۇرۇۋاتىسەن دەپ سورىغىنىدا، ئافغانىستاندا مەشىق قىلىۋاتىمەن، بىزنىڭ چىقىملىرىمىزنى بىن لادىن تەمىنلەيدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەسلىدە ئۇ بىن لادىننىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىگەن بىرسى ئىكەن. بەلكىم مەشىق يېرىدىكى چىقىملارنى راستىنلا بىن لادىن ئۈستىگە ئالغان بولۇشىمۇ مۇكىندۇ. بۇ ئىشلار يوشۇرىدىغان يېرى قالمىغان، ھەممىگە ئايان بولۇپ كەتكەن بىر ئىشقۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: قولغا چۈشكەندە ئۇنى نېمە گۇناھ بىلەن كېسىپتىكەن؟

مۇختەر: ئۇ چېچەنىيەدە بىر مەزگىل مەشىق قىلغاندىن كېيىن، يېنىغا بىر قىسىم خەرىتە دەمدۇ، قورال ياساش چېرتيوژى دەمدۇ ئىش قىلىپ بىر نېمىلەرنى ئېلىپ پەلەستىنگە بارماقچى بولغان. شۇ چاغدا ئۇنى ك گ ب نىڭ تۇتىۋالغان. ك گ ب دىكىلەر ئۇنىڭ شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېيجىڭ بىخەتەرلىك مىنىستىرىدىكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنى كىم پەلەستىنگە يولغا سالغانىكەن؟

مۇختەر: چېچەنلەر بولمامدۇ. ئۇ چاغدا پەلەستىندىمۇ بىر نەرسىلەرنى ئۆگەنمەكچى بولغانمۇ ياكى باشقا بىرەر ئىشى بارمۇ قانداق بىلمىدىم. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭغا كېلىپ ۋەقە چىقارماقچى بولغان دەپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرۈش جىنايىتىنىڭ 103-ماددىسىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا 7 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭدىن سورايدىغان يەنە بىر گەپ، بۇ يەردە سىياسەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۇششاق-چۈشەك جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا بۆلگۈنچى ياكى تېررورچى قالپىقىنى كەيگۈزۈشى مۇمكىن بولغاچقا، قورقۇپ چەتكە چىقىپ كېتىپ ئەنە شۇنداق ئىشلارغا كىرىپ قالغانلاردىن بارمۇ؟

مۇختەر: دەل تاپتىڭ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 60-70 پىرسەن كىشى ئەنە شۇ تۈردىكى كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بەزى ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ سالغان ياكى بولمىسا چەتئەلدە پائالىيەت قىلمىۋاتقانلار ئاز-تولا ياردەم قىلىپ سالغان. ۋەتەندە بولسا ئەنچەنتىڭدىكىلەر ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تېپىپ ''ئاڭلىساق تۇغقىنىڭلار سىرتتا بەزى ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىدەك. ئۇ زادى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ'' دەپ سورىسا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئامال يوق بەزى گەپلەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قايتىپ كەتسەممۇ بالادىن قۇتۇلالمايدىكەنمەنغۇ، ئەمدى قانداق قىلسام بولار دەپ بېشى قېتىشقا باشلايدۇ-دە، ئاخىرى بىن لادىن يېنىغا بېرىشتەك مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىن لادىننى بىلىدىغان كىشىلەر كۆپمىدى؟

مۇختەر: بىن لادىن تەربىيىلىگەن نۇرغۇن كىشىلەر چېچەنىيە بىلەن بوسنىيە، سىربىيە كوسوۋوسىغا ياكى پاكىستاننىڭ كەشمىر رايونىغا جەڭ قىلىشقا ئەۋەرتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بىلىدىغانلار راستىنلا كۆپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى قوش كىزەك بىنانى تىتىۋەتىدىغانلىقىدەك بىر ئىش پىلانلايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئەقلىگە كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

## تېرروزچىلىق بىلەن زوراۋانلىق كۈرەشنىڭ پەرقى

## ـ ھەممە يەرنى قاپلىغان تىرىك بومبا ۋەقەلىرى

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەلگۈسىدە تېرروزلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مىللەتچىلەردىن چىقارمۇ ياكى دىنچىلاردىن چىقارمۇ؟

مۇختەر: بايا مەن دېگىنىمدەك، دەسلىپىدە نامايىش قىلىش، تەشۋىقات قىلىش، جامائەت پىكرى توپلاش، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش دېگەندەك تىنچلىق ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ جەرياندا توقۇنۇش يۈز بېرىپ قالغۇدەك قىلسا ياكى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ باستۇرۇشقا كىرىشسە، ۋەياكى خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە زىيانلىق دەپ قاراپ ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىشقىدەك بولسا، ئوتتۇرلۇقتا زوراۋانلىق كۈرەشكە ئاتلىنىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، بۇنداق زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاساسى قىسمى يەنىلا شۇ دىنى قاراشتىكى كىشىلەردىن چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن ئۇلارنىڭ قىلىشى مۇمكىن بولغان تىرىك بومبا بولۇش دېگەندەك ھەرىكەتلەر مىللەتچىلەر قىلىدىغان ئىشلار ئەمەس. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنداق بىر ھەرىكەتنى قىلالمايدۇ. بۇنداق ئىشلارنىمۇ يەنە شۇ دىنى قاراشتىكىلەر قىلالىشى مۇمكىن. ئەگەر ۋەزىيەت بۇگۈنكىدەك داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ دىننى چەكلىشى تېخىمۇ كۈچەيتىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، دىنى قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ بۇنداق بىر يولغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا چارىسى قالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىلاردىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىنىڭ نەتىجىسى بەك ئاز بولماقتا، ئەمما ئەنە شۇ تىلغا ئالغۇچىلىقىمۇ بولمىغان نەتىجە ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىمۇ بەكلا ئېغىر بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇلار ئەنە شۇنداق چېكىدىن ئاشقان قارامىلىق يوللىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇقەررەر. ئۇلار ئىراقتىكىلەر بىلەن پەلەستىندىكىلەرنىڭ تىرىك بومبا بولۇپ پارتلىتىش پائالىيەت قىلىشلىرىنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئويلىماي قالمايدۇ. مېنىڭ دېگىنىمدەك، ئەڭ خەۋپلىك بولغىنى ئۇلارنىڭ چەتئەلدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى بولۇپ، بۇنداق ئۈلگە ئېلىش چوقۇم تىرىك بومبا بولۇش ۋەقەلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، مەيلى ئىراقتىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئافغانىستاندىكىلەر بولسۇن، ياكى تالىبانلار، بازا تەشكىلاتىدىكىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن كۈچلۈك تەشكىلاتلار كەينىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بەرگەچكىلا بۇنداق داغدۇغىلىق تېرروزچىلىق پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما خىتاي تەۋەسىدە، بايام سەنمۇ ئېيتقىنىڭدەك ئۇلار بەكلا تارقىلىپ كەتكەن، تۈزۈكىرەك مەركىزىنىڭمۇ تايىنى يوق ھالەتتە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەستۇ؟

مۇختەر: ناتايىن. مېنىڭ بىلىشىمچە ئىراقتا ئۇنداق كۈچلۈك بىرەر تەشكىلاتنىڭ بارلىقىمۇ ناتايىنەدەك قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئاساسەن تەشكىللىك پائالىيەت قىلغاندەكمۇ قىلمايدۇ. نۇرغۇنلىرى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم. بايا دېگەنەدەك ئۇنداق پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى بىرلا ئادەم قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلار بولۇپ، 4-5 كىلو پارتلاتقۇچ دورىسى تاپسىلا بولىدىغان ئىشلار. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىرەر تەشكىلات كەينىدە تۇرۇپ قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنىڭ ياكى ياردەم قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما خەلقئارالىق تەشۋىقات ئورۇنلىرى بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنى خۇددى كۈچلۈك بىر تەشكىلات پىلانلاپ قانات يايدۇرىۋاتقاندەك تەسۋىرلەپ تەشۋىق قىلىشماقتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: راست، بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن بىرلا ئادەم بولسا بولىدىغان ئىشلار. ئەمما بۇنداق بىر ئادەمنىڭ پائالىيىتى كەينى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرىدىغان زەنجىرسىمان ۋەقە چىقىرىش ۋەزىيىتىگە ئايلىنالىشى، ھەممە يەرنى قاپلىغان پارتلاش ۋەقەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىتنى پەيدا قىلالىشى مۇمكىن بولارمۇ؟

مۇختەر: ماڭا قارا، يول تاپالماي يۈرگەن دىنى قاراشتىكى بىرسى نېمە قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپلا يۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ۋەقەلەردىن بىرەر-ئىككىسىلا پەيدا بولىدىمۇ، ئۇلار بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ-دە، بەكلا ئاسان سەن دېگەندەك ھەممىلا يەردە پارتلاشلار بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر دىنى قاراشتىكى كىشىلەر ئۆزىنى تونۇتۇشنىڭ بۇنداق بىر ئۇسۇلىنى ئىشقا سالماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى قايسى دىنى ئاساسلارغا تايانغان بۆلىشى مۇمكىن بولار؟

مۇختەر: ئەگەر بۇنداق بىرسى ئىسلام دىنىنى روناق تاپتۇرۇشنى ئويلاپ ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلانماقچىلا بولىدىكەن، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتە، بۇنداق بىرسى شەھىتلىك مەرتىۋىسىگە يۈكسەلگەن ئەۋلىيالارغا ئايلانغان بولىدۇ. يەنى شۇ نەچچە يۈز يىللاپ مېيىتى ساپمۇ-ساغلام قەبرىدە ياتقانلاردەك ئەھۋالغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدى پارتلاشتا تىتما-تىتما بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدىغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ جەسىتى يەنە ساپمۇ-ساغلام ساقلىنىپ قالالايدۇ دەپ ئىشىنىش ...

مۇختەر: ئەمما ئۇنىڭ داۋاتقىنى جەسىتى ئەمەس ئۇنىڭ روھى، پارتلاشتا ئۇنىڭ روھى تىتىلىپ كېتەلمەيدۇ-دە، ئۇنىڭ غايىسى روھىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەش.

ۋاڭ لىشيوڭ: قۇرئاندا شۇنداق گەپلەرمۇ بارمۇ؟

مۇختەر: قۇرئاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنداق ئىشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى قانۇنلىرى ئۆلۈك قېتىپ قالغان ئەقىدە ئەمەستە. ئالاھىدە تارىخى شارائىتلاردا ئىسلام ئاخۇنلىرى، موللىلىرى ۋاقىتلىق نىزاملارنى تۈزۈپ چىقالايدۇ. مەسىلەن ئەگەر بىرەر يۇقۇملۇق ۋابا تارقىلىپ كەتكەندە ھەر بىر كىشى كۈندە ئۈچ رومكا ھاراق ئىچىپ بەرسىلا بۇ ۋابا يۇقمايدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەن بولسۇن دەيلى، بىزنىڭ ئاخۇنلىرىمىز تا بۇ ۋابا يوقالغان كۈنگىچە ھەر كىشى كۈندە ئۈچ رومكا ھاراق ئىچسە گۇناھ بولمايدۇ دەپ ئېلان قىلالايدۇ. ئۇلاردا بۇنداق بىر ھوقۇق بار. ئۇلار بۇنى قىلىشقا كۈچى يېتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭدەك، مەنمۇ بىر قېتىم ئاقپ بىلەن نىڭشادىكى بىر نامازغا كىرگىنىمدە ئاخۇنۇمنىڭ چۆلدە قېلىپ ئاچتىن ئۆلۈش خەۋپىگە دۈچ كەلگىنىڭدە، ئەگەر ئالدىڭغا بىرەر پارچە توڭگۇز گۆشى ئۇچراپ قالسا يېسەڭ بولىدۇ دېگىنىنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم.

مۇختەر: شۇنداق، ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەگەر يەيدىغانغا باشقا ھېچنېمە قالمىغىنىدا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن يېسە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ قورسقى تويغاندىن كېيىن داۋاملىق يېيىشكە بولمايدۇ. بۇ چاغدا قايتىدىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن يەيدىغانغا باشقا نەرسە تاپالىسىلا توڭگۇز گۆشىنى داۋاملىق يېيىشى ھارام. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ئۇلار دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىزغا، يۇرتىمىزدا ياشيالىشىمىزغا شارائىت يول قويمايۋاتىدۇ، شۇڭا بىز دىنىمىز بىلەن يۇرتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن تىرىك بومبا بولۇش يولىدىن باشقا چارىمىز قالمىدى دېسە ھەممە ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا تەييار بولالايدۇ. ئۇ چاغدىكى ئۆزىنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھېسابلانماستىن بەلكى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش دەپ قارىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، پەلەستىن، ئىراق دېگەندەك ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇسۇلمان ئالىملىرىمۇ ئەنە شۇ تۈردىكى تىرىك بومبا بولۇش يولىنى توغرا تېپىشقان. ئۇلارمۇ چارىسىزلىقتىن بۇ يولنى تاللىۋېلىشقانلىقى ئېنىق.

## جەننەتتىكى مەلەكلەر شەھۋانىلىق ئۈچۈن تەييارلانمىغان

ۋاڭ لىشيوڭ: بەلكىم مازاق قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولىشىمۇ مۇمكىندۇ، غەرپتىكىلەر بۇ ئىشنى باشقىچە تەرىپلەشمەكتە. يەنى فرانسىيىلىك بىر ئايال مۇخبىر ماڭا "بۇنداق كىشىلەرنىڭ تىرىك بومبا بولالىشىغا ئۇلارنىڭ موللىلىرى مۇشۇنداق قىلساڭلار سىلەرنى جەننەتتە پېچەت قىزلار كۈتۈۋالىدۇ دېيىشى سەۋەب بولغان" دېگەن ئىدى. يەنى ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇنداق جان پىدا قىلىدىغان ئادەملەر دىن ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇ دۇنيادا ئەيشى-ئىشرەتلىك باياشات ئويناپ ياشاشنى مەقسەت قىلىپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ دېمەكچى. بۇنداق قاراش، دانىيىدىكى ھەجۋىي رەسىم داۋرىڭىدىكى بىر پارچە رەسىمدىمۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر تىرىك بومبا بولغۇچىلارغا "جەننەتتە پېچەت قىزلار تۈگەي دەپ قالدى" دەۋاتقانلىقىنى ھەجۋىلەشتۈرگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلەنگەن.

مۇختەر: ئىش ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس. يەنى ئايالىڭىنىڭ سېنى كۈتۈۋېلىشى ئەتىدىن-كەچكىچىلا شەھۋانىلىق ئۈچۈنلا بولامتى؟ مەسىلەن تاماق ۋاقتىدا ئايالىڭىنىڭ تاماقنى ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشى جىنسى ئارزۇ ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ بىر ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى نورمال ئەھۋالغۇ؟ جەننەتكە كىرگەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان پەرىلەر، مەلەكلەر ھەرگىزمۇ پېچەت قىز دېگەنلىك ئەمەس. جەننەتتىكى ئۇنداق گۈزەللەرنى سىلەردە نېمە دەيدۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: پەرىلەر

[مېنىڭچە خىتايلاردا بۇنداق بىر ئۇقۇممۇ بولمىسا كېرەك، ئۇلار چىرايلىق جىنلار دەپلا بىلەمدىكىن دەيمەن. ھازىرچە پەرىلەر دەپ تەرجىمە قىلىندى. –ت]

مۇختەر: ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان پەرىلەر سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشقا ئىشۆرتىلىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۇ تۇر كىشىلەر ئۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئۈچۈنلا ئۆزىنى پىدا قىلىشامدۇ ياكى باشقا غەرەزلىرى ...

مۇختەر: ئۇلار بۇ دۇنيا دېگەن ۋاقىتلىق بىر دۇنيا، ئۇ دۇنيالا مەڭگۈ بەختلىك ياشاشقا بولىدىغان دۇنيا دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشقان. بولۇپمۇ دىنغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەن رادىكال قاراشتىكى كىشىلەر پۈتۈنلەي ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈنلا ياشايدىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار جىسمانىي بەدەن بىلەن ياشايدىغان بۇ دۇنيانىڭ ۋاقتى ئەڭ كۆپ بولسا 80-90 ياشقىچىلا داۋاملىشالايدىغان بىر دۇنيا. ئەمما روھ دۇنياسى بولغان ئۇ دۇنيا دېگەن مەڭگۈلۈك بىر دۇنيا دەپ قارىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە ئۇيغۇرلاردىن چىقىدىغان تېرىك بومبا بولۇشنى خالايدىغانلار قۇرئاندا بەلگىلەنگەن قائىدىلارغا ئاساسلىنىپ بۇ يولنى تاللىشامدۇ ياكى پەلەستىن، ئىراقلىقلارنى دوراپ بۇ يولغا ئۆزىنى بېغىشلارمۇ؟ سەن دېگەن يەنە بىر يول بولغان دىنى موللىلارنىڭ چاقىرىقىغا ئەمەل قىلىش ئىشى مېنىڭچە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر يولدەكلا قىلىدۇ.

مۇختەر: بۇنداقلارنى يوق دېيەلمەيسەن. ئۇيغۇرلاردىنمۇ بۇنداق چاقىرىق قىلىدىغانلارغا ئەمەل قىلىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. گەرچە بىزدىكى مەزھەپ بۇنداق بىر يولنى تاللىۋېلىشنى توغرا كۆرمىگەندەك قىلسىمۇ، ۋەزىيەت مەجبۇرلىغىنىدا بىز ھەر تۈرلۈك يوللارنى تاللاپ باققان ئىدۇق. ئەمما ھەممىسىدىلا مەغلۇپ بولدۇق. ئەمدى دىنى قاراشتىكى كىشىلىرىمىز، ئىراقتا شۇنچە كۈچلۈك ئورۇندىكى ئامېرىكىنىمۇ شۇنچە قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، پەلەستىندىمۇ مۆتىدىل ئىسرائىللارنى پەلەستىنلىكلەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىيالىغان، ئۇلارغا يول قويۇشقا مەجبۇرلىيالىغان بىر ئۇسۇلنى بىز نېمىشقا ئىشلەتمەيدىكەنمىز، بىزمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك دېيىشمەكتە. مېنىڭ شەخسى مۆلچەرىمچە، بۇنداق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. بۇ ئىشتا ئەڭ مۇھىم بولغىنى دىنى قاراشتىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سورۇنىنى قوغداشقا مەجبۇر.

ھۆكۈمەت ھازىر دىننى بەكلا قاتتىق چەكلىمەكتە. ساقاللىرىدىن تارتىپ چۈشەرتكۈزۈپلا قالماي يەنە 20 سومدىن جەرىمانىمۇ ئېلىشماقتا. يېتىلگەن سادىق بىر مۇسۇلمان بەندىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنداق ھاقارەتكە قېلىش بەكلا ئېغىر بىر ئىش. ئۇلار بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىماسمۇ؟ قانداق قىلساق بۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشەلەرمىز دەپ باش قاتۇرماسمۇ؟ ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ھەرقانچە ئويلىسىمۇ خىتاي ئۈچۈن، خەلقئارا جامائەتچىلىك ئۈچۈن تەسىر قوزغىيالايدىغان يولنىڭ پەقەتلا تىرىك بومبا بولۇش يولىلا قالغانلىقىنى ئويلىنىدۇ. ئەگەر تەسىرى كۈچلۈك بىرەر مولىلا چىقىپ بۇ ھەقتە پەتىۋا بېرىدىغانلا بولىدىكەن، كىشىلەر چوقۇم بۇنداق يولنى تاللاشقا تەييار بولالايدۇ. دىنى ئېتىقاد ئېگى مەلۇم بىر دەرىجىگە يەتكەنىدىن كېيىن ئۇنداق بىرسىنى باشقا ھېچقانداق ئىش تەسىرلەندۈرەلمەيدىغان بەكلا تەمكىن بىرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بىزدىكى كۆپ سانلىق دىنى داھى ياكى موللىلارنىڭ كۆڭلى بەكلا يۇمشاق. چۈنكى ئادەم دىنى ئېتىقادىدا قانچىكى مۇكەممەللىشكەنىكەن، ئۇنداق بەرسىمۇ شۇنچە رەھىمدىل، شۇنچە ئاق كۆڭۈل بولۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەر بىر بولسا بېشىنى چۈكۈرۈپ جىم تۇرۇۋېلىش يا بولمىسا تۇرمىدە يېتىشقا رازى بولىشىدىكەن. ئەمما مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇنچە يۇقىرى بولمىغان، دىنى بىلىملىرىمۇ ئۇنچە يۇقىرى بولمىغان بىرسىنىڭ مىجەزى چۇرس بولۇپ، بەكلا ئاسان ھاياجانلىنالايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما مەن جەنوبتا ئۇچراتقان سەھرالىق يۇقىرالار بەكلا مۇلايىم، بەكلا سەممىي، بەكلا ياۋاش كۆرۈندى.

مۇختەر: شۇنداق. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق مۇلايىم. ئەمما دىنى سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان دىنى قاراشتىكىلەر ئۇلاردەك مۇلايىم ئەمەس. ئۇلارمۇ ئادەتتە ئىنتايىن مۇلايىم، سىلىق كۆرۈنىشى مۇمكىن بولغىنى بىلەن، ئۇنداق كىشىلەر بىرەرسى بىلەن ئېيتىشىپ قالغانلىرىدا بەكلا ئاسان ھاياجانلىنىپ سەپرالىنىپ قايناپ كېتىدۇ.

## ئۇيغۇر خەلقى تېررورچىلىقنى خالىمىغىنى بىلەن قارشى تۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: تېررورچىلىق دېگەن بۇ ئۇقۇم بىر قارىماققا قۇلاققا بەكلا سەت ئاڭلانغاندەك قىلغىنى بىلەن، بەزىدە ئۇنىڭغىمۇ مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان، توغرا بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلار بۇگۈن ئەنە شۇنداق بىر قاراشقا كېلىپ قالدىمۇ قانداق؟ بۇنى سورىشىمدىكى مەقسىتىم، بۇگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بىلىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىشلا ئىدى.

مۇختەر: دېگىنىڭدەك، تېررورچىلىق دېگەن بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلار پايدىلىنىدىغان بىر تۈرلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش يولىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كۈچ تەڭپۇڭلۇقى پەرقى ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ پەرقى ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىپ كەتكىنىدە، ئادەتتىكى قانۇن نىزاملارمۇ ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ ئىشلىمەس بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىشتەك خەۋپ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار بۇنداق بىر يولنى ماقۇل كۆرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدا تېرروررچىلىق تېخى بىر ئېقىم ھالىغا كېلەلمىدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر زىيالىيلار تەبىقىسىدىكىلەر زوراۋانلىق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تاللىۋالالىغىنىدىمۇ ئۇلار ھۆكۈمەت ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىنىلا تاللىۋېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرىنى، تۆمۈر يول قاتناش لىنىيىلىرىنى ياكى نېفىت تۇرۇبا يوللىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشتەك ئىشلارنىلا تاللىۋېلىشلىرى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ مۆلچەرىڭچە، زىيالىي تەبىقىسىدىكىلەر قانداق ئەھۋاللاردا تېرروررچىلىق پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن؟

مۇختەر: مېنىڭچە بولغاندا، بۇنداق ئىشلار ئىشسىز زىيالىيلار قوشۇنىدا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئۇنداق كىشىلەر كەلگۈندىلەرگە ياكى ھۆكۈمەت ئەسلەھەلىرىگە زەربە بېرىش ئارقىلىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. ئەمما پۇقراغا زىيان سالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما دىنى قاراشتىكىلەرمۇ جامائەت ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىنىمۇ تاللىۋالىشى مۇمكىنىدۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسلىق تىغ ئۇچىنى كۆچمەنلەرگە قارىتىدىغانلىقى ئېنىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: بايا سەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار تېرروررچىلىقنى خالىمايدۇ دەپ ئېيتقانىدىڭ. سېنىڭچە ئۇلار ئىنسانلىق پەزىلىتى نۇقتىسىدىن خالىمامدۇ ياكى بۇنداق ئۇسۇلنىڭ ئەملى رولى بولمايدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن خالىمامدۇ؟

مۇختەر: ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ ئۇسۇلنى خالاپ كەتمەيدۇ. ئەمما بۇنداق بىر يولنىڭ تەسىرىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. شۇڭا بەك قارشى تۇرۇپ كېتىشمۇ ناتايىن.
ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى بۇنداق بىر تەدبىرنىمۇ كارغا كېلىدىغان بىر تەدبىر دەپ چۈشىنىدۇ دېگىن.

مۇختەر: شۇنداق، بۇ تەدبىرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: قايسى جەھەتلەردە كارغا كېلىدۇ، قانداق پايدىسى بار دەپ قارىشىدۇ؟ بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك توختالغان بولساڭ.

مۇختەر: مەسىلەن ئالايلى، جەمئىيەت بەكلا تەرتىپلىك، بەكلا مۇقىم ئەھۋال ئاستىدا بىرەر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماق بەكلا تەس. ئەگەر بىر كۈنى خوتەندە بىر پارتلاش بولۇپ، يەنە بىر كۈنىسى غۇلجىدا بىرەر تېرروررلۇق ۋەقەسى چىقىپ تۇرغىنىدا ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتى چېچىلىپ ئىشلىرى قالايماقانلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بىر ئەھۋالدا بىرەر پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشمۇ ئاسانىراق بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى دېمەكچى بولغىنىڭ، تېررورلۇقنى خالىمىغىنى بىلەن مۇستەقىللىق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئويلاپ يۈرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەگەر جەمئىيەتتە تېررورلۇق ۋەقەلىرى كۆرۈلۈپ تۇرغىنىدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىغا دىققەت قىلىدىغانلار كۆپ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن بىر بوشلۇق پەيدا بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ دېمەكچىمۇسەن؟

مۇختەر: ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كەتكىنىدە، ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى تېرروررچىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، قالغان ئىشلارغا بەك چولىسى تەگمەي قېلىشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭ يەنىلا شۇ مۇستەقىللىقنى خىيال قىلىدىغانلارنىڭ ئويلىغىنىكەن. مەن سورىغىنىم، ئادەتتىكى پۇقرالار قانداق قارايدۇ دەپ سورىماقچىدىم. يەنى ئادەتتىكى پۇقرالار تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە پايدىلىق، ياكى ئىشلىرىمىزنى ياخشىلاپ بېرىدۇ دەپ قارامدىغاندۇ؟

مۇختەر: بايا دېگىنىمدەك، ئادەتتىكى پۇقرالار تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى خالاپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشىغا قارشىمۇ ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر بىرەر تېررورلۇق ھەرىكىتى ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ بىرەرسىدە يۈز بەرگىنىدە، ئۇ يەردە ھەرقانداق مىللەت كىشىسىنى ئايرىماي يارىدار قىلىشى تۇرغان گەپ. يەنە كېلىپ بۇ تۇردىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلەر يالغۇز خىتاي كۆچمەنلىرىگە قارىتىلغان تەدىردىمۇ ئۇ كۆچمەنلەرمۇ بەربىر ئادەتتىكى پۇقرا ھېسابلانمامدۇ؟ شۇنداق بولغىنىدا، ئۇيغۇرلار بۇنداق ۋەقەلەرنى تېررورلۇق دەپ ھېسابلامدۇ ياكى ئادەتتىكى نورمال قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى دەپ قارىشامدۇ؟

مۇختەر: ئۇلار بەربىر بۇنداق ۋەقەلەرنى تېررورلۇق ھەرىكەت دەپ قارىشىدۇ. ... ئەمما بايام دەپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇلار بۇ تۇردىكى ئىشلارنى ھەم خالىمايدۇ، ھەم قارشى تۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يا بولمىسا، ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇ تۇردىكى تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بولۇپ تۇرغىنىدا كۆچمەن خىتايلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭغا كېلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن دەپ قارىشامدۇ-يا؟

مۇختەر: شۇنداق ئويلايدىغان بولىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ كۆرۈلۈپ تۇرۇشى بىلەن ھۆكۈمەتمۇ بېسىم ھېس قىلىپ بەزى سىياسەتلىرىنى ياخشىلاشقا مەجبۇرلىنىشى مۇمكىن دەپمۇ ئويلىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەجەبا بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار ئويلىغاننىڭ دەل ئەكسىچە ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمنى تېخىمۇ ئارتتۇرىۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىماسمۇ؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەھۋالمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بۇ تۈردىكى ئىشلارنى باستۇرمايدىغان ھېچقانداق بىر ھۆكۈمەت يوق. چوقۇم ئۇيغۇرلارنى باستۇرىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، بۇنداق بېسىمنىڭ ئارتىپ كېتىشىگە ئادەتتىكى ئۇيغۇرلار ماقۇل دەرمۇ؟ ياكى ئۇيغۇرلار ئاممىسى بۇنداق بىر بەدەل تۆلەشكە رازى بولىشارمۇ سىزنىڭچە؟

مۇختەر: بۇنى قوبۇل قىلىشى مۇقەررەر. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇگۈنكى بېسىملار، باستۇرۇلۇشلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ھۆكۈمەت بۇ خەقنى تېخىمۇ قاتتىق بوزەك قىلسا، بېسىمنى تېخىمۇ ئارتتۇرسا، ئاندىن خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆز تەغدىرىنىڭ غېمىنى قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ، ئاندىن بىرەر ئىش قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. بولۇپمۇ زىيالىيلار ئەنە شۇنداق ئويلايدۇ. زىيالىيلىرىمىز ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىپ بېرىشىنى خالىمايدۇ. ئەگەر سىياسەتلەر كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى بارغانسېرى ناچارلىشىپ بارغىنىدا، بىر قىسىم ئۆز تەغدىرىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي يۈرىدىغان كىشىلىرىمىزنى ئۇيغۇتىدىغان، ئۇلارنى قوزغىتىدىغان بىر دەرس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى خەلقنى ئويغۇتۇشنىڭ بىر چارىسى دېگىنە.

مۇختەر: زىيالىيلىرىمىز شۇنداق دەپ قارىشىدۇ. مەن بىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك شۇنداق قارايدۇ. ئۇلار، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز خىتاينىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى تېخى تولۇق تونۇپ كەتمىدى، ئۆزلىرىنى كەلگۈسىدە يەنە قانداق ئاپەتلەر كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئويلىمايۋاتىدۇ دەپ قارىشىدۇ. مەن ساڭا دېگىنىمدەك، بۇرۇنلاردا دۆلەت كادىرى بولغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زوراۋانلىق ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىش يولىغا بەك ماقۇل بولمايتتى. ئۇلار تىنچ يوللاردا مەسىلە ھەل قىلىش كېرەك دەپلا قارىشاتتى. ئەمما بۇ تۈردىكى كىشىلەرمۇ بۈگۈنكى كۈندە تىنچلىق پائالىيەتلىرىگە قوشۇلۇپ بىر قىسىم زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ بولۇپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ياردەمچى رول ئوينىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە.

## تېرروركچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ پەرقى

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى، چېكىدىن ئاشقانلار يۇمشاق ئۇسۇل قوللىنىدىغانلار ئۈچۈن پائالىيەت سورۇنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ دېگىن. چېكىدىن ئاشقانلار قانچىكى كۆپ ۋەقە چىقىرىپ تۇرسا، سىلىق يول تۇتىدىغانلار ئۈچۈنمۇ شۇنچە كەڭرى مۇھىت يارىتىلىپ، ھۆكۈمەتمۇ بۇ يۇمشاق يول تۇتىدىغانلار بىلەن كېلىشىشكە شۇنچە رازى بولىدۇ دېگەن گەپكەندە. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ھەددىدىن ئاشقانلار ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلا ئىش بولسا، چوقۇم سىلىق يول تۇتىدىغانلارنىڭمۇ تىنچلىق تەلەپلىرى بازار تاپالايدۇ دېگەن گەپ. ئەگەر چېكىدىن ئاشقانلارنىڭ ھەرىكىتى بولمايدىكەن، ئۇ

هالدا سىلىق يول تۇتىدىغانلارمۇ ھەددىدىن ئاشقانلار دەپ قارىلىدىغان گەپ. بۇلار سىياسەتچىلەرنىڭ بىر قانۇنىدەكمۇ قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار تېررورچىلىق بىلەن زوراۋانلىق كۈچىگە تايىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىر-بىرسىدىن پەرقلەندۈرەلەمدىغاندۇ؟

مۇختەر: پەرقلەندۈرەلەمدىغان، ئۇلار تېررورچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىماستىن زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىشلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش دەپ قانداق ھەرىكەتلەرنى كۆزدە تۇتىشى مۇمكىن؟ تېررورلۇق بىلەن زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى بىر-بىرسىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىكەن، ئۇنداقتا سەن دەپ ئۆتكىنىڭدەك تېررورچىلىق دېگەن ئادەتتىكى پۇخرالارنى زەربە بېرىش ئوبيېكتىۋى قىلىپ تاللايدىغان بىر ھەرىكەت ھېسابلانغان ئىكەن، زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىمۇ نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ خەلق زەربە يېيىشى، ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ ئادەملىرىگىمۇ زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولىدىغان بىر ھەرىكەت ھېسابلانماسمۇ؟

مۇختەر: بۇنداق ۋاقىتتا ئۆز مىللىتىڭنىڭ ئادەملىرىنى كۆزدە تۇتالمايسەن. چۈنكى سەن شەھەر ئىچىدە قايسى بىر مەيداندا پارتلىتىش ئېلىپ بارغىنىڭدا ئۆز مىللەت كىشىلىرىڭنىڭمۇ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ كېتەلمەيسەندە! مەسىلەن ئۈرۈمچى ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسى (1997-يىلى 25-فېۋرال كۈنىسى ئۈرۈمچىدە 2-يول، 10-يول، 44-يول ئاپتوبۇسلىرى پارتلىتىلىپ 9 ئادەم ئۆلۈپ 68 كىشى يارىدار بولغان. ـ ۋاڭ) بولغاندا ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا زىيانغا ئۇچرىغانغۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇڭا بۇنداق زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىش ھەرىكەتلىرىنىمۇ تېررورلۇق ھەرىكەت دەپ قارايمىز-دە!

مۇختەر: ئەمما بۇنداق زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى خەلقىمىز تېررورلۇق ھەرىكەت دەپ قارىمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگىنىڭدىن ھېچنېمە بىلەلمىدىم. ئۇنداقتا سىلەر قايسى تۈردىكى ھەرىكەتلەرنى تېررورچىلىق ھەرىكەت دەپ قارايسىلەر؟

مۇختەر: تېررورلۇق ھەرىكەت دېگىنىمىز، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە ئۆچمەنلىك قىلىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىگە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن تاللاپ ئولتۇرماي بىراقلا خىتايلارنى ئۆلتۈرىدىغان ياكى پۇقرالار ئائىلىلىك رايونلىرىدىكى ئاممىغا زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى مەقسەت قىلىدىغان ۋەقەلەر تېررورلۇق ھېسابلىنىشى كېرەك. ھازىر شىنجاڭدا ياشايدىغان خىتايلار ئارىسىدىكى يېرىمىدىن ئارتۇق كىشىلەر بىزنىڭ ھاياتلىق ماكانىمىز ئۈستىدە ياشاۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. ھۆكۈمەت تەشكىللەپ كۆكتات تېرىش ياكى

مەدىكارلىق ئۈچۈن تۈركۈم-تۈركۈملەپ كەلتۈرىۋاتقانلارغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشنى تېررورلۇق قىلغانلىق دەپ ھېسابلانمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر سېنىڭ بۇ دېگەن گەپلىرىڭنى سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان بىرسى بولسا ئىدىم، سېنىڭ دېگەنلىرىڭدىن زورلۇق كۈچىتىن پايدىلىنىش بىلەن تېررورلۇقنىڭ قىلچە پەرقى يوق ئىشلاركەن دەپ ئويلىشىم مۇمكىن. يەنى نەزەرىيە جەھەتتىن تېررورلۇققا قارشى تۇرىدىكەنسەنۇ ئەمما ئەمەلىيەتتە بارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى زورلۇق كۈچىتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش قاتارىدا كۆرىدىكەنسەن. سېنىڭ دېگىنىڭدەك ئىرقى قىرغىنچىلىق ئىشلىرى بۇ كۈنلەردە ھەرگىز مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. بىلمىدىم، جاھان ھەقىقەتەنمۇ ئوڭ-تەتۈر بولۇپ كېتىپ ھەربىي قىسىملار ئوتتۇرىغا چىقىپ مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدىغان ۋەقە كۆرۈلسە قانداق بولاركىن.

مۇختەر: دىنى قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ زورلۇق كۈچىتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بىلەن تېخنىكىسى بەكلا تۆۋەن، مەسىلەن ئۇلار بىرەر پارتلاتقۇچنى لايىھىلىگىنىدە ئۇنىڭ پارتلىشىغا ۋە زەربە بېرىش كۈچىگىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇنداقلارنىڭ ھەرىكىتى پەقەتلا ئادەتتىكى كىشىلەرگىلا قارىتالىشى مۇمكىن. ئۇلاردا ھۆكۈمەت كۈچلىرىگە زەربە بېرەلىگىدەك كۈچ يوق. ئۇلارنىڭ زەربە بېرەلەيدىغان ئوبيېكتىپلىرى بىرەر يېزىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى، يېزا باشلىقى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ قالغان قوشۇمچە ئادەملىرىلا بولىشى مۇمكىن. ۋەياكى يېڭىدىن كېلىۋاتقان كەلگۈندىلەرگە زەربە بېرىپ ئۇلارنى بىر ئاماللارنى قىلىپ قوغلاپ كەتكۈزىۋېتىشنىلا ئويلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلارنى ئەلۋەتتە تېررورلۇق دەپ قارىيالمايسەن. ھە، ئەگەر ئۇلار مەخسۇس ئاياللارغا، بالىلارغا ياكى قېرىلارغا ھۇجۇم قىلىشنىلا مەقسەت قىلىپ ھەرىكەت قىلغىنىدا، ياكى بولمىسا بۇ يەرلەردە 20-30 يىللاپ ياشاپ كېلىۋاتقان خىتاي پۇخراسىغا مەخسۇس ھۇجۇم قىلغىنىدا، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى تېررورلۇق ھەرىكەت دەپ قارىشىڭ مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن دەپ باقە، شۇ ئۈرۈمچى ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسىنى ئۇلار تېررورلۇق ھەرىكىتى دەپ قارامدۇ ياكى زورلۇق كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى دەپ قارامدىكەن؟

مۇختەر: ئۇ قېتىمقى ۋەقەنى سەن پەقەتلا ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسى دەپلا ئېيتالمايسەن. ئۇ كۈنىسى 25-فېۋرال بولۇپ، دەل دېڭ شاۋپىڭنىڭ دەپنە مۇراسىمى بولۇۋاتقان كۈنى ئىدى. پارتلاش ۋاقتىمۇ بېيجىڭ ۋاقتى بىلەن سائەت 10 بولۇپ، دېڭ شاۋپىڭنىڭ ئۆلىكىنى باباۋشەن قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ ماڭغان پەيتكە توغۇرىلانغان. ئۇ يىللىرى دېڭ شاۋپىڭ ئۆلسە خىتايدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ دەپ قارىشاتتى. بەلكىم خىتاي ئۆلكىلىرىدىمۇ نۇرغۇن خىتايلار شۇنداق ئويلايدىغان بولغىيتتى. شىنجاڭدىمۇ يۈزدە 60-70 كىشى ئەنە شۇنداق ئويلىشاتتى: دېڭ شاۋپىڭ ئۆلسە چوقۇم خىتاي مالىماتاڭچىلىق ئىچىگە پېتىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىشاتتى! پەرىزىمچە ئۇلارمۇ ئەنە شۇنداق جاھاننىڭ مالىماتاڭ بولىشىنى كۆزلەپ بۇ ھەرىكەتنى قىلغان بولىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى سەن، ئۇلار پارتلىتىش ۋەقەسى ئارقىلىق بۇنداق بىر قالايماقانچىلىق ئۇچۇن سىگنال بەرگەن، ئوت تۇتاشتۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينىغان دېمەكچىسەن، شۇنداقمۇ؟ دېمەك، سېنىڭچە بۇ ھەرىكەت تېررورلۇق ھەرىكەت ئەمەس بىر سىياسىي ھەرىكەت ئىكەندە؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇ بىر سىياسىي مەقسەتلىك ھەرىكەت ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەلۋەتتە دېگىنىڭ يوللۇق، ھەرقانداق بىر تېررورلۇق ھەرىكىتى، ھەرقانداق يەردە يۈز بېرىدىغان پارتلىتىش ۋەقەسىنىڭ ھەممىسى چوقۇم بىرەر سىياسىي غەرەزنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى راست. ئەگەر سەن شۇ قېتىملىق ۋەقەنى تېررورلۇق ھەرىكەت ئەمەس ئىدى دېمەكچى بولساڭ، ئۇنداقتا ھەرقانداق بىر تېررورلۇق ھەرىكىتىنىمۇ تېررورلۇق دېيىشكە بولمايدىكەن-دە!

مۇختەر: بۇ دېگەنلىرىم مېنىڭ ئۆزەمنىڭلا پىكرى ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئويلايدىغانلىقى راست.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا بىز مۇنداق خۇلاسىلىسەك بولامدۇ؟ ئۇيغۇرلار سىياسىي مەقسەت بىلەنلا پەيدا قىلغان زورلۇق كۈچىدىن پايدىلانغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تېررورلۇق ئەمەس بەلكى زورلۇق كۈچىدىن پايدىلانغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى دەپ تونۇيدۇ دېيىش مۇمكىنمۇ؟

مۇختەر: شۇنداقتىمۇ بۇنداق ۋەقەلەر سىياسىي غايىنى مەقسەت قىلغان بۆلىشى، بەلگىلىك بىر ئىنتىزامچانلىقا ئىگە بۆلىشى، ئۆزىنى كۆزلىگەن تەشكىللىك ھەرىكەت بۆلىشى، ھەرگىزمۇ قاراملىق بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت بولماسلىقى لازىم. شۇڭا ئۇلارنى تېررورچىلار دەپ قارىيالمايمىز.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما بۇنداق دېيىشىڭ بىلەن بايا ئۆزۈڭ دېگەن گەپلەرگە قارشى گەپ قىلغان بولۇپ قالامسەن؟ يەنى ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسىدە چوقۇم ئاياللار، قېرىلار ۋە بالىلارمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. سەن بايا قېرىلارغا، بالىلارغا زىيان سېلىش تېررورلۇق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىڭ. ئەمما سېنىڭ يەنە بىر دېيىشىڭدە بۇلار ساقلانغىلى بولمايدىغان بەدەل ھېسابلىنىدىكەن. ...

مۇختەر: بۇنداق ۋەقەنى پەيدا قىلىدىغانلار ئۇنچە كۆپ ئىشلارنى ئويلاشقا يېتىشىپ بولالمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۆز مىللىتىنىڭ ئادەملىرىنىڭ زىيان تارتىشىغىمۇ كارى يوق دېمەكچىمۇسەن؟

مۇختەر: ئۇلار بۇنداق بىر داۋالغۇش پەيدا بولۇشىنىڭ تۇنجى ئوت ياققۇچىلىرىدىن بولۇشنى ئويلىغان ئىكەن، ئۇلار پەقەتلا شۇ پەيتنى تاللاشقا مەجبۇر.

## زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ كۈرەش قىلىش يوللىرى

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، تىنچ ئۇسۇللار بىلەن، زورلۇق كۈچتىن پايدىلانماي تۇرۇپ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بارمۇ ئاراڭلاردا؟

مۇختەر: ئۇنداقلارمۇ بار. ئەمما سانى بەكلا ئاز. چۈنكى بۇنداق بىر ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن شارائىت، مۇھىت يوق. 1997-يىلى 5-فېۋرال ۋەقەسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تىنچلىق يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان نامايىشلار باستۇرۇلۇشقا دۇچ كېلىپ تۇرىدىكەن، ئۇنداق ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قولغا ئېلىنىپ قاملىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، تىنچلىق يولى بىلەن، زورلۇق ئىشلەتمەي ھەرىكەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر بۇ جەمئىيەتتە بۇنداق تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش يوللىرى ئاقمايدىكەن دەپ ھېساپلاشماقتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى دېگەنلىك ھۆكۈمەت باستۇرمىغان، زورلۇق ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىگە يول قويغىنىدىلا ئاندىن قانات يايدۇرۇلىدىغان بىر ھەرىكەت ئەمەستە. بۇنداق قاراشنىڭ ئۆزىلا زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەت نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىكەنسەن چوقۇم باستۇرىلىسەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بىزنى زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ تۇرسىمۇ بىز يەنىلا زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەستىن ئۇلارغا جاۋابىمىزنى بېرىپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ زورلۇق كۈچكە مۇراجىئەت قىلماي قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرۈشى دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇختەر: راست دەيسەن. بۇنداق بىر يولدىن ئۆز ۋاقتىدا گەندى پايدىلانغان ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدىكى ھىندىستاننىڭ ئەھۋالى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ھىندىستاندا ئەڭ كۆپ بولسا يېرىم مىليوندەكلا ئەنگلىيىلىك بارغۇ دەيمەن. يەنى ئۇچاغدىكى ئەنگلىيىلىك پۇقرالار بىلەن ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئومۇمى سانى ئاران شۇنچىلىك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، 1997-يىلقى شۇ قېتىملىق غۇلجا ھەرىكىتىدە پەرىزىمچە نەچچە مىڭدەك ئادەم قاماققا ئېلىندى. ئۇلاردىن ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۈدەك ھېچقانداق بىر يامان ئىشمۇ قىلمىغان ئىدى. ئەمما قولغا ئېلىنغانلارنى كامىدا 3 يىلدىن، بەزىلىرىنى ھەتتا ئون نەچچە يىلدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىۋېتىشتى. قامالغانلارنىڭ ئائىلىسىنى ھۆكۈمەت بېسىم قىلىپ ھەر دائىم قورقۇتۇپ كەلمەكتە. بىرسى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرنى سىن لېنتىسىغا ئېلىۋېلىپ ب ب س مۇخبىرلىرىغا بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ مۇخبىرلار چېگرىدىن چىقىش ۋاقتىدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ قولىدىكى لېنتىلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالغان. بۇنى لېنتىغا ئالغان كىشىنىمۇ شۇ ئىشنى دەپ 15 يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىۋەتكەن. ئۇ كىشى بۇ ئىشنى پۇل ئۈچۈن قىلمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا ھېچ بولمىغاندا 30-40 مىليونلۇق دەسمايىسى بار بىر تىجارەتچى ئىكەندۇق. ئەگەر بىز سەن دېگەندەك ئۇنداق زورلۇق كۈچكە تايانماي ھەرىكەت قىلمىز دېسەك، تۆلىگەن بەدىلىمىز بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىمىزنى نېمە ئارقىلىق ئۆلچىسەك بولىدۇ؟

بەلكىم خىتاي ئۆلكىلىرىدە تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن دېموكراتىك سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرالىغىنىدا بەلكىم بىزدىكىلەرمۇ زورلۇق كۈچىگە تايانماي پائالىيەت قىلىش ئىمكانى بولۇشى مۇمكىن بولار. ئۇنداق بولمايدىكەن، زورلۇق كۈچىگە مۇراجىئەت قىلماي ئېلىپ بېرىلىدىغان ھېچبىر ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ.

## زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى سەپكە قوشقىلى بولىدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولساڭلار، سەن دېگەندەك، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق بەكلا چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلاردىمۇ زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ پائالىيەت قىلىش تەدبىرلىرى بەكلا يېتەرسىز، تېخنىكىسىمۇ بەكلا تۆۋەن بولغاچقا، مىليوندىن ئارتۇق ئارمىيىسى بار، بارلىق قوراللارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بىر ھۆكۈمەتكە قانداق قىلىپ تەڭ كېلەلەيسىلەر؟

مۇختەر: مەيلى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغانلار بولسۇن ياكى تىنچ ئۇسۇل بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئاساس قىلىدىغانلار بولسۇن، ياكى بولمىسا دېموكراتىيىنى ئاساس قىلىدىغانلار بولمىسۇن، بۇندا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەكلا ئاز سانىنى ئىگىلىمەكتە. بەلكىم يۈزنىڭ ئىچىدە بىرەر-ئىككىسى، بەك بولۇپ كەتسە ئۈچ-تۆرتى چىقار. بۇنداق ئىشلارغا بارلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ بىراقلا قاتنىشىپ بىرلا كۈندە ھەرىكەت قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتەلمەيسەن. شۇڭا، بۇنچە ئاز كۈچكە تايىنىپ ئەلۋەتتە ھۆكۈمەتكە تەڭ كېلەلمەيسەن. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر ئويلىماسمۇ: ئەگەر ھۆكۈمەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە سۈركىلىش قانچىكى كۆپىيىپ بارىدىكەن، ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىمۇ سىياسىي پائالىيەتلەرگە شۇنچە جەلپ قىلىشى مۇمكىن بولماسمۇ؟ ئەگەر شۇنداق دەپ قارىغىنىمىزدا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ كىشىلەرنى بۇ سىياسىي ھەرىكەتكە جەلپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى سەن دېمەكچىسەنكى، زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى بۇ كۈرەشكە جەلپ قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسى بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

مۇختەر: چۈنكى بۇ كىشىلەر زورلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق باستۇرۇلۇش جەريانىدا باستۇرۇلۇشقا تېگىشلىك بولمىغان بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ باستۇرۇۋېتىلىدۇ. باستۇرۇلۇش دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەچكە، يەنى بىگۇناھ كىشىلەرمۇ كۆپلەپ باستۇرۇلغاچقا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 1990-يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەلىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچى زور دەرىجىدە كامىيىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلار بىر تەرەپتىن سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا،

يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئامىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا يېڭىدىن جەلپ قىلىنغان بۇ كىشىلەر زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلار تەرىپىگە قوشۇلارمۇ ياكى تىنچلىق يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار يولىدىن ماڭارمۇ؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرۇشىنى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتتىن قانچىلىك نارازى ئىكەنلىكى بەلگىلەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ مەسىلىدە مەن سەندىن دەسلىپىدە مۇنداق سورىغان ئىدىم: ئاجىز زورلۇق كۈچ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا قانداق تاقابىل تۇرۇپ غالىپ كېلەلەيدۇ دەپ سورىغىنىمدا، سەن ماڭا زورلۇق ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى بۇ ھەرىكەتكە جەلپ قىلىشقا بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردىڭ. ئۇنداقتا يېڭىدىن جەلپ قىلىنغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار سېپىگە قېتىلماسمىدى؟

مۇختەر: بەلكىم ئۇ كۈنلەردە جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ كىشىلەر تىنچلىق يولىدا نامايىش قىلىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەشسە، يەنە بىر قىسىملار داۋاملىق زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ پائالىيەت قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، نۇرغۇنلىغان خىتايلار ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇشى، ھۆكۈمەت باستۇرۇشتا يېتەرلىك بولالمىدى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قوغدىيالمىدى دېيىشى چوقۇم. ئەگەر ھۆكۈمەت باستۇرۇشنى كۈچەيتسە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مۇداخىلىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر شىنجاڭدىمۇ ئوتتۇرا شەرقتىكىدەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالغۇدەك بولسا، خەلقئارا جامائەتچىلىكمۇ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقارالاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاققىچە بىزمۇ ھەقىقەتەن بەكلا كۆپ زىيانلارغا ئۇچرىشىمىز، بەكلا كۆپ قۇربان بېرىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ بەدىلىگە قولغا كەلتۈرىدىغانلىرىمىزمۇ كۆپ بۆلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇڭا، بۈگۈن بىز بەدەل تۆلەشتىن قاچىدىغان بولساق، كېيىن تېخىمۇ پاجىئەلىك، تېخىمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بۆلىشىمىز چوقۇم. شۇڭا خەلقىمىز بۇنداق بەدەل تۆلەشكە تەييار. زورلۇق كۈرەش يولىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن مىللەتنى، پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇ سىياسىي مۇھىت ئىچىگە جەلپ قىلالىغىنىدا، يۇمشاق قوللۇق كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مۇھىتىمۇ كېڭىيىشى مۇمكىن. ياكى بولمىسا، ھۆكۈمەتمۇ شۇ چاغدا تىنچ ئۇسۇل بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلەرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بۆلىشى، ۋەزىيەتنى سىلىقىراق تەرەپكە بۇراشقا ماقۇل كېلىشىمۇ مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بويىچە خۇلاسىلىگىنىمىزدە، مۇنداق دېيىش مۇمكىنمىدۇ: زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئۈنۈملۈك بولغان، بۇ مىللەتنى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى باشلاشقا قوزغىيالايدىغان بىر ئامىل دەپ قاراشقا

بولارمۇ؟ يەنى زورلۇق كۈچەدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئىچكى قىسىمدىكى خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش مۇھىتىنى كېڭەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئومۇمى خەلق ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ كۈنلەر كەلگەندە ھەرىكەتنى ئومۇمىي يۈزلۈك تىنچ يولغا بۇراش پۈرسىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ دېيىشكە بولامدۇ؟

مۇختەر: شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما بۇ چاغدىمۇ بىر قىسىم قىيىنچىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن بولماسمۇ؟ مەسىلەن ئاراپاتمۇ تېررورچىلىق بىلەن ئىش باشلىغان بولۇپ، خېلى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ تېرروزلۇق ھەرىكىتى سەۋەبىدىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلگەن ئىدى. ئاراپاتنىڭ ئۆزىمۇ پەلەستىنلىكلەرنىڭ ۋەكىللىك ئادىمىدىن بىرسىگە ئايلىنالىغان ئىدى. ئەمما كېيىن ھۆكۈمەت سەھنىسىگە چىقىپ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىشى بىلەن، خەلقئارا جامائەتچىلىك بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىگە تېنچلىقپەرۋەرلىك تۇسىنى بېرىشكە توغرا كېلىپ ھەرىكىتىنى تىنچ يول بىلەن قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن تېرروزلۇق بىلەن زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلارنى ئاراپات تېزگىنلىيەلمەس ھالغا كېلىپ، يېڭىدىن تېرروزلۇق ھەرىكەتلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىشكە باشلىغان ئىدى. ...

مۇختەر: ياق ئۇنداق ئىش يوق! ئاراپات ھېچقاچان پۈتۈن تېرروزلۇق ھەرىكەتلىرىنى بىراقلا توختىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. خاماسنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تىنچلىق سۆھبەتلىرىنىڭ داۋام قىلىشىغا پايدىسى بار ئىدى. ئۇمۇ بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى ئۆز تىزگىنىدە تۇتۇشنىمۇ خالىمايتتى. ئەگەر بۇنداق پائالىيەتلەرنىمۇ ئۇ تىزگىنلەشكە مەجبۇر بولغىنىدا، ئۇنىڭ ئىناۋىتى، ئۇنىڭ ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئىسرائىلىيىلىكلەر ئالدىدىكى قىممىتىمۇ قالمىغان بولاتتى. خاماسنىڭ ساقلىنىپ قالغان كۈچلىرىنى ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئۆز كۈچلىرىگە تايىنىپ بېسىقتۇرۇشنىمۇ خالىماي، ئۇنى ئاراپاتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ بېسىقتۇرماقچى بولۇشقان ئىدى. ئاراپاتنىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئابرۇيى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ، تەدرىجىي ھالدا بۇ مىللەتنىڭ قەھرىمانى، داھىيسى ھالىغا كەلدى. سېنىڭچە ئاراپات خاماسنى يوقۇتالىغىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەسمىدى؟ بىرلا قېتىم يىغىن دەپ خەۋەر بەرسىلا خاماس ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزىلا كېلىپ بېرەتتى. ياق، ئۇ خاماسنى پۈتۈنلەي يوقۇتالايتتى. ئەمما ئۇ خۇددى خاماسنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك، ھەر كۈنى تېرروزچىلىقنى قارىلاپ يۈرگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن بۇنىڭ ئۈچۈن مىدىراپمۇ قويمىغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا سەن مۇنداق دېمەكچىمۇ قانداق: كەلگۈسىدە زور كۆلەملىك تىنچلىق ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققىنىدىمۇ، زورلۇق كۈچتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەرىكەتلەر يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىپ قويۇش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئاخىرقى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ دېمەكچىمىدىڭ؟

مۇختەر: ئۇمۇ كېيىنكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىششىغا باغلىق بىر ئىش. بۇ ئىشمۇ خۇددى 1994-يىلى ئاراپات بىلەن رابىن ئىككىسى پەلەستىنىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغىنىغا ئوخشايدىغان بىر بىر ئىش. ئەگەر شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر كېلىشىمنامە ئوتتۇرىغا چىقمىغىنىدا، سەن ئېيتقاندەك تىنچ ھەرىكەتلەر بىلەن قوراللىق قارشىلىك كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ داۋاملىشىۋېرىدۇ.

**شەرقى تۈركىستان كۈچلىرى خەلقئارا شارائىتلاردىن پايدىلىنىشى لازىم**

**ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى خاتا قىلماقتا**

ۋاڭ لىشيوڭ: بۈگۈن قارايدىغان بولساق، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خرىستىئانلار دۇنياسى بىلەن ئىسلام ئالىمى بىر-بىرسى بىلەن زىتلىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھالەتتە تۇرماقتا. بۇنداق زىتلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئامېرىكىلىق سىياسەتشۇناس خانتىڭتون مۇنداق بىر يۈرۈش نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى: بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئاساسلىق توقۇنۇش ئىسلام بىلەن خرىستىيانلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئىدى. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ قاراش ئىسپاتلانغاندەكمۇ قىلىدۇ. شۇڭلاشقىچە غەرب دۇنيارىسى بۇ ئاساسقا تايىنىپ ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ستراتېگىيىلىرىنى تۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇنداقتا، مەن سېنىڭدىن سوريماقچى بولغىنىم، ئۇيغۇرلارمۇ بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى سىستېمىسىغا تەۋە بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ھوقۇقى بىلەن كەلگۈسى تەغدىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن دۈچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق رەقىبى خىتاي ھۆكۈمىتى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىش كۈرىشى جەريانىدا شەرقى تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرى ئامېرىكىنى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى دەپ قارايدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەكتىكى سىياسىي تۈزۈمىنىمۇ ئامېرىكىنىڭكىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار بىلەن مۇنداقلا سۆزلىشىپ باققىنىمدىن قارىغاندا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئامېرىكىنى بەكلا ھىمايە قىلىشىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا تەلپۈنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما ئەنە شۇ ئامېرىكىنى ئىسلام ئالىمى ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا بىر ئالۋاستى دەپ قارىشىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار بۇ مەسىلىگە زادى قانداق قارايدۇ ھەمدە بۇ ئوتتۇرلۇقتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى قانداق تەڭشىۋېلىشنى ئويلايدۇ؟ ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە ئىسلام ئالىمىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى ھەمدە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششىنى ئارزۇ قىلامدۇ ياكى ئامېرىكا بىلەن غەرب دۇنياسى بىلەن ھەتمكارلىشىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلامدۇ؟ ئەمما بۇ

ئىككى ئارزۇ بىر بىرسىگە زىت ئارزۇلار بولغاچقا، سىلەرنىڭ دېموكراتچىلىرىڭلار بىلەن دىنى قاراشتىكى ئادەملىرىڭلارنىڭ بۇ مەسىلىدە تۇتقان يوللىرى بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغاندۇ؟

مۇختەر: بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىيانلىق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بار دەيدىغان بىر گەپ مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، ئىسلام ئالىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ دۆلەتلىرى خىتايدىكىدىن كۆپ پەرق قىلىپ كەتمەيدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولغا قويۇۋاتقىنى ئىسلام سوتسىيالىزمى، يەنى ناسىرچىلىق يولىنى تۇتۇپ كەلمەكتە دېيىش مۇمكىن. ناسىرچىلىق يولى دېگىنىمىز سوتسىيالىزىم بىلەن ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يول بولۇپ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم يولىنىڭ ئارىسىدىكى بىر يول دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۈگۈن ئىسلام ئالىمى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىسلام مەدەنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئىسلام سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش-قىلالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىشىڭ بويىچە خاتالاشقان تەرەپ ئامېرىكا ئەمەس بەلكى ئىسلام تەرەپ دەپ قارىساق بولامدۇ؟

مۇختەر: ياق، خاتالىق ئىسلامدا ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئەللىرىدىكى ھۆكمىرانلاردا دېيىش كېرەك. چۈنكى خاتالىقنى بۇ ھۆكمىرانلارنىڭ خاتا سىياسەتلىرى بىلەن خاتا ھۆكۈم چىقىرىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر ئىسلام ئالىمى بۇندىن يىگىرمە يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىللار ئاۋۋال دېموكراتىيە يولىغا كىرەلىگەن بولسا ئىدى، بەلكىم بۈگۈنكىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىسلام ئالەمىنىڭ داھىيلىقىنى تالىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن ناسىر، مۇبارەك، كازافى، سادام، سۈرىيىنىڭ ئەسەت قاتارىدىكى باشلىقلار ئەنە شۇنداق داھىيلىق تالىشىش يولىغا كىرىپ قالغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي غايىلىرى كۆپىنچە ھاللاردا ئەرەب مىللەتچىلىكى نامىدا ياكى ئىسلام نامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايىسى مىللەتچى ياكى دىننى ھىمايە قىلغۇچىلار ئەمەس. بۈگۈنكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھېچقايىسى دېموكراتىك دۆلەت ئەمەس. ئۇلارنىڭ تۈزۈمى ئەسلىدە بىرخىل قەبىلە ھاكىمىيەت تۈزۈمى بولۇپ، ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھەممىسىدىلا بىرەر قەبىلە شۇ دۆلەتكە ھۆكمۈرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. سىياسىي پارتىيىسى بولغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەرەب سوتسىيالىزىمچىلار گۇللىنىش پارتىيىسى بار بولۇپ، بۇ پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەرىبىر بىر قەبىلە ھوقۇق تۇتۇپ كەلگەن. مەسىلەن ئىراقتىكى سادام قەبىلىسى، سۈرىيىدىكى ئەسەت قەبىلىسى، مىسىردىكى مۇبارەك قەبىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىرەر قەبىلىگە مەنسۇپ.

مەسىلەن بۇلاردىن مۇبارەكنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ، 25 يىلدىن بېرى ھوقۇقنى قولدىن بەرمەي سوراپ كەلگەن؛ ئەسەتمۇ ھوقۇقنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ ساداممۇ ھوقۇقنى ئوغلىغا تاپشۇرماقچى بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرەب ئەللىرىنىڭ تاللىۋالغان يولى زامانىنىڭ تەلىپىگە، دېموكراتىيە بىلەن قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پرىنسىپلىرىغا پەقەتلا ماۋاپىق كەلمەيدىغان خاتا يول ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەللەردىكى خەلق ئاممىسىمۇ ئۇلارنى ھىمايە قىلىشمايدۇ. مەن سۈرىيىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا سۈرىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەسەتنىڭ ئۆلۈمىنى

كۆتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەسەت ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەت تۈزۈمىدە چوقۇم بىر بۇرۇلۇش كۆرۈلىدۇ دەپ قارىشاتتىكەندۇق. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىپلا ھوقۇقنى قولىدا چىڭ چاڭگاللاپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خرىستىيانلار دۇنياسى بىلەن ئىسلام ئالىمىنىڭ زىتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما بۇنداق زىتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار ھەرگىز ئەرەب مىللىتى ياكى ئىسلام ئالىمى بولماستىن يەنىلا ئەرەب ئەللىرىدىكى ھۆكۈمرانلار بۇنداق زىتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىش كېرەك.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئىسلام شەرىئىتىگە توغرا كەلمىگەن، ئەرەب ياكى ئىسلام دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقمايدىغان تۇرۇقلۇق، بۇنداق بىر تۈزۈم، بۇنداق مۇستەبىتلەر ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئومۇمى ئېقىمى ھالىغا كېلىپ قېلىشى زادى قانداق بىر ئىش؟ نېمىشقا ئەرەب ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك يولىدا ئىلگىرىلەش مەنتىقىسىگە ئىگە ئەمەس ...؟

مۇختەر: ئۇلاردىمۇ مۇستەبىتلىككە قارشى ھەرىكەتلەر يۈز بېرىپ تۇردى. مەسىلەن 1980-يىلى سۈرىيىدە كەڭ كۆلەملىك دېموكرتاتىك ھەرىكەت پارتلىغان ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئەسەت ھاۋا ئارمىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن قورالللىق قىسىملىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قاتتىق باستۇرۇۋەتكەن. دېموكراتچىلار مۇساپىر بولۇپ سىرتقا قېچىپ ئامېرىكا، ياۋروپا، برازىلىيىلەرگە بېرىۋېلىشقان ئىدى. ھازىرمۇ برازىلىيىدە سۈرىيىلىكلەر كۆپ. ئىراقتىمۇ بۇنىڭدەك دېموكراتىك ھەرىكەت يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارمۇ باستۇرۇۋېتىلگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە بولغان بىر مىللىي ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلاردا قەبىلىۋازلىق كۆزقارىشى بەكلا ئېغىر بولۇپ، ئۇلار قەبىلىلەرنىڭ ئابرۇيىنى قوبۇل قىلىشقان. مەسىلەن، قايسى قەبىلىنىڭ ئابرۇيى يۇقىرى بولىدىكەن، ئەرەبلەرمۇ شۇ قەبىلىدىكىلەرنىڭ كەينىدىن قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەرەبلەردىكى ئىجتىمائىي ئورۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىن ئايرىلغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار بەكلا ئىتتىپاقسىز، يىراقنى كۆرۈشچانلىقى يوق دېيەرلىك بىر مىللەت.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن يالغۇز ئەرەب دۇنياسىنىلا كۆزدە تۇتتۇۋاتامسەن ياكى تۈركى مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى شۇنداق دېمەكچىمۇ؟

مۇختەر: يالغۇز ئەرەبلەرلا شۇنداق. مەسىلەن ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئەرەب دۇنياسى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى مەنپەتىنى كۆزدە تۇتماي ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ مەنپەتىنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلىشقان ئىدى. بۇنى دەپ ئۇلار ئەنگلىيە، رۇسىيە ياكى فرانسىيە دېگەندەك دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىشقان ئىدى. ئەسلىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى بىر قەدەر دېموكراتىك بولغان بىر ئىمپېرىيە ھېسابلىناتتى. بۇنى غەرب ئەللىرىمۇ ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى سەن ئۆز ئۆزۈڭنى باشقۇرىمەن دېسەڭ مەيلى دەيمەن، مەن ئارمىيىنىلا قولدا تۇتۇپ تۇرساملا كۇپايە دەيدىغان بىر تۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقانىكەن. ... يەنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەينى

ۋاقتىدا يەرلىكلەرگە ئىنتايىن كەڭرى ئاپتونومىيە بەرگەن ئىكەن. ئەمما ئەرەبلەر ئۆز مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىمىز دەپ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن ئايرىلىپ ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن فرانسىيىلىكلەرنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالغان. ئەمما ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ئاجىزلاپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممىسىلا خرىستىئان دۇنياسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشتى. پەلەستىن مەسىلىسىمۇ ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان. ئەگەر ئەرەبلەر ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام يولىدا چىڭ تۇرغان بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ ئۇنداق يول تۇتمىغان بولاتتى. بىرەر دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەرگىزمۇ باشقا دىندىكىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش يولىغا كىرىپ قالماسلىق كېرەك. ئەمما ئەرەبلەر يات دىندىكىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغان مەيدانى ئېنىق بولمىغان بىر مىللەت.

### ئىسلام دىنىدا ئىسلاھات شەرت

مۇختەر: ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۈگۈنكى تۇتقان يولى ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ پايدىسىز. ئەمما يەنە بىر نۇقتىدىن ئويلىغىنىمىزدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىدە بۆلىشىنى ياخشى بولدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا ئەرەبلەردىكى بارلىق مۇستەبىتلەرنى تولۇق يوقىتالىغىنىدا، ئەرەب خەلقىمۇ ئۆزلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش يولىغا كىرگەن بولاتتى. مەسىلەن ئالايلۇق، سادام ھاكىمىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىراق خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ سادام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرىۋېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەرەبلەردىكى سوتسىيالىست پارتىيە مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇلارنى ھەرگىزمۇ مىللەتچى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇرۇن ئۇلار مىللەتچى ھېسابلانغىنى بىلەن، خۇددى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئۇلارمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ پارتىيە ئۆز قەبىلىسىنىڭلا سىياسىي، ئىقتىسادى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئەمما ئەرەبلەرنىڭ يۈزدە 90 دەك قىسمى ئۇ پارتىيىنىڭ غايىسىغا قىزىقمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ بولۇپ، ئەرەب دۇنياسىدىن تولا بەك ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەرەبلەر خرىستىيانلىق بىلەن مۇسۇلمانلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىشىش جەريانىدا بەكلا كۆپ نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشى، ئاقىۋەتتە مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىشى چوقۇم!

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى، سەن بۇ مۇستەبىتلەرنى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ دېمەكچىمۇ؟

مۇختەر: ئۇلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. مېنىڭچە ئىرانمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، كېيىن ئىسلام ئالىمىنى غەرپلىكلەر يەنە بىر قېتىم بويسۇندۇرىۋالىدۇ دېمەكچىمۇسەن؟

مۇختەر: چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا ئىسلام ئالىمى تېخىمۇ نارازى بولۇپ ئۆچمەنلىك ساقلايدىغان بولىدىكەندە، يەنى ئۇلار رادىكال ئىسلامنى تېخىمۇ تولۇق قوبۇل قىلىدىغان بولىدىكەندە.

مۇختەر: ئەمما ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرى ھەققىدە ئويلىنىدۇ-دە. ئۇلار قايتا ئويلىنىدۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالدا قالىمىز دەپ چوقۇم قايتا ئويلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭ كەينىدىن ئۇلار ئۆزلىرى سادىر قىلغان كەمچىلىك-خاتالىقلارنىمۇ تېپىپ چىقالىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: راستىنلا ئۇلار قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق كەمچىلىك-خاتالىقلىرىنى تېپىپ چىقالارمۇ؟ مېنىڭچە، ھەر قېتىم بوزەك قىلىنىشقا دۇچ كەلگىنىدە چوقۇم تېخىمۇ كۆپ كىشى ئەنئەنىۋى تەرەپكە قاراپ قېيىشقا باشلىشى مۇمكىن. رادىكال دىنى ئەقىدىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى خاتالاشقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنئەنىۋى قاراشلارغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى، شۇڭا بىز ئەسلىمىزگە قايتىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايدىغانلىقى ئېنىق. ...

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئۆتمۈشتىكى ئۇ ئەنئەنىلەرنى ئۆز پېتى پايدىلانماقچى بولسا، ئۇلار ھازىرقى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق كەلمەي قالىدۇ-دە. بىز ئاغىنىلەر بىرلىكتە بۇ ھەقتە كۆپ تالاش-تارتىش قىلىشقان ئىدۇق. يەنى بىز ئىسلامدا بىر ئىسلاھات بولۇشى شەرت دەپ قاراشقان ئىدۇق. يەنى بۇ دېگەنلىك قۇرئان كەرىمنى ئۆزگەرتىش دېگەن گەپ ئەمەس. بەلكى ئىسلام ئالىمىنىڭ پەلسەپەلىك قاراشلىرى ئۈستىدە بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشقان ئىدۇق.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن كۆزدە تۇتقان ئۇ پەلسەپەلىك قاراش دېگىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقان؟

مۇختەر: مەسىلەن ئالايلى، خرىستىئان دىنى ئىزچىل تۈردە ئۆزى ئۈستىدە ئىسلاھات قىلىپ كەلگەن بىر دىن. مەسىلەن كاتولىك دىنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. سانائەت ئىنقىلابى باشلانغىنىدىن كېيىن، خرىستىئان دىنىمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇنىڭغا يول قويۇشقان ئىدى. ئىسلام ئالىمىنىمۇ فېئوداللىق ھالەتتىن زامانىۋى دۇنياغا كىرىپ كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇلاردا سانائەت ئىنقىلابى دەمدۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەمدۇ ھېچقانداق بىر ھەرىكەت كۆرۈلۈپ باقمىدى. شۇڭا، ئىسلام ئالىمى زامانىۋى تۇرمۇش قېلىپلىرى بويىچە قۇرئان چۈشەنچىلىرىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم بولماقتا. ئەمما ھەرگىزمۇ قۇرئانغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. بۇنى قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار ئىدى. مەھەممەت پەيغەمبىرىمىزمۇ مېنىڭ قاراشلىرىمنى بەك مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتمەڭلار، قائىدە-نىزاملارنى بەك چىڭىتىۋالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار بەندىلىرىم زېرىكىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىمكان بار ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، ياشاۋاتقان مۇھىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بولسۇن. ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرىشىڭلار كېرەك دېگەن ئىكەن (قارىغاندا بۇ بىر ھەدىستەك قىلىدۇ. بىلىدىغانلار ئەسلى نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ قويار. ـ ت). ئەمما ئەرەبلەر

ئۆزلىرىنى ئىسلام ئالىمىنىڭ داھىيسى، ئەرەبلەر ئىسلامغا ۋاكالەتلىك قىلىدۇ دەپ ھېساپلاشسا كېرەك. ئەمما باشقا مۇسۇلمان خەلق ئۇنداق قارىمايدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەت مۇكەممەل بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق چۈشەنچىسى بەكلا يېتەرسىز. ئۇلار ھەر دائىم قەبىلىسىنى دەپ زىديەت تېرىپلا يۈرىشىدۇ. ھەزرىتى ئېلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار دۇنياسى تا بۈگۈنگىچە بۇ تۈردىكى قەبىلىلەر جېدىلىنى ياشاپ، ئۆزلىرىنىمۇ تۈزۈكرەك باشقۇرالماي كەلمەكتە. 8-، 9-، 10-ئەسىرلەردە ئەرەبلەر دۇنيادا بەلگىلىك تەسىر كۆچىگە ئىگە ئىدى. ئەمما ئۇ يىللار ھازىرقىدەك يىللار ئەمەستە. ئەگەر ئەرەب دۇنياسى پەن-تېخنىكا جەھەتتە ياۋروپاغا، ئامېرىكىغا ۋە باشقا غەرب خرىستىئان دۇنياسىغا يېتىشىپ ماڭالمايدىكەن، ئەرەبلەر ئۇلار بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ تەڭ قوپۇشنى ھەرگىز خىيال قىلماسلىقى كېرەك. ئۇلار ھازىر نېفىتتىن ئىبارەت بۇ قورالغىلا تايىنىپ ياشاۋاتىدۇ. خۇدايىم ئۇلارغا بۇ نېفىتنى ھېلىمۇ بېرىپتىكەن. ئەمما ئۇمۇ تۈگەيدىغان نەرسىدە! ئەرەب دۇنياسىدا ئىككى خىل ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالغان بولۇپ، بىرسى بەكلا باي، يەنە بىرسى بولسا بەكلا نامرات. كەمبەغەل بولساڭ ئەقىلىڭنىمۇ ئىشلىتەلمەيدىكەنسەن. نامرات بىرسى نىمىنى ئويلىيالىشى مۇمكىن دەيسەن. بىز ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر گەپ بولىدىغان: قورسىقى توقنىڭ ئويلىمايدىغىنى يوق، ئاچنىڭ يېمەيدىغىنى. ئەمما ئادەم بەكلا بېيىپ كېتىپ قالسىمۇ ھېس-تۇيغۇلىرىمۇ يوقاپ كەتسە كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ دېيىشى بويىچە ئالغاندا، ئەرەبلەرنىڭ كۆزىگە ياغ توشۇپ قاپتۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟

مۇختەر: ئادەتتە كۆزگە ياغ باغلىمايدۇ. ئەمما ئادەم بەك بېيىپ كېتىپ قالسا، كۆزىگە ياغ توشۇپ قالغاندەك ھېچنېمىنى كۆرەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئەرەبلەرمۇ كۆزىگە ياغ توشۇپ قېلىپ باشقىلارنى كۆرەلمەي يۈرمەكتە. بەزى ئەللەر بەكلا بېيىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلارنىڭ كۆزىگىمۇ ياغ توشۇپ قالغان. بەزى دۆلەتلەر بەكلا نامرات بولغاچقا، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن نېرىسىنى كۆرەلمەس بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئەرەب دۇنياسى بىلەن ئامېرىكا زىتلىشىپ قېلىۋېدى، قالغان ئىسلام دۇنياسىدىكىلەرمۇ ئامېرىكا بىلەن زىتلىشىپ يۈرىدۇ. ئەمما بۇنداق زىتلىششنى ئەسلىدە ئەرەبلەر پەيدا قىلغان. ھىندونېزىيە، مالايشىيا، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە كۆرۈلگەن ئامېرىكىغا قارشى ھېسسىياتنىڭ كۈشكۈرتكۈچىسى يەنىلا شۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆزى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى ھەققىدىكى ئىزاھلاش ئىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئەرەبتىمۇ قانداق؟

مۇختەر: ناتايىن. بۇ ئىش ئۇنداق بېكىتىۋېتىلگەن ئىشمۇ ئەمەس. ئەسلىدە ئەرەبلەردە بۇنداق بىر ھوقۇق بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىردىن بىر ھۆكۈم چىقارغۇچى دەپ قارىۋېلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ياكى ئۇلار باي بولغاچقا، ئاۋازىمۇ بەكىرەك چىقىپ، باشقا مۇسۇلمان بىلىم دۇنياسىدىكىلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنى باشقۇرۇپ يۈرەلەمدۇ قانداق؟

مۇختەر: شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان بىر قەدەر باي بولغاچقا شۇنداق ئىشلارمۇ يوق ئەمەس.

ۋالىڭ لىشيوڭ: بايا سەن بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشتە ئەرەبلەردىن ئۈمىد يوق دەپ قارىغان ئىدىڭ. ئۇنداقتا بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كىمگە تايىنىش مۇمكىن بولار؟

مۇختەر: هازىرنى ئالىدىغان بولساق، خرىستىئان دۇنياسى بىلەن ئىسلام ئالىمى ئوتتۇرىسىدا قارشىلىشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلمەكتە. نۇرغۇن كىشىلەر ھەر تۈرلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سېلىشماقتا. ئەمما ھېچ بىرى نەتىجىگە ئېرىشەلىگىنى يوق. ئۇلار ئەسلىدە ئۆز داھىلىرىدىن، دىنى ئۆلىمالىرىدىن سورىشى كېرەك: سىلەر كۆرسەتكەن بۇ يوللارنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەتىجە كۆرۈلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ياكى بىز سىلەر دېگىنىڭلاردەك قىلالمايۋاتىمىزمۇ ياكى سىلەرنىڭ كۆرسەتكەن بۇ يولۇڭلار ئەسلىدە خاتا بىر يولمىدى؟ دەپ سوئال قويۇشى كېرەك ئىدى. بىر قىسىم ئەرەبلەر بۇ ھەقتىمۇ باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. مېنىڭچە بۇ ھەقتە باش قاتۇرىدىغانلار بەكلا كۆپ بولسا كېرەك؟

ۋالىڭ لىشيوڭ: بايا سەن ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى ياكى پەلسەپىسى ئۆزگەرتىلىشى كېرەك دېگەن ئىدىڭ. بۇ ئىسلاھاتنى كىم قىلالايدۇ؟ ياكى يېڭى بىر پەيغەمبەر كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئىسلاھات قىلىش ھوقۇقى كىمنىڭ قولىدا؟

مۇختەر: مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك، باشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. يېڭى ھوقۇقمۇ قايسى بىر مىللەتكە تەۋە بولالمايدۇ. مارتىن لوتىر ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىقىپ كاتولىكلىك ئۈچۈن ئاساس تىكلەپ بەرگەن. ئىسلام بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ توقۇنۇشى جەريانىدا چوقۇم بۇنداق بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما بۇنداق بىرسى نەدە چىقىشى، قايسى مىللەت ئىچىدىن چىقىشى مۇمكىن؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

ۋالىڭ لىشيوڭ: ئۇنداق بىرسى چوقۇم ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەممە قوبۇل قىلغان بىرسى بولىشى كېرەك. خۇددى خىزىردەك.

مۇختەر: ئىسلامدا ھېچقانداق بىر خىزىرنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىرەر چوڭ مەسچىتتىكى ئاخۇن ناماز ۋاقتىدىلا ئاخۇن بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىيەلەيدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئورنى باشقا پۇخرالاردىن قىلچە پەرقى يوق، ئۆزى ئىشلەپ كۈنىنى ئالىدىغان بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

ۋالىڭ لىشيوڭ: ياكى ئەنە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا ئىسلام دۇنياسىدا نۇرغۇن مەزھەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقانمىدۇ؟

مۇختەر: تىنچ ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە داھى چىقىشى بەكلا تەس بىر ئىش. بۈگۈنكى كۈندە ئەرەب دۇنياسى ئۇرۇش دەۋرىگە كىرىپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇش پەيتىدە

بەكلا كۆپ داھى، بەكلا كۆپ سىياسىيون، بەكلا كۆپ پەيلاسوپ پەيدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق بىر مۇھىتتا نۇرغۇنلىغان پەلسەپەلىك قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

## ئىسلام دۇنياسىنىڭ دېموكراتلىشىشى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا پايدىلىق

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدىكەن. سېنىڭچە بۇنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بارمۇ؟

مۇختەر: بار. بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بىر ئىش. 90-يىللاردىن كېيىن دۇنيا مىقياسىدا مىللىي دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان نۇرغۇنلىغان مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋاللارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭىنى قوزغىتىپ، مىللىتىمىز بۇ تۇپراقلاردا مۇستەقىل بۆلىشى مۇمكىن ئىكەن دېگەن ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق ۋەزىيەت دۇنيا مىقياسىدا تېررورلۇققا قارشى دولقۇن قوزغىتىلغان بىر ۋەزىيەت بولۇپ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ھازىرچە ۋەزىيەت پايدىلىق ئەمەستەك كۆرۈنمەكتە. ئەمما بۇمۇ بىر ۋاقىتلىق ھادىسە.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە سىلەر ئۈچۈن پايدىسىز بولىۋاتقان بۇ خەلقئارالىق ۋەزىيەت قانداق قىلغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق ۋەزىيەتكە ئۆزگىرىشى مۇمكىن؟

مۇختەر: ئىراق، ئىران ياكى ئوتتۇرا شەرق، ئىسلام ئەللىرى قاتارلىق جايلاردا ئامېرىكىلىقلار ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ دېموكراتىك دۆلەت ھالىغا كېلىشىنى ئارزۇلىماقتا. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئالغاندا ئۇزۇننى مۆلچەرلىگەنىمىزدە بىزگە پايدىلىق. چۈنكى، بۇ ئەللەر دېموكراتىيىلەشكەندە ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىمۇ كۈچىيىپ، دېموكراتىيە بىلەن ئەركىنلىك كەڭ يېيىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بىزمۇ ئۇ ئەل خەلقلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى تېخىمۇ ئاسان قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ماددىي ياردىمىگىمۇ ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى سېنىڭ قارىشىڭ بويىچە بولغاندا بۇ ئەللەر دېموكراتلاشقىنىدا سىلەرنى قوللايدىغان بولامدۇ؟ ...

مۇختەر: بىز ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئىچىدە ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان بولىمىز. ئۇلارمۇ بىزنى توسىمايدىغان بولىدۇ دېگەن گەپ. چۈنكى دېموكراتىكلەشكەندىن كېيىن، ھېچ كىمنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان ئىش بولمايدۇ. بىزمۇ دىنى ئورتاقلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تەشۋىق قىلىپ تۇرساق، سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزنى قانات يايدۇرۇپ تۇرساق، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردىمىگىمۇ ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئۇنداق قىلىش پۈرسىتىگە ئىگە ئەمەسمىز. چۈنكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاي بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت تىكلەپ كەلگەن، خىتاي بىلەن ئوخشاش مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولغاچقا بىز تەرەپتە تۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھۆكۈمرانلار ئادەتتە ئۆزمەنپەتىنىلا ئويلايدىغان بولغاچقا، خىتايدىن ئىبارەت بۇنداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ كۈچىگە تايانغىنىدىلا ئاندىن ئامېرىكىنىڭ پەيدا قىلىۋاتقان بېسىمىغا قارشى چىقالايدىغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ھېسابلىنىدىغان دۆلەتلەر ئىچىدە خىتايلار رەت قىلىش ئاۋازىنى بېرەلىشى مۇمكىن-دە. ئەگەر دېموكراتىيىلىشىش ئەمەلگە ئېشىپلا قالىدىكەن، ئۇ ئەللەر خىتاينىڭ قوللىشىغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىشقا ۋە ئۇيغۇرلارنى يېنىغا ئېلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى بىز ئۇلار بىلەن ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق. ئەمما خىتاي بىلەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر ئەمەس. شۇڭا ئوتتۇرا شەرقنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى يىراقنى كۆزلىگىنىمىزدە بىزگە پايدىلىق.

سەن يەنە مۇنداق بىر ئىشقىمۇ دىققەت قىلىپ باققانمىدىڭ: دۇنيادا خىتايلار بىلەن ئەڭ ياخشى ئۆتەلەيدىغان مىللەتلەردىن بىرى يەنە شۇ ئەرەبلەر. چۈنكى ئەرەبلەر بىلەن خىتايلارنىڭ مىجەز-خاراكتىرى نۇرغۇن تەرەپلەردە بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا شەرقتە ھازىرچە بۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرمىگىنىدە، مەسىلەن ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ توقۇنۇشى ئوتتۇرىغا چىقمىغىنىدا ئەرەب دۇنياسىدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئەگەر يالغۇز 11-سېنتەبىر ۋەقەسىلا كۆرۈلۈپ قېلىپ، ئامېرىكىلىقلار يالغۇز ئافغانىستانغىلا ھۇجۇم قىلىپ قويۇپ، بىن لادىننى تۇتۇپ كەتكەن، ئافغانىستان ئۆمەر ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئىراققا ھۇجۇم قىلماي كېتىپ قالغان بولسا، باشقا ھېچ يەردە بىرەر تەۋرىنىش بولمايتتى. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئەرەب دۇنياسىنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسى تەگمەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇرلارغا پايدىسى يوق دېدىڭمۇ؟

مۇختەر: قىلچە پايدىسى بولمايتتى. ئەمما بۈگۈنكىدەك بولغىنىلا بىزگە پايدىلىق. ئەگەر توغرا بىر ھۆكۈمەت ئەرەب دۇنياسىدا بارلىققا كېلەلىسە، بىزمۇ ئەرەب دۇنياسىدىن كېلىدىغان ياردەملەرگە ئېرىشەلىگەن بولىمىز. بۇرۇنقى ئەرەب ھۆكۈمەتلىرى بىزنى قوللاپ باقمىغان ئىدى. ئەمدى قوللايدىغانلار چىقىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى نېمە ئۈچۈن ئەرەب دۇنياسىغا بارماي غەرب ئەللىرىگىلا يوغىلىشىدۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇسۇلمان دۇنياسى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا قاتتىق قول بولغىنى ئۈچۈندۇ؟

مۇختەر: ياق، مۇسۇلمان ئالىمى بىزگە قاتتىق قوللۇق قىلغىنى يوق. ئەمما ئۇلار سىياسىي مەنپەئەت جەھەتتە خىتاي بىلەن ئوخشاش مەيداندا تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى قاراشلىرى، مەقسەتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار ئۇيغۇرلارنى قوللامدۇ ياكى ئۇلارنى باستۇرامدۇ؟

مۇختەر: ئاممىۋى تەشكىلاتلار، شەخسلەر، خەلق قوللاپ قۇۋۋەتلىشىدۇ. ئەمما ھۆكۈمەتلىرى قوللىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى يەنىلا ئەرەبلەردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن تۈركىيىنى ئالساق، ھۆكۈمىتى كۆرۈنۈشتە قوللىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. تەختكە چىققان ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت قوللىمايمىز دېيىشكىنى بىلەن، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئۆكتىچى پارتىيىلەر قىلىۋاتقان ياردەملەرنى ھۆكۈمەت بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، ئۇ ئىشلار ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن قىلىنىماقتا دېيىشىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تۈركىيىگە كىرىپلا ئالسا، ئۇلارنىڭ تۇرۇش مۇددىتى توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ ھەرگىز چېگرادىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. ئەمما ئەرەب ئەللىرى ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ۋىزا ۋاقتى توشقان ھامات باشقا دۆلەتكە چىقىپ كەت دەپ قىستايدۇ. تۈركلەر ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار يەنە سېنىڭ ۋىزاڭنىمۇ ئۇزارتىپ تۇرىدۇ، تا ئۆزۈڭ چىقىپ كېتىمەن دېمىگىچە ساڭا بىر نېمە دېمەيدۇ. تۈركىيىدە ئەيسا بەگنىڭ خاتىرە مۇنارى بار. ئىستانبۇلدىكى ئاياسوپىيە چىركاۋسىنىڭ كەينى تەرىپىدە (بۇ توغرا ئەمەس. ئاياسوپىيە چېركاۋ ئەمەس بەلكى جامىي. ھازىر مۇزېي قىلىنغان. ئەيسا بەگنىڭ خاتىرە يېرىمۇ ئاياسوپىيىنىڭ ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك سۇلتان ئەخمەت جامىيسىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك باغچىدا. ــتەرجىماندىن). ئۇ خاتىرە مۇنارىسىدا تۈركىيە بىلەن شەرقى تۈركىستان بايرىقى قاداغلىق. ئۇ بايراقلار قەلەيدىن ياسالغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن بۇ بايراقنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلغان. تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمۇ بايراقلارنى ئېلىپ تاشلاپ مۇنارىنى ساقلاپ قېلىشقا ماقۇل كېلىپ سۆككىلى ئادەم ئىۋەرتكەن. بىر قانچە ئادەم كېلىپ بايراقلارنى قومۇرماقچى بولۇۋاتقاندا بىر مەست كېلىپ: سىلەر نېمە قىلماقچى؟ ـ دەپ سورىغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ مەست ئۇيغۇرمىكەندۇق؟

مۇختەر: ياق، بىر تۈرك ئىكەن. بايراق سۆكمەكچى بولۇۋاتقانلار: بۇ دېگەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىشى. سېنىڭ چاتىقىڭ نېمە! ـ دېگەندە، ھېلىقى مەست: نېمە دېدىڭ سەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىشى دېگەن نېمە گەپ! بۇ دېگەن تاشقى ئىشلارنىڭ ئەمەس پۈتۈن تۈركلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى! دەپ توسۇۋالغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: پۈتۈن تۈرك بايرىقى دېگىنى قانداق بايراق؟ دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئورتاق بايرىقىمۇ بارمىدى؟

مۇختەر: ئۇنداق ئەمەس. بىز دېگەن ھەممىمىز تۈرك. شۇڭا بىزنىڭ بايرىقىمىزنىمۇ ئۇلار ئۆز بايرىقى قاتارىدا كۆرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بايرىقى بىلەن بىزنىڭ بايرىقىمىز ئوپ-ئوخشاش. شۇڭا بىزمۇ ئۇلارنىڭ بايرىقىنى ئۆز بايرىقىمىز ھېسابلايمىز. بايىقى مەست: تۈرك بايرىقى جەۋلان قىلىپلا تۇرالايدىكى، ھەرگىز يېقىلماستۇر! سىلەر نېمە قىلىمەن دەيسىلەر! خالايىق كېلىڭلار! بۇياققا كېلىڭلار! دەپ كىشىلەرنى بىر دەمدىلا ئولاشتۇرۇۋالغان. بىردەمدىلا نەچچە تۈمەن ئادەم يىغىلىپ نامايىش قوزغاپ ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرگەن.

شۇ چاغدا مەنمۇ تۈركىيىگە بارغان ئىدىم. تاموژنا خادىملىرى مەندىن نەلىك دەپ ئىنگلىزچە سورىۋىدى، مەن ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستانلىقمەن دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ: سىلەر خىتايلارنىڭ قولىدا قالغان شۇنداقمۇ؟ ھازىر ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللار قانداقىراق دەپ ھېسسىداشلىق قىلىپ، تۈركىيىدە دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىشلارنى سۆزلەپ كېتىشكەن ئىدى. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ئالىمىدە، ئەرەب دۇنياسىدا، بۇرۇن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشەلمەي، پەقەت خەلقنىڭلا ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلگەنمىز. ئەگەر ئۇ ئەللەرمۇ دېموكراتلىشىش يولىغا قەدەم قويالىسا، بىزمۇ بەلكىم ئۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. ئىسلام بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشۇشى ھازىرچە بىزگە دەخلىسى باردەك قىلغىنى بىلەن، ئۇزۇننى ئويلىغىنىمىزدا بىزگە پايدىسى تېگىدىغان بىر ئىش.

## ئوتتۇرىدا بىرەر دۆلەت بولۇپ قالسا ئورتا ئاسىيا تېخىمۇ بەختەر بولىدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: بۈگۈنكى كۈندە بارلىق تۈركى مىللەتلەردىن بولغان ئورتا ئاسىيا ئەللىرى ئۇرۇسلارنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن بولسىمۇ خىتاي بىلەن يېقىنلاشماقتا. بۇ تەرىپىمۇ شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا پايدىلىق ئەھۋال ئەمەستۇ ھەرقاچان؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن يېقىنلىشىشىدىكى مەقسەت، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا بىر تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، رۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلىشتۇر. ئۇلار بىرەر يۈز يىلدەك ۋاقىتتىن بېرى رۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلاردىن بىراقلا ئايرىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بولۇشنى رۇسىيىمۇ خالىمايدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئورتا ئاسىيا ئەللىرى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر تۇرلۇك مۇۋازىنەتنى ساقلاپ تۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشماقتا. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئورتا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە چەكلەش رولىنى ئويناۋاتىدۇ. ئەمما ئورتا ئاسىيا ئەللىرىمۇ چوقۇم ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا مۇستەبىت ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمەت ئۈستىدە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى كومپارتىيە سېكرېتارلىرى پىرىزىدېن بولۇۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلار تا ھازىرغىچە ھوقۇقتىن چۈشكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ ـ قازاقىستان، ئۆزبەكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا تۈركى ئەللەر. قىرغىزىستاندا رەڭلىك ئىنقىلاب پارتلاپ ئاقايېۋنى قوغلىۋېتىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ جوغراپىيىلىك ئورنى، ئىقتىسادى ئەھۋالى يەنىلا شۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ئارىسىدا قالغان بولغاچقا، ئوتتۇرا يول تۇتۇشتىن باشقا ئامالى يوق. ئۇزۇننى ئويلىغاندا ئۇلار خىتايدەك بۇنداق يەر كۆلىمى چوڭ، ئادىمى كۆپ بىر دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇلارغا خەۋپلىك. ئەگەر ئۇلار خىتاينىڭ چېگرىسىدىن يىراقتا تۇرالىغىنىدا، يەنى ئوتتۇرلۇقتا بىرەر دۆلەت ئايرىپ تۇرغىنىدا ئۇلار دۆلىتىنى تېخىمۇ بىخەتەر ھېسابلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمىسە ئۇلارمۇ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى خالامدۇ؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇلارمۇ خالايدۇ. ئۇلار مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇشىغا، ئۇيغۇرچە گېزىت چىقىرىشىغا ئىزچىل يول قويۇپ كەلمەكتە. ئەمما يالغۇز ھېسسىياتقىلا تايىنىش يېتەرلىك ھېسابلانمايدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىك ئاساسى ناچار، خەلقئارالىق ئابرۇيىمۇ يۇقىرى ئەمەس بولغاچقا، خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بۇلىشى ئۇلارغا پايدىلىق. شۇڭا ئۇلار شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتىنى قوللاشنى توختىتىپ قويۇشقان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى يۈكسىلىپ، دېموكراتىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغىنىدىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ھېسسىياتى يەنىلا بىز تەرەپتە بولىدۇ.

## ئامېرىكا شىنجاڭ مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ خىتاينى پارچىلىشى مۇمكىن

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما شەرقى تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرى ئۈچۈن ئالغاندا ئاساسلىق مەسىلە خىتاي مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئەللەر ھېسسىي جەھەتتىن سىلەر تەرەپتە تۇرالىغىنى بىلەن بۇنداق ھېسسىي كۆچكە تايىنىپ خىتاي بىلەن تىركىشەلمەيدۇ-دە.

مۇختەر: دېگىنىڭ توغرا. شۇنىڭلىق بىلەنلا خىتاي بىلەن تىركەشكىلى بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ئەسكەر چىقىرىش يولى بىلەن بىزگە ياردەم قىلالمايدۇ. ئەمما ئۇلار دۆلىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئەركىن پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قۇيالىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يالغۇز كۆزقاراشلىرىنى ئەركىن بايان قىلىش، سىرتتا تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشقىلا تايىنىپ خىتاينى يەڭگىلى بولمايدۇ-دە.

مۇختەر: ئەمما بىز خەلقارادا ھەر جەھەتتىن ھەمكارلىق تىكلىيەلىشىمىز مۇمكىنغۇ. ھازىرچە خىتايلار ئامېرىكىغىلا بىر تەھدىت بولۇپ تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن ياپونىيىگىمۇ، رۇسىيىگىمۇ بىر تەھدىتتە.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا خىتاينىڭ پارچىلىنىشىنى خالايدىغانمىدۇ؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە خالايدۇ. بۇ جەرياندا، مەسىلەن يۇگوسلاۋىيىنى بوسنىيە توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ پارچىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش، خىتاينىڭ پارچىلاشتا پايدىلىنالايدىغان بىردىن بىر ئامال شىنجاڭدىن پايدىلىنىشتۇر. ئامېرىكا قاتارىدىكى ئەللەر ساڭا چىن دىلىدىن ياردەم قىلىشمىغان بىلەن سەندىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۇلار پايدىلىنالايدىغان كوزۇرمۇ ئۇيغۇر. بۇ ئىشتا خىتايدىكى بارلىق مىللىي مەسىلىلەر ئىچىدە ئەڭ ئاسان پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر يەنىلا شىنجاڭ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما بۇ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىلا بىر پەرەز. كىشىلەر ئامېرىكا خىتاينى پارچىلاش غەرىزىدە يۈرىيدۇ دېگىنى بىلەن، ئامېرىكا راستىنىلا بۇنداق بىر پىلان تۈزگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

مۇختەر: ئۇلارنىڭ خىتاينى پارچىلايدىغانلىقى ئېنىق!

ۋاڭ لىشيوڭ: چوقۇم دەمسەن؟ بۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالمايسەن. ئۇنداق بىر پىلانى بار دېيىلگىنىدىمۇ مۇتلەق مەخپىي بىر پىلان بولىشى مۇمكىن.

مۇختەر: بۈگۈن خىتاينى بىرلا مىللەتلىك دۆلەت دەپ ئېلىش مۇمكىن. شۇنچە كۆپ نوپۇسلۇق بىر دۆلەت، ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك بىر دەرىجىگە يەتكىنىدىن كېيىن چوقۇم ئەتراپقا قاراپ كېڭىيىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ كېڭىيەلەيدىغان بىردىن بىر بوشلۇقى ئورتا ئاسىيا بىلەن رۇسىيە بولۇپ، باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەتكە كېڭىيىش ئىمكانىيىتى يوق. خەلقئارا سەھنىدە خىتاي بىلەن ئامېرىكىنىڭ يارىشىپ ئۆتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خىتاي كومپارتىيىسى داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدىغانلا بولىدىكەن، ھازىرقى ۋەزىيەتتە چوڭ تۈرغانلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ پارتىيە مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىگە ئايلىنىدۇ. كومپارتىيە بۇنداق بىر پارتىيىگە ئايلانغان كۈنىسى چەتكە قاراپ كېڭىيىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماڭغۇدەك يولى يوق.

خىتاينىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. بىر پارتىيە تۈزۈمى ئۇنداق كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم پەيدا قىلغىلى بولىدىغان بىرەر مۇھىت يارىتالمىدى. ئەمما ئىقتىسادى تەرەققىيات دېگەن قانۇنىيەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان بىر ھادىسە. ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى بىر تۈز سىزىق بويىچە تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۈگۈنكىدەك ئۇنداق ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ 8ـ9 پىرسەنلىك ئۆسۈشىگە ھەر دائىم كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. تەرەققىيات بەلگىلىك بىر يەرگە كەلگىنىدە، بەلكىم 5ـ10 يىلدىن كېيىن بۇ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاشقا ياكى توختاشقا باشلىغىنىدىن كېيىن جەمئىيەتتە دەرھال نارازىلىق قوزغىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ھۆكۈمەت نېمىگە تايىنىپ بۇ نارازىلىقلارنى بېسىقتۇرالىشى مۇمكىن؟ پەقەتلا مىللىي سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ يولىلا بۇنى بېسىقتۇرالىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: مىللىي سوتسىيالىزم دېگىنىڭ نېمە؟ بۇ گەپنى نەدىن چىقاردىڭ؟

مۇختەر: سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىغۇ بىلەرسەن؟ ھىتلېرنىڭ پارتىيىسى شۇنداق بىر پارتىيە ئەمەسمىدى؟

ۋاڭ لىشيوڭ: دۆلەت سوتسىيالىزم پارتىيىسى دېگىنىمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق، دۆلەت سوتسىيالىزم پارتىيىسى. ئەمما ئۇلار بۇنى دۆلەت نامىدا ئەمەس بەلكى مىللەت نامىدا ئىشلەتكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنى سەن خىتاي چوقۇم فاشىزىم يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ دېمەكچىمۇ؟ ئىش شۇ نۇقتىغا بارغىچە ئامېرىكىلىقلار بىلەن غەرپلىكلەر بۇنىڭغا قارشى چىقىپ خىتاينى پارچىلاشقا كىرىشىدۇ دېمەكچىمىدىڭ؟

مۇختەر: شۇنداق. خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسىي ئىقتىسادى مەنپەئەتى ئامېرىكىنىڭ، ياپونىيىنىڭ، شۇنىڭدەك يەنە رۇسىيىنىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. مەركىزىلەشكەن ھۆكۈمەت مۇقىم بولۇپ بىرەلىگىنىدە بۇنداق ئېھتىماللىق كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما يەرلىك بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كۆرۈلۈشى ھامان خىتايدىكى مەركىزى ھاكىمىيەتمۇ لىڭشىشقا باشلايدۇ. ئۇ چاغدا غەرب ئەللىرى، ئامېرىكا ياكى رۇسىيە مىللىي مەنپەئەت دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ خىتاينى پارچىلىشى مۇمكىن.

## بىزدىن بىرەر-ئىككى مىليون ئادەم قۇربان بۆلىشى مۇمكىن

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن پارچىلىنىش ئەھۋالى چوقۇم يۈز بېرىدۇ دېگەن بۇ پەرىزىڭنى باشقىلار ئاللىمۇقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولۇنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ شىنجاڭدا يەنىلا ئۇيغۇرلار ساندىن كۆپ پەرق قىلمايدىغان 8 مىليون خىتاي ياشاۋاتقان بىر شىنجاڭ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىتايلار شىنجاڭدىكى ئارمىيىنى، مالىيىنى، ئىقتىسادنى، نېفىت قاتارىدىكى ئاساسلىق مەنبەلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى شىزاڭغا ئوخشىمايدۇ. تىبەتتىكى خىتايلار ئۇ يەردە جەڭ قىلىمەن دەيدىكەن، خىتاي ئۆلكىلىرىدىن يېقىلغۇ، نېفىت، ئاشلىق قاتارىدىكى ئۇرۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇپ كېلىشكە مەجبۇر. ئەمما شىنجاڭدا خىتايلار بۇنداق بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردىلا ھەل قىلىش ئىمكانىغا ئىگە.

مۇختەر: ئەگەر شىنجاڭدا ئۇرۇش پارتلاپ قالغىدەكلا بولىدىكەن، بۇ يەردىكى خىتايلارنىڭ ئەڭ كامىدا 60 پىرسەنت قىسمى بىر يىلغا قالمايلا ئۆزلۈكىدىن خىتايغا قېچىپ كېتىدۇ. ھېچ بولمىغاندا پېنسىيىگە چىققانلار، ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشىراق بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇرتىغا كېتىپ قالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتايلار قېرىغىنىدا، پېنسىيىگە چىققىنىدا ھەممىسىلا يۇرتىغا كېتىشمەكتە. بۇ دېگەن بىر ئومۇمى يۈزلىنىش. خىتاي بالىلىرىدىن خىتايدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلىگەنلىرىنىڭ 90 پىرسەنتى قايتىپ كەلمەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى خىتايلار ھازىر ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەۋلاد خىتايلارغا ئايلانماقتا. ...

مۇختەر: ئۇنداق قارىغىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ قېچىپ بارىدىغانغا باشقا يېرىمىز يوق. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار بۇ يەردىن ئايرىلالمايمىز. ئەمما خىتايلارنىڭ كېتىدىغان يۇرتلىرى بار، دائىم يۇرتىغا قايتىش كويىدىلا يۈرىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىشلىشىپ بىر تەرەپتىن شەرققە قاراپ چېكىنىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مىلتىقى بولغىنى بىلەن ئاتىدىغان ئوقى چەكلىك. بەك بولسا بىرەر يۈز پايدىن، ئىككى يۈز پايدىن ئوقى بار دەيلى، بۇ ئوقى تۈگىگەندە قانداق قىلىدۇ؟ يەنە يۇرتىمىزغا كەتكىنىمىز تۈزۈك، ئۇ يەردە ئۇرۇغ-تۇققانلىرىمىز بار، شۇڭا يۇرتىمىزغا كېتىپ قالغىنىمىز تۈزۈك دېيىشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن. ھازىر كومپارتىيە خىتاينىڭ دۆلەت كۈچى بۇرۇنقىدىن كۈچلۈك دەپ تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، مىللەتنى كۈچلۈك دەپ بىلگەن خىتايلار تېرىسىغا پاتماي قېلىشماقتا. بۇنداق بىر ئەھۋالدا كومپارتىيىمۇ مىللەتچىلىك تۇيغۇلاردىن پايدىلىنىپ خىتاي جەمئىيىتىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىشىدۇ. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىتاي پۇقرالىرى بۇ مىللەتنىڭ ئۇنچە كۈچلۈك بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكىنىدە، ئۇلاردىكى ئۇمىدسىزلىك بەكلا تېز ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. خىتايلارنىڭ ئارمىيىسى بار، شىنجاڭدىكى بىڭتۈەنلىكلەردىمۇ قورال بار بولغاچقا، دەسلەپىدە بىز ھەقىقەتەنمۇ زور چىقىم تارتىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم بۇ جەرياندا بىز بىرەر-ئىككى مىليون كىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولغىنى بىلەن، تالىبانمۇ يالغۇز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىركىشىپ كەلمىگەن. ئىسلام پىدائىيلىرى تارىختىن بېرى بار بولۇپ كەلگەن. چېچەنلەر ھېچقاچان پۇل تۆلەپ باشقىلارنى يۇرتىغا تەكلىپ قىلغىنى يوق. ئەكسىچە نۇرغۇن كىشىلەر پىدائىي بولۇپ چېچەن ئۇرۇشىغا قاتناشقىلى ئۆزلىرى خالاپ بارغان. پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ نوپۇسى يۈز ئەللىك مىليونغا يېتىدۇ — تۈركىيە تۈركلىرى 80 مىليوندەك، ئۆزبېكلەر 25 مىليوندەك، قازاقىستاندىكى تۈركلەرمۇ 10 مىليوندىن ئارتۇق، قىرغىزىستاندىمۇ تۆت يېرىم مىليون تۈركىي ياشايدۇ. ئۇندىن قالسا تۈركمەنلەر، ئەزەرىلەر، رۇسىيىدىكى تاتارلارنىمۇ ھېسابقا قوشىمىز مۇمكىن. چېچەنلەرمۇ تۈركلەردىن. رۇسىيە تەۋەسىدە 7-8 دەك تۈركىي رېسپوبلىكا بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىزنى قوللايدۇ.

## ئېرۇسالىمنى دۇنيا پايتەختىگە ئايلاندۇرۇش

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بىر تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيمىز دېسەڭ، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب بىلەن ئامېرىكىغا تايىنىمىز دەيدىكەنسەن. بۇ ئىككىسى بىر-بىرسىگە زىت گەپلەر ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرپلىكلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكا توقۇنۇش ھالەتتە تۇرغانلىقىنى قانداق دەيسەن؟

مۇختەر: نۇرغۇنلىغان خىتايلار ئىسلام دۇنياسى دېسىلا ئەرەبلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشىدىكەن. ئۇلار ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئاساسەن ئەرەب دۇنياسىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىكەن. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ئەسلىدە ئەرەبلەر دۇنيا مۇسۇلمانلار نوپۇسى ئىچىدە بەلكىم ئون پىرسەنتىنىلا ئىگىلىشى مۇمكىن. دۇنيادىكى ئەرەبلەر 110 مىليونمۇ ياكى 120 مىليون ئەتراپىدىلا نوپۇسقا ئىگە.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما غەرپلىكلەر بىلەن زىتلىشىپ يۈرىدىغانلار ئەرەب دۇنياسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەستە. پاكىستان، ھىندونېزىيە قاتارلىقلار بىلەنمۇ زىددىيەت مەۋجۇت. گەرچە بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئامېرىكا تەرەپتە تۇرغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ خەلقى ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكا بىلەن غەرب ئەللىرىگە قارشى.

مۇختەر: خەل ئاساسلىقى پەلەستىن ئىشلىرىغا ھېسسىداشلىق قىلىشىدۇ. بىن لادىن بىلەن غەرپلىكلەرنىڭ جەڭ قىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىمۇ پەلەستىن ئۈچۈندۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىقتىسادى ۋە سىياسىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ بىر قەدەر زور. شۇڭا ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەيدانى ئىسرائىل يەھۇدىيلىرىنى قوغداش تەرىپىدە تۇرىدۇ. بىن لادىنمۇ تېررورلۇق يولىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرى بىلەن ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئامېرىكىغا زەربە بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئىسرائىلغا بېسىم پەيدا قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. پەرىزىمچە بىن لادىنىنىڭ ئەسلى نىيىتى شۇ بولىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ مۆلچىرى توغرا چىقمىدى.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە ھېسسىداشلىق قىلىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى يېرۇسالېم ـ قۇددۇس مەسىلىسى ئۈچۈن ئىدى. شىنجاڭلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى پەلەستىنلىكلەرگە بىر قەدەر ھېسسىداشلىق قىلىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبىمۇ قۇددۇس ئۈچۈن بولغان. قۇددۇس ـ ئىسلامنىڭ ئىككىنچى مۇقەددەس يېرى. بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە مۇسۇلمانلار پەلەستىنلىكلەر ۋاستىسىغا تايىنىپلا قۇددۇسنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتى بار. قالغان ئەرەب دۇنياسى ياكى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى قۇددۇسنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلالمايدۇ. شۇڭا ئەرەبلەر ئىسلام نامىدا قالغان مۇسۇلمانلارنى پەلەستىن ئىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا كۈشكۈرتمەكتە. گەرچە ئەرەبلەرنىڭ ئىشى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى بولمىغىنى بىلەن، قۇددۇس غايىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئىشتىن چەتتە قالالمايدۇ. ئەرەبلەرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مانا شۇ ھېسسىياتىدىن پايدىلانماقتا. شۇڭا ئوتتۇرا شەرقتە بۈگۈنكىدەك بىر ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى زىيانلىق ئىشمۇ ئەمەس. بۇ ۋەزىيەت ۋاقىتلىق بىر ھادىسە. ئامېرىكىلىقلار چوقۇم بىر كۈنىسى ئوتتۇر شەرقتىن كېتىدۇ. مەيلى 5 يىلدىن كېيىن بولسۇن ياكى 10 يىلدىن كېيىن بولسۇن، ئامېرىكىلىقلار چوقۇم ئۇ يەرلەردىن ئەسكەر چېكىندۈرىدۇ. ئەگەر قۇددۇس مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالىدىكەن، ئەرەب دۇنياسىمۇ ئىسلام نامىدا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى كۈشكۈرتۈش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنداق بولغىنىدا، ئوتتۇرلۇقتىكى باشقا مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنى يوقىتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما بۈگۈنكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا يېرۇسالېم مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىش ئېھتىمالى يوقتەكلا قىلىدۇ.

مۇختەر: شۇنداق. غەرپلىكلەرنىڭ ئىسرائىلغا ياردەم قىلىشىدىكى سەۋەبمۇ يەنە شۇ قۇددۇس مەسىلىسى. چۈنكى ئۇ يەر ئەيسا پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان يەر دەپ قارىلىدۇ. خىرىستىيانلىقمۇ

ئەسلىدە يەھۇدىي دىنىدىن تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر دىن بولغاچقا، بۇ مەسىلىدە خىرىستىيانلىق بىلەن يەھۇدىي دىنىنى ئورتاقلىقتا ئىگە قىلغان. خىرىستىيانلارمۇ قۇددۇسنى قايتۇرۇۋېلىش خىيالىدا يۈرگەن بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئەھلىسەلىپ (كىرىست قوشۇنى) قوشۇنلىرى سەپىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانى قۇددۇس ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار قۇددۇسنى تارتىۋېلىش ئىمكانىغا ئىگە ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇلار قۇددۇسنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا قېلىشىنىمۇ خالىمايدۇ. غەرپلىكلەر قۇددۇسنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدا تۇرغىنىدىن كۆرە يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا تۇرغىنىنى ئەۋزەل كۆرىشىدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى قۇددۇس مەسىلىسى دەپ قاراش مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئىرۇسالىمنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرغان بولسا ئەھۋال ياخشىراق بولارمىدى؟

مۇختەر: بۇنداق ھەل قىلىش ئەڭ ياخشى چارە ھېسابلىناتتى. بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سەھىيە تەشكىلاتى دەمدۇ، پىل چىشى قىرغىقى خەلقئارالىق سوتى دەمدۇ ئىش قىلىپ بارلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن مەركىزىنى پۈتۈنلەي قۇددۇسقا كۆچۈرۈپ، قۇددۇسنى بىر خەلقئارا شەھەرگە ئايلاندۇرالىغان، بۇ شەھەرنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى باشقۇرىدىغان دۇنيا پايتەختى ھالىغا كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىش بولاتتى.

## ئۇيغۇرلار كاپىتالىزمنى ھىمايە قىلىدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ ئەتراپىڭدىكى ئۇيغۇرلار بىن لادىنغا قانداق قارايدۇ؟

مۇختەر: ئىسلام دۇنياسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان بىلەن ئۇنى قوللاپ كەتمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە بىن لادىن توسالغۇ بولۇپ قالدى دەپ قارىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇ باشقىچە بىرەر ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشى كېرەك ئىدى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پېنتاگوننى – بەششۇۋار بىنانى – ياكى ئاق سارايىنى پارتلىتىۋېتىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر قەھرىمانلىق ھېسابلىناتتى. ئەمما ئۇ ئىمپېرىيە بىناسىنى (ئەسلى قوشكېزەك بىنا بۆلىشى كېرەك – ت) پارتلىتىۋەتتى. بۇنىڭ تەسىرى بەكلا يامان بولدى. ئۇ بىنالاردا قازاقىستاندىن ئامېرىكىغا بېرىپ قالغان بىر ئۇيغۇر قىزىمۇ بار ئىكەندۇق (ئۇ قىز، يەنى گۆھەر سىيىتمەمەت ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزى ئەسلىدە ئۆزبەكىستان تاشكەنتتىن نيويوركقا بارغان – ت).

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇ بىنا ئەسلىدە كاپىتالىزمنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟

مۇختەر: ئەمما بىز ئۇيغۇرلار كاپىتالىزمنى ھىمايە قىلىمىز-دە! بىز سوتسىيالىزم دۆلىتى ياكى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى خالىمايمىزغۇ. بىزمۇ بىر كاپىتالىستىك دۆلەت قۇرۇشنى خالايمىز. بىز قۇرماقچى بولغان جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى كاپىتال ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەكتە!

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ تەلەپ قىلىدىغان جەمئىيەت تۈزۈمىمۇ ئاساسەن سوتسىيالىزمغا ئوخشىشىپ كەتمەسمىدى؟

مۇختەر: ئۇنداق بىر يېرىمۇ يوق ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئەرەب ئويغۇنۇش پارتىيىسى ئوتتۇرىغا چىققان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار سوتسىيالىزم بىلەن ئىسلامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق بىر پارتىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقان ئىدى. بىر قارىماققا ئۇلارنىڭ بۇ يولى قۇرئانغا بەكلا ماس كېلىدىغاندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما ئىسلامنىڭ ماھىيىتى بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار كاپىتالىزمنى ھىمايە قىلىشامدۇ؟

مۇختەر: شۇنداق. ئۇلار كاپىتالىزمنى ھىمايە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە كاپىتال دېگەن جەمئىيەتنىڭ ئۇلى. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشلاردا پۈتۈنلەي كاپىتال ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى، كاپىتال ھەرىكىتى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرىكىتىنى كاپىتالنىڭ ھەرىكەتلىنىشى دەپ قاراش مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرلار يەنە قانداق بىر جەمئىيەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن دەيسەن.

## تۈركى خەلقلەر بىر پۈتۈن دۆلەت قۇرالمايدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قوش پانچىلىق دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇنىڭ بىرسى پان ئىسلامچىلىق، يەنە بىرسى پان تۈركچىلىك. پان ئىسلامچىلىق دېگىنى دىنى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەمما پان تۈركچىلىك دېگىنى مىللەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. سېنىڭچە، بۇنداق ئىككى خىل ئېقىم ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتمۇ؟ مەۋجۇت دېيىلسە ئۇنىڭ تەرەققىياتى زادى قانچىلىك؟ بۇلار شىنجاڭ بىلەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارمۇ؟

مۇختەر: بۇرۇن دىنى ساھە كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشاتتى. ئەمما ئۇلار ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى، بۇنداق بىر غايە دۇنيا ئېقىمىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. پان تۈركچىلىك بولسا، بىزدە ئىزچىل بار بولۇپ كەلگەن بىر ئېقىم بولۇپ، مىللەتچىلەرنى ئاساسەن پان تۈركچىلەر دەپ قاراشقا بولاتتى. ئەمما غەرب ئەللىرى، رۇسىيە، ئەرەب ئەللىرى پان تۈركچىلىكنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ پان تۈركچىلىك نۇقتىسىنى چىقىش قىلمايدىغان بولدى. ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركى خەلقلەر

بىرلىشىپ بىر پۈتۈن دۆلەت ھالىغا كېلىۋالسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ تۈركىيىگىچە، سىبىرىيىدىن تارتىپ تا شىنجاڭغىچە بىر پۈتۈن تۈركى مىللەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر دۆلەت قۇرۇلۇپ چىقسا، بۇ ئىش ئۇرۇسلار ئۈچۈن، ئەرەبلەر ئۈچۈن بىر تەھدىت تەشكىل قىلماسمىدى؟ ئەمما ھۆكۈمەت ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىدا بولمىغان بىر قاراشنى ياساپ چىقىشقا ئۇرۇنماقتا. ئەمما بىزنىڭ نامىمىز شەرقى تۈركىستان. بىز ھېچقاچان پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركلەر بىرلىشىپ بىرلا دۆلەت ئاستىغا جەم بولايلى دېمىدۇق. بىز ئۆزىمىز مۇستەقىل بولالماي تۇرۇپ دۇنيا تۈركلىرىنى يىغىپ بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش دەيدىغان قارىشىمىز بۆلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئوتتۇرلۇقتا بولمىغان، تېخى دۇنياغىمۇ كەلمىگەن بىر بوۋاقنى مېڭىۋاتىدۇ، يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ دېيىشتەك ئەخمەق گەپ بارمۇ بۇ دۇنيادا؟

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە، بۇ قاراش بىر غايە بولالماسمۇ؟

مۇختەر: مۇمكىن ئەمەس! مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئاستىدا ياشاپ تۇرۇۋقلۇق، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلالايدۇ دېيىشنىڭ، بۈگۈنكىدەك بىر دۇنيا ۋەزىيىتى ئاستىدا ئۇلارنى بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇيۇشالايدىغانلىقىنىڭ ئېھتىمالى سېنىڭچە قانچىلىك؟ ئاساسەن يوق دېسەڭ بولىدۇ. بۇنداق گەپلەر بىر خىيال. يەنى خىتايلارنىڭ كوممۇنىزم قۇرۇش دېگىنى بىلەن ئوخشاش گەپ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ياۋروپا ئىتتىپاقىدەك بىر بىرلەشمە قۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بولسىمۇ يوق دېيىشكە بولماس ھەرقاچان؟

مۇختەر: ئۇ بەلكىم مۇمكىن بولار. ياۋروپا ئىتتىپاقىدەك بىر بىرلەشمە قۇرالىشىنىڭ ئېھتىمالىنى يوق دېيىشكە بولماس. ئەمما ئىمپېرىيە شەكلىنى ئالىدىغان، ياكى خىتاينىڭ تەرغىب قىقلغىنىدەك بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەت ھالىغا كېلەلىشىنى پەرەز قىلماق، ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى پاكىستان، ئىران، رۇسىيە، خىتاي قاتارلىق ئەللەرنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ، دۆلىتىمۇ كۈچلۈك. ئورتا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ بىردىن بىر چىقىش يولى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىق كۈچى تەشكىللەپ چىقىشتىن باشقا يولى يوق. بولمىسا ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ھەر قانداق بىر يالغۇز قالغان دۆلەت ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئايرىم ئۆز بېشىغا ياشايمەن دەيدىكەن، ئورتا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ھەربىي چىقىم ئۈچۈنمۇ جىقىراق پۇل ئاجرىتالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەربىي ئىتتىپاق تۈزەلىگىنىدىلا ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تەھدىتىگە ئوڭۇشلۇق تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئورتا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى چىقىش يولى ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈشتۇر. ئورتا ئاسىيا ئەللىرىمۇ بۇنى تونۇپ يەتكەن. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە خىتاي كومپارتىيىسى شىنجاڭ مەسىلىسىنى دەپ ئۇلارغا بەكلا كۆپ پۇل خەجلىمەكتە. شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، پات يېقىندا شىنجاڭ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ خەجلەپ تۇرمامدۇق دېيىشمەكتە. خىتايلار پۇل بېرىشنى توختىتىپلا قويسا، ئۇلار ئورتا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن پائالىيىتىنى ھەرگىز چەكلىمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىراش بېرىپ ئۇلارنىڭ قولىغا پۇل تىقىشتۇرۇشقا باشلايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېمەك ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئۇلارنىڭ پۇل خالتىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ-دە!

مۇختەر: شۇنداق بولدى! بۇ ئۇلارنىڭ تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ۋاستىسىغا ئايلانغان. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى نىيەت قىلغىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار بۇنى خىتايدىن پايدىلىنىشنىڭ بىر يولى قىلىۋېلىشقان.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشلا شەرقى تۈركىستان

## مۇستەقىللىقىنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى

مۇختەر: ئەسلىدە ئىسلام ئالىمىنىڭ يېرىمىدەك كىشىلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش چۈشەنچىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ قىسىم كىشىلەرمۇ ئۆزگەردى. ئۇلار: ئەگەر بىز ئىسلام مەنپەئەتلىرىنى قوغدايلى دەيدىكەنمىز، چوقۇم ھەممە بىردەك ئىتتىپاق بولۇشىمىز كېرەك! دەيدىغان قاراشقا كېلىشتى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇلاردىكى ھەممە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش دەيدىغان ئاڭ بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: 11-سېنتەبىر ۋەقەسى شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش تىرىشچانلىقىغا نىسبەتەن ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن خېلى كۆپ پايدىسى بولدىغۇ دەيمەن.

مۇختەر: شۇنداق، پايدىسى چوڭ بولدى. مەمتىمىن بۇغرا ئەپەندىمىز 1931-يىلقى خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولغان بىر كىشى. ئۇمۇ ئەينى ۋاقىتتا: سوۋېت پارچىلانماي تۇرۇپ بىزنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دەپتىكەن! خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشرى قىلىنغان شىنجاڭ تارىخ تەزكىرىسىدىكى تارىخى ماتېرىياللاردا بۇ گەپلەر يېزىلغان.

خوتەن قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن، مەمتىمىن بۇغرا ئەپەندى پۈتۈن شىنجاڭنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بىز ھازىرچە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلساق بولمايدىكەن دەپتىكەن. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان دۆلىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ھاماتلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇقەررەر بولۇپ قالىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەر ئوتتا ئاسىيانى غەربى تۈركىستان دەپ ئاتىشاتتى. شۇڭا، ئەگەر شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولۇۋالسا، غەربى تۈركىستاندىكىلەرمۇ مۇستەقىل بولىمىز دەپ تۇرۇۋېلىشى تۇرغانلا گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى چوقۇم بىزنى ئەسكەر كىرگۈزۈپ باستۇرىۋېتىشى مۇمكىن، شۇڭا مۇستەقىللىق ھازىرچە ئەمەلگە ئاشۇرغۇلى

بولىدىغان بىر غايە ئەمەس. گەرچە جاڭ كەيشى بىزنى ئىختىيارىمىزغا قويۇۋېتىپ مۇستەقىللىقىمىزغا ماقۇل كەلگىنىدىمۇ بەرىبىر سوۋېتلار كېلىپ بىزنى بېسىۋالغىدەك، دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ، ھازىرچە خىتاينىڭ قولىدا تۇرۇپ يۈكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىپ تۇرغىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ، دېگەن خۇلاسىغا كەلگەنىكەن. ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يېتەكچىلىرى نېمىشقا جاڭ كەيشى بىلەن ياخشى ئۆتەلەيدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار جاڭ كەيشى سوۋېتلەردىن ياخشىراق، شۇڭا ھازىرچە خىتاينىڭ قولىدا تۇرۇپ تۇرايلى، شۇنداق قىلساق تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان كۈچلۈك سوۋېتنىڭ قولىدا قالغىنىمىزدىن ياخشىراق بولىدىكەن دەپ قارىشاتتىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېمەك ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىگە ئاساسەن 60 يىل ساقلىغاندىن كېيىن سوۋېتنىڭ پارچىلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىكەن-دە!

مۇختەر: راست دېگەندەك مەمتىمىن ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەرلەپتىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بەرىبىر كېيىنكى شەرقى تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇشقا قاتناشقانتىغۇ؟

مۇختەر: قاتناشمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. قەشقەردە شەرقى تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان ۋاقتىدا ئۇ خوتەندە ئىدى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىشقان. ئۇمۇ ئومۇمى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ھۆكۈمەتكە كىرىشنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئەمما كېيىن سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئەسكەر كىرگۈزۈپ شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كىرىشكىنىدە بىھۇدە قۇربان بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئارمىيىسىنى تارقىتىۋەتكەنىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما سەن ئۇنى مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلمايتتى دېمەكچىمىدىڭ ...؟

مۇختەر: ئۇنىڭ قارىشى شۇنداق ئىدى. ئەمما قۇرۇق گەپلەر بىلەن شىڭ شىسەي يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ-دە! شۇڭا چوقۇم بىر كۈچلۈك بۆلىشى شەرت. ئەگەر قولۇڭدا ئەسكىرى كۈچلۈك بولسا، سەنمۇ ئۆزۈڭگە پايدىلىق ۋەزىيەت شەكىللەندۈرەلەيسەن-دە، ئاپتونومىيە تەلىۋىڭنىمۇ ئىشقا ئاشۇرالايسەن. نەچچە پارچە ماقالە يېزىپلا شىڭ شىسەينىڭ ئىشخانىسىغا ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىمەن دەپ كىرسەڭ ئۇ سېنى دەرھال قاماپ قويىماتتىكى! ئەگەر مەمتىمىن بۇغرانىڭ قولىدا 20 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بولۇپ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزگىنىدىن كېيىن ئاندىن بېرىپ شىڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكەزگەن، مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەت ئۆتكەزگەن بولسا، ۋەزىيەت چوقۇم باشقىچە بولغان بولاتتى.

## شەرقىي تۈركىستان دۆلەت تۈزۈمى

## شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭمۇ ياشىشى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر ئەنە شۇنداق ئەقىل بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلغىنىدا، نەزەر دائىرىسىنى كەڭ تۇتۇپ پۇتكۇل يەرشارىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، كېلەچەكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىنىمۇ مۆلچەرلىگەن ئاساستا ئەقىل بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئاردا پەۋقۇلئاددە بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسىمۇ مىللىي قىرغىنچىلىق قوراللىق توقۇنۇشقا ئوخشايدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

مۇختەر: كەلگۈسىدە شىنجاڭدا كەلگۈسىدە بۇنداق تۈپلىلاڭ پەيدا بولۇش ئۇرۇغىنى كىم تېرىۋاتىدۇ؟ ئەگەر ھۆكۈمەت بۈگۈنكى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىماي، مىللىي ئۆچمەنلىك تەشۋىقاتىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستانچىلار، ئىسلامچىلارنىڭ قارشى تۇرماقچى بولغان نىشانى بىز خىتايلار دەيدىغان تەشۋىقاتىدا چىڭ تۇرىۋالىدىغانلا بولىدىكەن، بۇنداق بىر توپىلاڭدىن ھەرگىز ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بىر ۋەزىيەت ھۆكۈمران ئورنىغا ئۆتۈپ، خىتايلارنى مىللەتچىلىك ھېسسىيات جەھەتتە تۈرتكىلىك ئورنىغا كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلا بولىدىكەن، قىرغىنچىلىق توپىلاڭلىرىدىنمۇ ھەرگىز ساقلىنىشقا بولمايدۇ. بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇنداق بىر مۇھىت يارىتىلغىنىدا بىزدىكى دىنى قاراشقا مايىل كىشىلىرىمىزدىن تىرىك بومبا بولۇپ پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىشىغىمۇ ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: تىرىك بومبا بولۇپ پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىشىمۇ، يەنە شۇنىڭدەك 1997-يىلقى غۇلجا ۋەقەسىدىكىدەك كۆچمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىشىنىلا كۆزلەيدىغان ۋەقەلەرنىڭ چىقىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن.

مۇختەر: شۇنداق بۆلىشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى يېزىلارنىڭ پارتىيە سېكرېتارلىرىنىڭ ھەممىسىلا خىتاي بولۇپ كەتتى. شۇڭا يەرلەرنى كۆترەگە بېرىشتە ئەڭ بۇرۇن يېقىن تۇنۇش-تۇققانلىرىغا كۆترە بېرىشنى ئويلىشىدۇ. يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، ئۇلارغا تۈزۈكرەك سوغاتمۇ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ سېكرېتارمۇ كۆتۈرە بېرىش شەرتنامىسىنى خىتايدىن كەلگەنلەرگە بېرىۋېتىدۇ. خىتاي كۈترە ئالغۇچىلىرى ئادەتتە نەچچە مىڭ مولاپ يەرنى كۆتۈرەگە ئالالايدۇ. ئۇنچىلىك كۆپ يەرنى كۆتۈرەگە ئېلىپ تېرىش ئۈچۈن شەرتنامە تۈزەشكە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ يەرنىڭ ھەممىسى خىتايلارغا قالىدۇ. يا بولمىسا باھا تالاشتۇرۇپ كۆتۈرە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، خىتاي كۆتۈرەگە ئالغۇچىلار خىتادىن كېلىشىدە نۇرغۇن پۇل بىلەن كەلگەچكە، ئادەتتە 200 سومغا بىر مۇ يەرنى كۆترە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان بولسىمۇ ئۇ خىتاينىڭ پۇلى كۆپ بولغاچقا يەرلىكتىن ئاشۇرۇپ ساڭا 250 سوم تەكلىپ قىلسا سەن ئۇنىڭغا بەرمەي يەرلىككە بېرەمتىڭ؟ بۇنداق بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەڭ يەرلىكلەرنىڭ نارازىلىقىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىزنىڭ يېرىمىزنى

تارتىۋالغانلار دەپ تىغ ئۇچىنى دەرھال شۇ كەلگىنىدىلەرگە قارىتىدىغان گەپ. ئۇلار نىشاننى ئەنە شۇ سىرتتىن كېلىپ يەرلەرنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قارىتىپ، ئۇلارغا قارشى توپلاڭ چىقىرىشى مۇقەررەر.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگىنىدە كوچا-كوچىدا سوروشتە قىلمايلا ئۇچرىغانلا خىتاينى ئۇرۇپ يىقىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرەرمۇ؟

مۇختەر: كوچىلاردا كۆرگەنلا خىتايغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلارنى ... بۇنداق ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى ناتايىن. يېزىلاردا بۇنداق ئىش كۆرۈلەرمۇ بىلمىدىم، ئەمما شەھەرلەردە ئۇنداق ۋەقە چىقىشى تەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: شەھەرلەرنى ساقچىلار قولىغا ئالالىغىنىدا ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشلارغا يول قويماسلىقى مۇمكىن. ئەمما جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ باشقۇرغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، شەھەر كوچىلىرىدا يۈرىدىغان لۈكچەك ياكى ياشلار بۇنداق ئىش تېرىشى مۇمكىن بولارمۇ؟

مۇختەر: بەلكىم بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ يېزىلاردىكىدەك ئېغىر بولۇشى ناتايىن. خىتايلار ئىچىدىنىمۇ بۇنداق قىلىدىغانلار، ئۆزىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلىش ئۇچۇن ئورتىغا چىقىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: يېزىلاردا خىتايلار ئاز بولغانلىقىدىن بۇنداق ئەھۋالنىڭ يېزىلاردا پەيدا بولۇش ئېھتىمالى كۆپرەك دېيىشكە بولارمۇ؟

مۇختەر: ياق، يېزىلاردا خىتايلارنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، يېزىدا بەكلا چېچىلىپ كەتكەنلىكىدىن بۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزىدىكى ئۇ شارائىتتا ئادەم ئەقلىنى ئىشلىتىشتىن كۆرە ھاياجىنىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلىپ كېتىشىمۇ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر ئاسانلا ھىياجانلىنىپ، قانۇننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە نىمىنىڭ پايدىلىق، نىمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ بەك ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلاردا تەشكىل ئىنتىزام قاراشلىرىمۇ ناچار. بۇ جەھەتلەردە شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى يېزىلاردىن ياخشىراق دېيىشىمىز مۇمكىن. شەھەرلەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىر قەدەر زىچراق بولغان يەرلەر بولغاچقا، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تەغدىرىنى ھېسابقا ئېلىشىپ، ئۇ تۈردىكى چېكىدىن ئاشقان رادىكالچىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشلىرىنى چەكلەپ تۇرالىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىدىن ئالغاندا خىتايلارنى قانداق قىلغاندا شىنجاڭدىن تېزىرەك ئايرىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن؟ ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئاڭلىق چېكىنىپ كېتىشىنى تاما قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئۈنۈملۈك يول يەنىلا شۇ تۈردىكى ئەقلىنى ئىشلەتمەي ۋەھىمە پەيدا قىلىش چارىسىنى ئىشقا سېلىش بولسا كېرەك.

مۇختەر: خىتايلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىمىز دېگىلى بولمايدۇ. بۈگۈن بار خىتايلارنى ھازىرقى قاتناش ۋاستىلىرىنى تولۇق ئىشلەتكەندىمۇ ئۇلارنى بىرەر يىلدا ئاران توشۇپ بولغىلى بولار؟ خىتايغا قاتنايدىغان پويىز-ئايروپىلانلار بىلەن كۈندە ئاران ئون مىڭدەكلا ئادەمنى توشىغىلى بولىدىغاندۇ ھەرقاچان؟

ۋاڭ لىشيوڭ: (بىردەم ئىچىدە ھېسابلاپ كۆرىدۇ) شۇنچىلىكىنى توشۇپ بولماقمۇ تەس.

مۇختەر: ئامالىمىز يوق، بىز ئەمدى بۇ خىتايلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىز. بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شەرقى تۈركىستانچىلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى غەرىزى شىنجاڭدىكى خىتايلارنى بىرنىمۇ قويماي قوغلاپ چىقىرىش ياكى قىرىپ تۈگىتىش دەپ داۋراڭ قىلماقتا. بۇنداق گەپ يوق. خىتايلارنىڭ ياشاش ھەققىگە بىزمۇ ماقۇل دەيمىز. ئەمما ھۆكۈمەت بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇلار زىدىيەت پەيدا بولۇشىنى، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشىنى ئارزۇ قىلماقتا. بۈگۈن بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزمۇ قانداق قىلغاندا بۇ ئىشەنمەسلىك ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلغىلى بولار دەپ باش قاتۇرۇشماقتا.

ئەلۋەتتە، بىز مۇستەقىل بولغىنىمىزدا ئىقتىسادى مۇستەقىللىقىمىزنى ئاساس قىلىمىز. ۋەتىنىمىزدىكى بارلىق نەرسىلەر ئۆزىمىزگە قېلىشى شەرت. ئەمما بىز ئۇ بايلىقلىرىمىزنى بەرىبىر خەلقئارا باھا بويىچە ئېكسپورت قىلىشقا مەجبۇرمىز. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە بار بولغان بايلىقلار ئاساسەن ئورتا ئاسىيا ئەللىرىدىمۇ تېپىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۇ قوشنىلىرىمىزغا بىزنىڭ بايلىقلىرىمىزنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدۇ. شۇڭا بىز يەنىلا خىتايغا سېتىشقا مەجبۇرمىز. ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارىمىزغا ئايلىنىدۇ. بۇنى جوغراپىيىلىك ئورنىمىز بەلگىلىگەن.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تۈزۈمى

ۋاڭ لىشيوڭ: سىلەر ئۇ كۈنلەردە قانداق بىر دۆلەت تۈزۈمى ئورنىتىشىڭلار مۇمكىن؟

مۇختەر: غەرپتىكىدەك ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى تىكلەيمىز. يەنى كۆپ پارتىيىلىك، ئومۇمى سايلامنى ئاساس قىلىدىغان، دىن بىلەن سىياسەت ئايرىم تۇتۇلىدىغان بىر تۈزۈم بۆلىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇنداق بىر ئىشنى ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ: كۆپ پارتىيىلىك بىر تۈزۈمدە، پارلامېنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنىدا، سۆز ئەركىنلىكى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان بىر جەمئىيەتتە، مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى ھەردائىم يولغا سېلىپ كېتەلەيمەن دېيىشكىمۇ بولمايدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ھەتتا ئىككى مىللەت زىتلىشىپ قالىدىغان ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئەركىنلىكى بولغان بىر جەمئىيەتتە تەشۋىقات قوراللىرىمۇ ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان بۆلىشى كېرەك. بۇ تۈردىكى تەشۋىقات قوراللىرى

كىشىلەرنى گېزىتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر دائىم كۆشكۆرتۈش، كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇش قاتارىدىكى ئەقىلگە ئەمەس ھېسسىياتقا تايىنىشنى ئاساس قىلىپ تەشۋىقات بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇنداق بولغىنىدا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىمچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىمۇ يوق دېيىش تەس ...

مۇخبىر: دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم. سەن ھوقۇقنى ئايرىپ تەقسىم قىلىشقا بولماسمۇ دېمەكچىسەن، شۇنداقمۇ؟ يەنى مەسىلەن لىۋاندىكىدەك، لىۋاندا ئىككى تەرەپ كۈچ بار ئىدى. كېيىن ئۇنىڭغا خرىستىئانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈچىنچى تەرەپ بولۇۋېلىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردە ئۈچ خىل كۈچ ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلارنىڭ پرېزىدېنتى بىر تەرەپتىن، باش مىنىستىر يەنە بىر تەرەپتىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن سايلىنىدىغان قىلىپ ھوقۇق پارچىلاپ تەقسىم قىلىنغان. بۇنى قانۇن بويىچە بېكىتىۋېتىشكەن. سەن شۇنداق بىر تۈزۈمنى بىر قەدەر مۇۋاپىق تۈزۈم دەپ قارىماقچىمۇسەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭ ئۇنداق دېيىش نىيىتىم يوق. ئەمما ئۇنىمۇ ئويلىنىش مۇمكىنمۇ قانداق دەيمەن. سېنىڭچە شۇنداق بولسا قانداق بولار؟

مۇخبىر: ئۇنداق بىر تۈزۈمدە دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق تەقسىم قىلىنغاندا خەلق ئۆز ئارزۇلىرىنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەي قالىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەسىلەن ئالايلى، ئۇ كۈنلەردە خىتايلارنىڭ بىر قىسمى قايتىپ كەتكەن، 3 مىليوندەكلا خىتاي قالغان، ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 10 مىليونغا يەتكەن دەيلى، ئۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئومۇمى سايلامدا ھەر دائىم ئۇيغۇرلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ تۇرغان بولىدۇ. بۇنداق بىر دېموكراتىك تۈزۈم يولغا قويۇلغىنىدا قالغان 3 مىليون خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولارمۇ؟

مۇخبىر: بىرىنچىسى مائارىپ جەھەتتە ھۆكۈمەت چوقۇم خىتايلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان بولۇشى شەرت. مەبلەغ مەسىلىسىدىمۇ قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى لازىم. مەسىلەن ئالايلى، ئۇلار ئۆز تىلىدا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنىڭ بولۇشى دېگەندەك. خىتايلار زىچراق ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە ئىككى خىل تىل-يېزىقتىن تەڭ پايدىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن شىنجاڭدىكى 15 ۋىلايەتنىڭ قايسىلىرىدا ئىككى خىل يېزىقتىن تەڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بۇلىشى، ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىمۇ ياردەمچى بولۇشلىرى، ئۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشى مۇمكىن. مۇھىم مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئادەم سانى ئاساسى ئامىل بولماسلىقى كېرەك. مالايشىيا، ھىندونېزىيە قاتارىدىكى ئەللەرگە قارىساڭ، ئۇ يەردىكى خىتايلار شۇنچە ئاز تۇرۇغلۇقمۇ ئىقتىسادنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ كېلەلىگەنلىكىنى كۆرىسەن. شۇڭا ئۇلار تىل-يېزىق، مىللىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ...

ۋاڭ لىشيوڭ: تىل-يېزىق بىلەن مىللىي مەدەنىيەت كاپالەتكە ئىگە قىلىنغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىشقا بولىدۇ؟ سىنىڭچە قانداق بىر تۈزۈم بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالىشى مۇمكىن؟ بايام سەن ئېيتقىنىڭدەك ھوقۇقنى مىللەت بويىچە تەقسىم قىلىۋالغاندا دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدىكەن.

مۇختەر: ئەڭ ياخشى چارە، خىتايلار نىسبەتەن زىچىراق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، مەسىلەن شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا خىتايلار بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، ھۆكۈمەتمۇ ئىككى خىل تىلنى تەڭ قوللىنىشى، ھەر قانداق بىر ھۆججەتنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھەرقانداق بىر خىزمەتنى چوقۇم ئىككى خىل تىلدا تەڭ ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇش كېرەك.

ۋاڭ لىشيوڭ: مۇھىم بولۇۋاتقىنى خىتايلار سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئورۇنلاردا زادى قانچىلىك ئورۇنغا ئېرىشەلىشى مەسىلىسىدۇر.

مۇختەر: پارلامېنتمۇ ۋىلايەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. مەسىلەن 15 ۋىلايەتتىكى ھەر بىر ۋىلايەتتە بار خىتايلار نىسبىتى بويىچە 2-3 تىن ۋەكىل سانى بەلگىلەپ بېرىلىشى مۇمكىن. خىتايلار كۆپ بولغان ۋىلايەتلەردىن سايلىنىدىغان ۋەكىللەرمۇ ئاساسەن خىتاي بولىدىغاندۇ؟ ھەر بىر ناھىيىدە خىتاي ۋەكىللىرىگە ئايرىلغان سان بۆلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، خىتاي كۆپ ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلتايلىرىمۇ چوقۇم خىتايلارنىڭ قولىدا بۆلىشى ئېنىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، يەنىلا بايا مەن دېگەندەك، ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر تەرىپىدە 10 مىليون ئادەم بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە 3 مىليون ئادەم بار دېگەن گەپ. شۇنداق بولغىنىدا پارلامېنت ئىچىدىمۇ بىر تەرەپتە 100 ۋەكىل ئولتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتە 30 ۋەكىل ئولتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى نىسبەت بەرىبىر ئۆزگەرمەيدىغۇ؟

مۇختەر: شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەردىن قازاق، تۇڭگان، قىرغىز قاتارلىقلار خىتايلار بىلەن بىرلىشەلىشى مۇمكىن. بەزى مىللىي مەسىلىلەردە، مەسىلەن ئەگەر ئۇيغۇرلار بەكلا سولچىللىق قىلىپ كەتكىنىدە ئۇلار بىرلىشىپ ئۇلارنى چەكلىيەلىشى مۇمكىنغۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇنىڭدىمۇ چەكلەشكە كۈچى يەتمەيدۇ. ھەر قانچە دېگەن بىلەن قازاقلار ئاران بىر مىليون نوپۇس، قالغان مىللەتلەر ئۇنىڭدىنمۇ ئاز تۇرسا. مېنىڭچە مۇنداق بولسۇن. بۇ مەسىلىنى بەكلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر بولغاچقا كېيىن ئايرىم مۇنازىرىلىشەيلى. يەنە بىر ئىش، بۇ ئارىدا بىڭتۈەننى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىلەر؟

مۇختەر: بىڭتۈەنلەرنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقى ھالى بويىچە ناھىيىگە ئۆزگەرتىۋېتىش كېرەك. ئەمما نوپۇسىنى چوقۇم ئازايتىش لازىم. ئۇلار بوز يەر ئاچىمىز دەپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بەكلا ئېغىر ۋەيران قىلىۋېتىشتى. بولۇپمۇ جەنوپتا بۇ خىل ۋەيرانچىلىق بەكلا ئېغىر. شۇڭا تەبىئىي مۇھىتنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئاچقان بەزى

يەرلەرنى ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇپ، قالايماقان ئاشلىق تېرىشقا يول قويماسلىق لازىم. شۇڭا، بېڭتۈەننىڭ بىر پولكىنى بىر ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بېڭتۈەننىڭ ھەر پولك ئىگىلىگەن يەر مەيدانى ناھىيە ئۈچۈن كىچىك كېلىپ قالماسمۇ؟

مۇختەر: كىچىك كېلىپ قالسا ئارىلىقى يېقىن بولغان مەيدانلارنى يىغىپ بىر ناھىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مەركىزى ھۆكۈمەت ھەممىلا ئىشنى بىۋاستە قولۇمدا تۇتىمەن دېيەلمەيدۇ. ھەر بىر ۋىلايەت ئۆز ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قانۇنغا زىت كەلتۈرمەسلىك شەرتى بىلەن ئۆز رايونىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بۆلىشى، ئۆزلىرى ئويلىغان ئىشلارنى قىلالايدىغان بۆلىشى كېرەك. ۋىلايەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ھوقۇقىنىمۇ مۇستەقىل قىلىش مۇمكىن. ھەر قايسى ۋىلايەتلەر مەركىزى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنى تاپشۇرغىنىدىن كېيىن قالغىنىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، خىتايلارمۇ ئۆز ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالىغان بولىدۇ. ئىقتىسادى ھوقۇقى، مائارىپ ھوقۇقى بولغىنىدىن كېيىن، ئۇلارنى بارلىق ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە بولدى دېيەلىشىمىز مۇمكىن بولماسمۇ؟

### ئۇيغۇرلار غايىسىدىكى دۆلەت

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ بىلىشىڭچە، دىنى زاتتىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسى بىلەن مىللەتچىلەرنىڭ غايىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زادى نېمە؟

مۇختەر: دىنى زاتلار ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. دېموكراتچىلار بولسا دېموكراتىك، قانۇن بويىچە دۆلەت باشقۇرىدىغان، ئاساس قانۇنغا تايىنىدىغان، دىننى دۆلەت تۈزۈمىدىن ئايرىپ تۇتىدىغان دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان ۋاقىت كەلگەندەك بولسا، قايسى تۈردىكى تۈزۈمنى تاللايدىغانلار كۆپ بولار؟

مۇختەر: ئاساسى قانۇن بويىچە دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلار كۆپ بۆلىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: نېمىگە ئاساسەن ئۇنداق دەيسەن؟

مۇختەر: چۈنكى شەخسى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر بىرەر چەكلىمە بۆلىشىنى خالىمايدۇ. دىنى زاتلار ئىچىدىمۇ يېرىمىدىن ئارتۇق كىشىلەر رادىكالچىلىق تەرەپتارى ئەمەس. ئۇلار دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ نېمىگە قاراپ يۈزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر. ئافغانىستاندا قۇرۇلغان ئۇنداق ئىسلام دۆلىتى دەۋر ئېقىمىغا ماس كەلمەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى دۇنيادىكى قايسى دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى ئۆز غايىسىگە بەكىرەك يېقىن دەپ قارىشىدۇ؟

مۇختەر: زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئالغاندا ئامېرىكىنىڭ تۈزۈمى، ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلىدىغان نىسبەتەن مۆتىدىل كىشىلەر تۈركىيىنى، دىنى قاراشلىرى رادىكاللىقىقا مايىل بولغان كىشىلەر ئافغانىستاننىڭ تالىبان تۈزۈمىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەئۇدى ئەرەبىستان تۈزۈمىنى خالايدىغانلار يوقمۇ؟

مۇختەر: بىزنىڭ ئادەملىرىمىز سەئۇدىنىڭ تۈزۈمىنى خالىمايدۇ. ئۇلار مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى، خانلىق تۈزۈمنى قوبۇل قىلىشمايدۇ. ئىسلام دىنىمۇ خانلىق تۈزۈمنى قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى مەھەممەت پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇش ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزباسارىنى تاللىمىغان. پەيغەمبىرىمىز كېسەل بولۇپ ياتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ساھابىلىرى كىمنى ئىزباسار قىلساق بولار دەپ سورىغىنىدا، ئۆز ئىچىڭلاردىن بىرسىنى تاللاپ چىڭساڭلار بولىدۇ دېگەن. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەر قېتىملىق خەلىپىنى خەلق ئۆزلىرى سايلىغان ئىكەن. شۇڭا ھېقىقى ئىسلام دىنى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلمايدۇ. تالىبان، بىن لادىنلارمۇ سەئۇدىنىڭ تۈزۈمىگە قارشى. بولمىسا بىن لادىننىڭ ئۆزىمۇ سەئۇدىلىق بىرسى بولغىنى بىلەن ئۇمۇ سەئۇدى پادىشاھىغا قارشى. شۇڭا ئۇمۇ دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى، دۆلەت رەھبەرلىرىنى سايلام بىلەن تاللاپ چىقىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ئۇنى قوغلاپ چىقارغان.

خەلق ۋەكىللىرىدىن سايلانغان پارلامېنت تۈزۈمى ئاستىدىكى دېموكراتىيە شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا پايدىسى بولارمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: بايا سەن دېگەندەك كەلگۈسىدە دېموكراتىك تۈزۈم يولغا قويۇلىدىغان ۋاقتىدا، سېنىڭچە بۈگۈن دۇنيادا يولغا قويۇلۇۋاتقان سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن قۇرۇلتاي تۈزۈمىدىكى دېموكراتىيە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالارمۇ؟

مۇختەر: بۇ سۇئالىڭمۇ ئورۇنلۇق بىر سوئال. نۇرغۇن كىشىلەر خىتايدا دېموكراتىيە تۈزۈمى ئورنىتىش ئىمكانىيىتى يوق، خىتايلار بىلەن ئۆزئارا كېلىشىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراشماقتا. ئەگەر دېموكراتىيە بولماي قالسا ئۇيغۇرلار زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چەتئەل كۈچلىرىنىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇپ، خەلقئارا كۈچلەرنىڭ قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ دېگەن خىتاي كومپارتىيىسى مەۋجۇت بولغان ئەھۋال ئاستىدىكى بىردىن بىر چارە.

ئەگەر خىتايدا بىرەر دېموكراتىك تۈزۈم تىكلەنگىنىدە ئوتتۇر يول بولامدۇ، سۆھبەت يولى بولامدۇ ھەرقانداق بىر يول بىلەن مەسىلە ھەل قىلىش شارائىتى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما خىتايدا سايلام ئارقىلىق بەرپا قىلىنىدىغان پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دېموكراتىيە ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، دېموكراتىيىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز دېيىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ ئادەتتىكى خىتاي پۇقرالىرى مىللەتچىلىكنىڭ كۈشكۈرتۈشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز دەپلا چىقىدىكەن دېموكراتىك تەشۋىقاتلار بىلەن سايلام ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشىنى، قورال كۈچى بىلەن تىنجىتىشنى تەلەپ قىلماسمۇ؟ رۇسىيە ھازىر دېموكراتىك بىر دۆلەت. ئۇلارمۇ سايلام ئارقىلىق ھۆكۈمەت قۇرغىنى بىلەن يەنىلا چېچەنىيىنى قورallıق باستۇرمىدىمۇ؟ ھېچقانداق بىر دۆلەت رەھبىرى چىقىپ چېچەنىيىنى مۇستەقىل بولۇشىغا ماقۇل دەيلى دېيەلمىدىغۇ؟ شۇڭا ...

مۇختەر: ئەمما ئۆكتىچىلەر چېچەنىيىگە مۇستەقىللىق بېرىلسۇن دېدىغۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ دېگەن ئۆكتىچىلەرنىڭ گېپى. ئەگەر سايلىنىدىغانلار ئۇنداق دەيدىغان بولسا ئۇلارنى ھېچكىم سايلىمايدۇ-دە! شۇڭا بۈگۈنكى دۇنيادا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇنداق دېموكراتىيە ئەندىزىسى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتچىلىرىنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان تۈزۈم بولالىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتساقمۇ ئەھۋال ئوخشاش. ئەگەر شىنجاڭدا بۇنداق بىر دېموكراتىيە ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، ھەر تۈرلۈك سىياسىي پارتىيىلەر سايلامغا ئەركىن قاتنىشالايدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى رادىكال پارتىيىلەرمۇ خەلقنى كۈشكۈرتۈپ: خىتايلار بىزنى شۇنچە يىلدىن بېرى بوزەك قىلىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق بىز يەنە نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشىمىز كېرەك؟ بىز چوقۇم مۇستەقىل بولۇشىمىز كېرەك! دەپ تۇرىۋالماسمۇ؟ بۇنداق كۈشكۈرتۈشتىن خەلق ئاممىسى بەكلا ئاسان قوزغىلىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار سايلامدا ئەنە شۇ كىشىلەرگە ئاۋاز بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ماڭىدىغان يولنىڭ تېخى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى چوڭقۇر ئويلاپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلار جان تومشۇققا كەلمىگۈچە ئاقىۋىتىنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى ئۇرۇش جەريانىدا قۇربان بولغىنىدىلا بۇلارغا ئەگىشىشنىڭ بەدىلى بەكلا ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلالىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش قىلىمىز دەيدىغانلارنى سايلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بولغان بولىدۇ. رادىكال كۈچلەرمۇ قانۇنلۇق سايلام يولى بىلەن تەختكە چىققانلار، خۇددى ھىتلېرغا ئوخشاش سايلامدا تەختكە چىققان ھېسابلىنىدۇ. ھىتلېرنىڭ قوللانغان ئۇسۇلىمۇ مىللەتچىلىكنى كۈشكۈرتۈش يولى ئەمەسمىدى؟ شۇڭا، بۈگۈنكىدەك سايلام ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پارلامېنت تۈزۈمى ئاستىدا مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قىيىنچىلىق تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

مۇختەر: ھەر قانچە دېگىنىڭ بىلەن ھازىرقىدىنغۇ ياخشىراق بولار؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ناتايىن. مەن تەيۋەنلىكلەرگە سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىشەنچىمىز بار، چوڭ قۇرۇغلۇقتىكىلەر بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ غەم قىلماي يۈرىسىلەر دېسەم، ئۇلار دېموكراتىيە ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىشتى. تەيۋەن دېموكراتىك بىر يەر. چوڭ قۇرۇقلۇق بولسا مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا. ئەگەر چوڭ قۇرۇقلۇق تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغىدەك بولسا، پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك ئەللەر بىردەك مۇستەبىت بىر دۆلەت دېموكراتىك بىر جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ دېيىشىپ تەيۋەننى قوغداشقا ئاتلىنىشى مۇمكىن دەپ قارىشىدىكەن. ئەمما چوڭ قۇرۇغلۇقمۇ دېموكراتىيىلىشىپ كەتكىنىدە، ھاكىمىيەتنىمۇ قانۇنى يوللار بىلەن سايلامدا بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. خۇددى خاماسنىڭ دېموكراتىك يوللار بىلەن قانۇنى شەكىلدە سايلامدا ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ئوخشاش. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگىنىدە قانداق قىلارسىلەر؟ ئۇ ۋاقىتتا غەرپلىكلەر سىلەرنى يەنە نىمىنى باھانە قىلىپ قوغدىيالىشى مۇمكىلىن؟ بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دېگىنىدەك، دېموكراتىيىلىشىڭلار دەيدۇ. خاماسمۇ دېموكراتىيە بىلەن سايلىنىپ چىققان بىر ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىۋېدى ئامېرىكا ئۇلارنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. نەتىجىدە ئامېرىكا بەكلا پاسسىپ بىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇنداقتا كەلگۈسىدە مىللىي توقۇنۇش بارلىققا كەلگىنىدە ھەر ئىككىلا تەرەپ دېموكراتىيىلىشىپ بولغىنى بىلەن، بىرسى مۇستەقىل بولىمىز دېسە، يەنە بىر تەرەپتىكىلەر باستۇرۇۋېتىش كېرەك دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغىنىدا ...

مۇختەر: بىر دېموكراتىك دۆلەتنىڭ، مەسىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىراققا ئەسكەر كىرگۈزۈشى ۋاقىتلىق ھادىسە. ئۇلار بەش-ئون يىل ئىچىدە چوقۇم ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. ئىراق ۋەزىيىتى ئوڭشالغىنىدىن كېيىن ئۇلار چىقىپ كەتمەي ئامالى يوق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر خىتاي دېموكراتىيىلىشىپ بولغىنىدا، ئۇنىڭ كۆتەرگىنى دېموكراتىك بايراق بولغاچقا، ۋەتەن بىرلىكى دېگەن شوئارنى داۋاملىق توۋلىيالمايدۇ-دە. چۈنكى شىنجاڭ خىتاينىڭ يېرى بولمىسا.

ۋاڭ لىشيوڭ: شىنجاڭ خىتاينىڭ ئەمەس دېگەننى سەنلا دەپ تۇرۇۋاتىسەن ...

مۇختەر: (ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالىدۇ) خىتايلار بىزنىڭ دېگىنى بىلەن خىتايدىن باشقا ھېچ قانداق بىر دۆلەت شىنجاڭنى خىتاينىڭ يېرى دېگەنگە ئۇنىمايدۇ-دە!

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق ئەمەستۇ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا بىرمۇ دۆلەت شىنجاڭنى ...

مۇختەر: چۈنكى خىتاي بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت بار بولغاچقا ھېچكىم ئۇنداق دېيەلمەيۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تارىخچىلىرى يازغان بىر قىسىم كىتابلىرىدا، ئۇ كىتابلاردىن شىنجاڭ دەپ ئاتالغان بىرمۇ سۆزنى تاپالمايسەن. ئۇلار 80- ۋە 90-يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىۋاتقان تارىخ كىتابلىرىدا شىنجاڭ دەپ بىرمۇ يەردە تىلغا ئالمىغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭچە سەن بەكلا ئۈمىدۋار قاراشتا ئىكەنسەن.

مۇختەر: ياق ئۇنداق ئەمەس! سەن شۇ چەتئەللىكلەر يازغان ...

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭنى راسمۇ دەيلى، ئەمما ھەر قانچە دېگىنىڭ بىلەن تارىخ بىلەن سىياسەت باشقا-باشقا ئىشلاردە. ھازىرقى ھۆكۈمەت ئۈستىدىكىلەر تارىخچىلىرىنىڭ دېگىنىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىغانسەن ...

مۇختەر: مەن تۈركىيىدىكى ۋاقتىمدا ياۋروپا بىرلىكىنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇلار 1997-يىلقى غۇلجا ۋەقەسىگە پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكىنىدە بىرەرسىمۇ شىنجاڭ دەپ تىلغا ئالمىغان. ئۇلار: خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستان تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ غۇلجا ۋەقەسىنى ھەل قىلىشى، قايتا زوراۋانلىق ۋەقە چىقىشىدىن ساقلىنىشى لازىم دەپ ئېنىق يازغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. مانا بۇ ئۇلارنىڭ سىياسەتچىلىرىنىڭمۇ شەرقى تۈركىستاننىڭ شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ يېرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى بولماي نېمە؟ ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ماقالىسىدىمۇ: شەرقى تۈركىستان كۈچلىرى بىلەن خىتاي تەرەپ غۇلجا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تىنچلىق يولى بىلەن ئىش قىلىشنى، قان تۆكۈلۈش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە تىرىششىنى ئۈمىد قىلىمىز دەپ يازغان. بۈگۈنكى كۈندە شەرقى تۈركىستان خەلقارادا تېخى مەخسۇس بىر كۈچ بولۇپ تونۇلمىدى. شىنجاڭ مەسىلىسىمۇ تېخى خەلقاراغا ئاشكارىلانمىغان ھالەتتە تۇرماقتا. ئەگەر بۇ مەسىلە خەلقارادا رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، يەنى خۇددى تىبەت مەسىلىسىدەك خالقارالىشىپ ئوتتۇرىغا چىققىنىدا، خىتايلار دېموكراتىيە ئۇسۇلى بويىچە تىبەتكە قوراللىق ھۇجۇم قىلغىنىدا خەلقئارا قاراپ تۇرارمۇ؟ تىبەت مەسىلىسىدە قايسى دۆلەرلەر تىبەتنى خىتاينىڭ بىر پارچىسى دەپ سۆزلەيدىكەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى ھۆكۈمەتلەر ئېتىراپ قىلىشىدىغۇ؟

مۇختەر: كۆرۈنۈشتە شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۇلار يەنىلا دالاينى قوللاپ كېلىۋاتامدۇ؟ ئۇلار دالاي لامانى نېمە ئۈچۈن قوللايدۇ؟ ئۇلار نىمىنى ئاساس قىلىپ ئۇنى قوللاۋاتىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئىچىدە تىبەتنىڭ مۇستەقىل بۆلىشىنى خالايدۇ. پەقەت كۆرۈنۈشتىلا تىبەتنى خىتاينىڭ بىر پارچىسى دەپ قويغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداقتا، دېموكراتىيىلىشىپ بولغان ۋاقتىدىكى خىتاينىمۇ شۇنداق قارىمايدۇ دەپ ئېيتالامسەن؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇ ۋاقتقا بارغاندىمۇ سەن دېگەندەك ئەمەلىيەت بويىچە ئىپادە بىلدۈرمىسۇن؟ خىتاي شۇ چاغدىمۇ بەرىبىر دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەردىن بىرى ھالىتىنى ساقلاپ قالالماسمۇ؟ ئۇلار نېمىشقا خىتاي بىلەن زىتلىشىدىغان يولنى تاللىۋېلىشىدۇ؟ بۇمۇ بىر مەسىلە. ئۇ دۆلەتلەر بۈگۈن خىتاينىڭ بىر مۇستەبىت دۆلەت بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن قورقۇپ كۆرۈنۈشتە ماقۇل دەپ قويۇۋاتقىنى يوقتە. خىتاي دېموكراتىيەلىشىش يولىغا كىرگىنىدە نېمىشقا ئۇنى يەنە پارچىلايمىز دېيىشكىدەك؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ناتايىن.

مۇختەر: مېنىڭچە ئۇلار چوقۇم كۆرۈنۈشتە شۇنداق دەپ يۈرۈۋاتىدۇ (كۈلۈپ قويدى).

## ئەڭ كۆپ زىيانغا ئۇچرايدىغانلار يەنىلا شىنجاڭ يەرلىكلىرى

مۇختەر: مەن ساڭا ئۇچىغىنى دېسەم، خىتاي مەيلى دېموكراتىيىلەشكەن بولسۇن ياكى مۇستەبىتلىكىدە قالىۋەرگەن بولسۇن، ئىش قىلىپ ھەر قانداق بىر قوشنا دۆلەت، ياكى غەربتىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت كۈچىيىپ كەتكەن بىر خىتاينىڭ بۆلۈنۈشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت.

ۋاڭ لىشيوڭ: خىتاي دېموكراتىيىلەشكەن بولسىمۇ شۇنداق قارايدىغانمىدۇ؟

مۇختەر: شۇنداق قارايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلار خىتاينى ئىمكان بار كىچىكلىتىشكە تىرىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۇ دېگىنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۈمىدمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق! مەسىلەن چېچەنىيە مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، رۇسىيە دېموكراتلاشقىنى بىلەن چېچەنىيە مەسىلىسىدە غەرب ئەللىرى رۇسىيىگە بېسىم قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. گەرچە غەرپلىكلەر چېچەنىيە مەسىلىسىگە بىۋاستە قول تىقمىغانداك قىلغىنى بىلەن، ئۇلار قول تىقىشنى خالىسىمۇ ئۇنداق بىر شارائىتقا ئىگە ئەمەس. چېچەنىيە تۇپراقلىرى رۇسىيىنىڭ ئىچىدە قالغان بىر يەر. ئۇكرائىناغا ئوخشاش ئەللەر رۇسىيە بىلەن بىر قەدەر سىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەمما تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە، مالىيە تەرەپتىن ئۇلار چېچەنىيىگە ياردەم قىلىپ كەلمەكتە. ئەمما سەن دېگەندەك رۇسىيە دېموكراتىيىلىشىۋاتقان بىر دۆلەت ئەمەسمىدى؟ رۇسىيە چېچەنىيىنى يوقىتىمىز دېگىنىدە بۇ ئىشقا غەرپلىكلەر نېمىشقا ئارىلىشىدۇ؟ بولدىلا، بىز شۇ رۇسىيىنىڭ چىشىغا تېگىپ نېمە قىلاتتۇق، چېچەنىيە مەسىلىسىمۇ بىزگە بىرەر پايدىسى بولمىسا، رۇسىيە بىلەن زىتلىشىپ نېمە پايدىغا ئېرىشەلەيتتۇق، بولدى، چېچەنىيە بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، دەپ تاشلاپ قويۇشتىمۇ-يە؟ ياق، ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. ئۇلار ھەر تۈرلۈك ئاماللار بىلەن رۇسىيىنى داۋاملىق پارچىلاشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. ھازىرچە رۇسىيە بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەردە ياخشى مۇناسىۋەت باغلاپ كېلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ھەممىسىلا رۇسىيىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئۇلار رۇسىيىنىڭ قولىدا يەنىلا نۇرغۇنلىغان مۇستەملىكىلەر قالدى دەپ قارىشىدۇ. مېنىڭچە بولغاندىمۇ رۇسىيە چوقۇم يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ كەتتى. مېنىڭچە رۇسىيىمۇ چوقۇم پارچىلىنىدۇ. رۇسىيىنىڭ قولىدا يەنە نۇرغۇن جۇمھۇرىيەتلەر بار. ئۇلارمۇ تەدرىجىي پارچىلىنىدۇ. ئەمما بۇگۇن ئەمەس كېيىن چوقۇم پارچىلىنىپ كېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، دۇنيا خىتاينىڭمۇ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بۇ جەرياندا ئەڭ كۆپ زىيانغا ئۇچرايدىغىنى يەنىلا بىز شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلق بۆلىشىمىز مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

مۇختەر: مەيلى دۇنيا بىزنى قوللىسۇن، بىزگە ياردەم قىلسۇن، بىزگە ھېسسىداشلىق قىلسۇن، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدىغانلار يەنىلا بىز شىنجاڭ يەرلىكلىرى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قان تۆكۈلۈش بولۇپ قالسا ئۆلىدىغانلار يەنىلا شىنجاڭدىكى يەرلىكلەر. بۇ بىر ئەمەلىيەت. شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلق باشقا چارىلاردىن پايدىلىنىپ مەسىلە ھەل قىلىشنى خالىمايدىكەن دەپ ئويلاپ قالما. ھەر قانچە قىلساڭمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. بىز خىتايدا دېموكراتىيە ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەل قىلىنىدىغانلىقىدىن ئۈمىدىمىز يوق. خىتايلار بىزگە يۈكسەك ئاپتونومىيە بېرىشكە ھەرگىز رازى بولمايدۇ. مۇستەقىللىق بېرىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان بىر ئىش. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۈگۈن يۈرگۈزۈۋاتقان تەشۋىقاتىدىن قارىغاندا خىتايلار بىرەر-ئىككى يىل ئىچىدىلا كاللىسىنى ئۆزگەرتىپ دېموكراتلىشىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. خىتايلاردىكى دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش دەيدىغان بۇ قارىشىنى خىتايلارنىڭ مېڭىسىدىن 50 يىلدىمۇ تازىلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشنى يولغا قويغاندىمۇ بەرىبىر 80-90 پىرسەنت خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىنى سايلىشى مۇمكىن. شۇ چاغدىمۇ خىتايلار يەنىلا شىنجاڭنى تارتىۋالايلى دېيىشى، خىتايلار ئومۇمخەلق سايلىمى ئارقىلىق خىتايلار، دۇنيادىكى خىتايلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشەيلى! بۈيۈك خىتاي قۇرۇپ چىقايلى، پۈتۈن دۇنيا خىتايلىرى بىرلىشەيلى! دەپ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن!

ۋاڭ لىشيوڭ: (كۈلۈپ كەتتى) بۈيۈك جوڭخۇا دۇنياسىنى دېمەكچىمۇسەن؟

مۇختەر: بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ خەتەرلىك بولۇۋاتقىنىمۇ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۈيۈك خىتايچىلىقنى تەشۋىق قىلىشىدۇر. بۇنداق ئىدىيە بەكلا خەۋپلىك! بۈگۈن خىتايلار قانداق قىلغاندا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقات نەتىجىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى، خىتاي پۇقرالىرىغا بۇنداق بۈيۈك خىتايچىلىق ئىدىيىسىنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىش ئىشى خەلقارادا پائالىيەت قىلىشىڭلاردىنمۇ مۇھىم بولۇۋاتقان، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشۇڭلاردىنمۇ مۇھىم بولۇۋاتقان بىر ۋەزىپەڭلار بولۇشى كېرەك.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگىنىڭنى خەلققە كىم چۈشەندۈرەلەيدۇ؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە مەن، سەن، ۋە باشقىلار چۈشەندۈرۈشى كېرەك. خىتاينىڭ ئىچى-سىرتىدىكى بارلىق كىشىلەر بۇنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك. خىتايلار، ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ مۇشۇ ئىشنى ئاۋۋال ھەل قىلىشى لازىم. بولۇپمۇ بۇ ئىشقا خىتاي مۇھاجىرلىرىمۇ تەڭ قوشۇلۇپ پائالىيەت قىلىشى كېرەك! ۋەتەن ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بۇ تۈر ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلغان ھالدا تەشۋىق قىلىپ يوقىتىش لازىم.

## ئوتتۇر يول تاللاش شىنجاڭلىقلارغا ئۆۋال قىلىۋەتمەسلىك يولى

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭچە سەن شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەققىدە توختالغىنىڭدا ئاساسەن پايدىلىق تەرەپلەردىكى پەرەزلەر ئاساسىدىلا پىكىر يۈرگۈزۈپ كەلدىڭ. ئەمما بۇ ئىشنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ ئويلىنىش كېرەك. ھەممىلا ئىشنى ئۇنداق ئۈمىدۋارلىق نوقتىسىدىنلا قاراشقا بولمايدۇ-دە! مەسىلەن ئالايلى، بىر قىسىم خىتايلار چېكىنىپ كەتكىنىدىمۇ قالغان خىتاي سانىمۇ ئۇنچە ئاز ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى نۇرغۇنلىغان خىتايلار يۇرتىدا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىغان، يا ئۆيى يوق، يېرىمۇ يوق، قىسقىسى ياشىغىدەك ھېچقانداق شارائىتى يوق ھالغا كېلىپ بولغان. ئۇرۇغ-تۇققانلىرىمۇ قالمىغان بولۇپ پۈتۈن ھاياتى بۇ يەرگىلا باغلىنىپ قالغان.

مۇختەر: گەرچە شىنجاڭدىكى ئاساسى مەسىلە مىللىي مەسىلە دەپ قارالغىنى بىلەن، بىزمۇ خىتايلارنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى تەرغىب قىلمايمىز. مۇستەقىل بولىمىز دېيىش بىلەنلا پۈتۈن خىتاينى قوغلاپ چىقىرىشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەرنىڭ بۇ يەردە ياشاش ھەققى بارلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. نىملا دېسەك دەيلى، مەيلى ئاڭ پىكىر جەھەتتە بولسۇن ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ياشاشنى تەلەپ قىلىشىمۇ ئىنتايىن ئەقەللىي تەلەپ ھېسابلىنىشى كېرەك.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەلۋەتتە شۇنداق بولغىنى ياخشى. شۇنداقتىمۇ مۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقماسمۇ؟ خىتاي خەلقى بەكلا كۆپ ئالدىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار بەكلا كۆپ نەرسىلەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار، ئۇيغۇرلار بىزگە چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىشىدىكى مەقسىتى بىزنى قارشىلىق كۆرسەتمىسۇن دەپ ئالداۋاتقىنى بولماسمۇ، بىزنى قورال تاشلاپ مۇستەقىل بىر دۆلەتتە ياشاشقا ماقۇل دەڭلار دېگىنى بىلەن، ئۇلار مۇستەقىل بولىۋالغىنىدىن كېيىن بىزنى قانداق ئاقىۋەتلەر كۈتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەيلى، دېيىشى مۇمكىن.

مۇختەر: مەن ساڭا ئۇچۇق قىلىپ ئېيتاي، بۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان خىتايلار يېڭى كېلىۋاتقان خىتايلارنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارمۇ ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ماڭلۇرلار ئۇلارنى ئىشسىز قالدۇرۇۋاتقان مۇھىم ئامىل دەپ تونۇيدۇ. ئۇلارمۇ كۆچمەنلەر سىياسىتىنىڭ زىيانلىرىنى تولۇق ھېس قىلماقتا. بىزدىكى چەتئەلگە چىقىۋالغانلارنىڭ ياخشى تەشۋىق قىلماي كېلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بىرىمۇ مۇشۇ تۈر ئىشلار بولۇپ، بىز قايسى تۈر خىتايلارنى قوبۇل قىلالايمىز، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى قانداق بولىشى كېرەك دېگەنلەرنى ھازىردىن تارتىپلا تا شىنجاڭغىچە كەڭ تەشۋىق قىلىپ ئېنىق بېكىتىپ ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك بولغان ئىشلار ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن ئۇلارنى بۇ ھەقتە تولۇق تەشۋىق قىلمىدى دەپ قارامسەن؟

مۇختەر: بۇ جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئىش قىلىپ باقمىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ ئويۇڭنى قوللايمەن. ئەمما بۇ دېگىنىڭنى شىنجاڭدىكى خىتايلار قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىغا يەنىلا بىر نېمە دەپ كېتەلمەيمەن. شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا بىر مۇنچە ھادىسىلەرنى تىزگىنلەپ كەتكىلىمۇ بولمايدىغانلىقى ئېنىق. سەن خىتايلارغا چېقىلىشقا رۇخسەت يوق دەپ بۇيرۇق چۈشەرسەڭمۇ خەلق گېپىڭنى ئاڭلىمىسا قانداق قىلالايسەن، ئۇلار بەربىر قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مۇختەر: ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا. قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار شۇنداق بىرەر ھەرىكەت قىلدىمۇ بولدى، كېيىن ئۇيغۇرلارغا ئۇۋال قىلىدىغان ئىشلارنى بۇ تەرەپتىكىلەرمۇ باشلايدۇ. سەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۇرساڭ، ئۆلتەرسەڭ بىزمۇ قارشىلىق كۆرسىتىمىز. بۇنىڭغا سىلەر يەنە ئۈچ ئېلىش بىلەن جاۋاب بەرسەڭلار، بوسنىيەدىكى توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق كېڭىيىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟

مۇختەر: راست شۇنداق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىن قوشنىلار ئىكەندۇق. كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ ئۆسكەن كىشىلەر ئىكەندۇق. كېيىن بىر-بىرسىگە دۈشمەن بولۇپ كېتىشكەن.

مۇختەر: بۇ تۈر ۋەقەلەرگە سەۋەب بولۇۋاتقان، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاۋاتقان بىر مەنبە بار. شۇڭا بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشنىڭمۇ بىرلا ئامالى بار.

## خىتاي قوراللىق كۈچلىرى چېكىنىپ كەتسە ئۇنداق ئىش بولمايدۇ

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە بۇنداق زىنجىرسىمان زوراۋانلىقلاردىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى قانداق؟

مۇختەر: زوراۋانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكىرىنى تىزگىنلىيەلىشىگە باغلىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېمەكچى بولغىنىڭ مىركىزى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشىگە باغلىق دېمەكچىمۇسەن؟

مۇختەر: شۇنداق، ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتسە توپىلاڭ چىقمايدۇ! ئەگەر ئۇلار ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتمىگەندىمۇ ئۇلارنى تىزگىنلەپ چىڭ تۇتىشى، مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشى، يۈكسەك ئاپتونومىيە بولامدۇ، مۇستەقىللىق بولامدۇ، قانداقلا قىلسا قىلسۇن، بىرەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەنمۇ ئالاقىنى ساقلىشى لازىم.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمدى دېگىنىڭ قاملاشمىدى، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تېزگىنلىيەلەيدىغانلا بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ مۇستەقىل بۆلىنىشكىلارغا يول قويمايدۇ.

مۇختەر: باشقا ھەر قانداق بىر دۆلەتتە قالايماقانچىلىق پەيدا بولغىنىدا ئەسكەرلىرى يەنىلا ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتمەيدىكەن. مەسىلەن بوسنىيە شۇنچە قالايماقانلىشىپ كەتكىنىگە قارىماستىن ئۇلار ئارمىيىسىنى يەنىلا تېزگىنىدە تۇتۇپ تۇرالىغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەركىزى ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرالىسىلا سىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىڭلارغا ماقۇل دەرمۇ؟

مۇختەر: ھازىرقى ۋەزىيەت بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر پۈتۈن خەلقنىڭ قارشى چىقىش ۋەزىيىتى ئوتتۇرىغا چىققىنىدا مەركىزى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئىشقا ئارىلاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ تۇرماي، پۈتۈن بىر دۆلەت خەلقىنى باستۇرۇشتەلمەيدىغاندۇ ھەر ھالدا؟ مەسىلەن ئالايلى ئىچكىرىدىكى خىتايلار ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇپ دېموكراتىيە تەلەپ قىلغىنىدا ھەرقانچە رەھىمسىز ھۆكۈمەت بولغىنىدىمۇ ئايروپىلان-تانكىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بارلىق خىتايلارنى قىرىپ تۈگىتىۋىتەلمەس؟ بەلكىم بىرەر-ئىككى كۈنلۈك باستۇرۇش بىلەن شوغۇللانىلىشى مۇمكىندۇ. ئەمما قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كەتسە ھۆكۈمەت ئۇلارنى يەنە باستۇرۇشقا ئۇرىنالارمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ھەممىسىنى بىراقلا قىرىپ تۈگىتىۋېتىشى شەرتمىدى؟ بىر قىسىم ئادەملەرگە قارىتىپ ئوق چىقارساقلا پۈتۈن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى دەرھال يىمىرىلىپ تارقىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. 4-ئىيۇن ۋەقەسىدە شۇنداق بولمىغانمىدى؟

مۇختەر: تەنئەنمەندىكى 4-ئىيۇن ۋەقەسىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ قېتىم ئىشچىلار، دېھقانلار، خىزمەتچىلەر قاتناشمىغان. ھەر قايسى سەپتىكىلەر نورمال ئىشىنى قىلىپ يۈرۈۋەرگەن، دېھقانلارمۇ ئېتىزلىق ئىشىدىن بىرى كەلمىگەن.

## بوسنىيەدىكىدەك ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ كۆرۈلۈشى

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن بۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىگىنىڭ بولدىمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا مەن بەكلا ئەنسىرەيمەن، ئەگەر زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر توختىماي كېڭىيىپ داۋاملىشىپ بارغىنىدا، ۋەقەلىك كۆچمەنلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ خىتايلارغا چېتىلىشقا باشلىغىنىدا بىر-بىرسىنى قىرغىن قىلىشلارمۇ كۆپىيىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن. قىرغىنچىلىق بەلگىلىك بىر دەرىجىگە كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ياكى تەشكىللەنگەن خىتايلار بۇنداق پارچە-پۇرات باستۇرۇپ بۇ خەقنى تىنجىتىشقا بولمايدىكەن، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ھەممىلا يەرنى

قاپلاپ كېتىۋاتىدۇ، خىتايلارغا زەربە بېرىش ۋەقەلىرىمۇ ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى، بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى قانداق تىزگىنلىگىلى بولار؟ دەپ ئويلاپ ئىرقى قىرغىنچىلىقنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن بوسنىيە ئۇرۇشىدا دەسلەپتە ھېچكىممۇ كېيىن بۇنداق بىر ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەن ئىكەن. ئەمما ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىپ ئوخشىمىغان مىللەتلەر بىر يەردە تۇرالمىغىدەك ۋەزىيەت شەكىللىنىشى بىلەن تەڭ، ئوتتۇرلۇقتا بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى سادىر بولۇشقا باشلىغان، شۇنداق قىلىپ، بۇ مىللەتنى پۈتۈنلەي قوغلىۋېتىپ بۇ يەرلەرگە يالغۇز بىزلا ئىگە بولىشىمىز كېرەك ئىكەن، شۇ چاغدىلا خاتىرجەم ياشىيالىشىمىز مۇمكىن ئىكەن دەپ قاراش شەكىللەنگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردىن قوغلىسا كەتكىلى ئۇنىمىساڭ سېنى ئۆلتۈرىدىغان گەپ ئىكەن. ئولتۇرۇپ قورقۇتۇپ قاچۇرىمىز دەيدىغان بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئىرقى قىرغىنچىلىق ۋەزىيىتى شەكىللىنىدىكەن. شۇنداققۇ دېمەن؟ ئۇ ھالدا، بۇنداق زوراۋانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئىككى تەرەپلىك زوراۋانلىققا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەردىن يوقال، كەتمىسەڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتى بىلەن سېنى قورقۇتۇپ قوغلايمىز دېيىشى مۇمكىن-دە! ئىشنىڭ بېشىدا راستىنلا قورقۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما داۋاملىق قورقىتالماي قالسا، ئۆلتۈرۈپ قورقۇتۇشقا باشلايدۇ. ئاقىۋەتتە ئۇيغۇرلار كۈچلۈك بولغان يەرلەردىن خىتايلار خىتاي كۈچلۈك يەرلەرگە قېچىپ كېتىدىغان، ئاندىن قايتىپ بېرىپ ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈشكە باشلاپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇنداق بولغىنىدا بوسنىيىدىكىدەك ئەھۋال بۇ يەردە تەكرارلانغان بولماسمۇ؟ مەن زورلۇق ھەرىكەتلىرى چوقۇم شۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن دەپ قورقىمەن.

مۇختەر: ماڭا قارا، ئەگەر ۋەزىيەت مۇشۇ پىتى داۋاملىشىۋېرىدىغانلا بولىدىكەن، بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەنمۇ شۇنداق ئويلامسەن؟

مۇختەر: ئۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىمالى بەكلا كۈچلۈك. بىز يېقىنلىرىمىز بىلەن ئۆزئارا پاراڭلىرىمىزدا كەلگۈسىدە چوقۇم شۇنداق بىر ۋەزىيەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتۇق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر ئەھۋال شۇ دەرىجىگىچە تەرەققىي قىلىپ كېتىپ قالسا، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئەسەبىلىشىپ تەشكىلچانلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، داھىلىرىنىڭ گېپىنىمۇ تىڭشىماس بولۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان يەرلەر ئۆز بېشىغا ئۇرۇش قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ بولماي قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ ۋەھشىلىشىپ زىديەتنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر ھەر ئىككىلا تەرەپتە بىر ئېغىز گەپ قىلسىلا ئۇنى جان پىدالىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان بىرەر ئىناۋەتلىك داھىيسى بولسىغۇ ياخشى، ئۇ چاغدا داھى ئۇرۇشايلى دېگەن ھامات ھەممە بىرلىشىپ جەڭگە ئاتلىنىدىغان، توختاڭلار دېسىلا ھەممە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ توختاپ قالىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن بولاتتى. ئەمما بۇنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش. چۈنكى ئۇيغۇرلاردا رەھبەرلىك كۈچى مەسىلىسىدە ھېچ بولمىغاندا

بۇگۈنگىچە بۇنداق بىر يادرو تېخى ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. گەرچە چەتئەللەردە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتەندىكىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۇنچە بەك زىچ بولۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگۈچە شۇنداق بىر يادرو شەكىللىنىشى مۇمكىنمىدۇ؟ مەن ھازىرچە ئۇنداق بىرسىنىڭ شەپىسىنى كۆرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. سېنىڭچە شۇنداق بىرەرسى بارمىدۇ؟

مۇختەر: شىنجاڭدىكى دىنى زاتلار ئارىسىدا ئۇنداق بىرسى يوق. ئەمما شىنجاڭدىكى كوپ ساندىكى زىيالىيلار چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىگىمۇ بوي سۇنۇشى مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئادەتتىكى پۇخرالارچۇ؟

مۇختەر: ئۇلار دېگەن زىيالىيلار قاياققا باشلىسا شۇ ياققا قاراپ ماڭىدىغان كىشىلەر. بۇ ھەر دائىم شۇنداق بولۇپ كەلدى. دەسلىپىدە ئىشنى باشلايدىغانلار دېھقانلار ياكى پۇخرالاردىن چىقىشى مۇمكىن، ئەمما بەلگىلىك دائىرىدە كېڭەيگىنىدىن كېيىن ئۇلارمۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن زىيالىيلارنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. بۇ ئىشلار ھەرقانداق بىر ئەلدە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئۇيغۇرلار ئاز تۇرۇپ كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالارمۇ؟

مۇختەر: بايا سەن بىزنى بۇنچە قۇدرەتلىك بىر دۆلەت مېخانىزمىغا تەڭ كىلەلمەيسىلەر دېدىڭ. ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتا خىتاي كومپارتىيىسىمۇ ئارانلا نەچچە ئون مىڭ كىشى تۇرۇقلۇق نەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيىسى بولغان گومىنداڭ قوشۇنى ئۇلارنى تىنىم تاپماي قوغلاپ يۈرگەن بولۇشىغا قارىماي، كومپارتىيىچىلەر ئالاھىدە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تا يەنئەنگىچە قېچىپ بارالىدى. دەل شۇ چاغدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ تەلىيى كېلىشكە باشلىمىدىمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ھە شۇنداق، كومپارتىيىنىڭ تەلىيى بار ئىكەندۇق! نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن، ئۇلار ئۇ چاغدا ئۈمىد بىلەن قاچمىدى، رەسمىي قورقۇپ قېچىشقانىدى. (كۈلۈپ كەتتى)

مۇختەر: ئەمما ئۇلار تەسلىم بولمىدى-دە! بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار غايىسىدىن زادىلا ۋاز كەچمىگەن ئىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى بىلەن تەڭ ئۇلارمۇ بىرلىشىپ ياپونغا قارشى تۇرايلى دەپ ئوتتۇرىغا چىقىشتى. بولمىسا ئۇلار بىرلىشەيلى دېگۈدەك نېمىسى بار دەيسەن. نەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيە ئالدىدا ئۇلارنىڭ 3-4 تۈمەن ئادىمى نېمىگە ئەسقاتماقچى؟ ئەمما ئۇلار قىلىمەن دېگىنىنى قىلالىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بۈگۈن بىزمۇ ئازدەك قىلغىنىمىز بىلەن، ئۇ تەرەپتە تېبەتلەر، موڭغۇللار، نىڭشادا تۇڭگانلارمۇ بارغۇ؟ بۇ تۇردىكى

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قاراشلىرىمۇ مۇھىم. خىتاي كومپارتىيىسى خىتاي مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى تەشۋىق قىلىشىپ، بىزنىڭ بۈيۈك خىتاي يۇرتىمىز، سېرىق تەنلىك بىز، سېرىق پادىشاھ ئەۋلادىمىز دېيىشمەكتە. ئەمما موڭغۇللار ئۇ سېرىقلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەستە، تىبەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەس. بىز ئۇيغۇرلار تېخىمۇ ئەمەسمىز. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتى بەكلا خەتەرلىك. بۇنداق داۋاملاشتۇرىۋەرگىنىدە كۆپ ساندىكى خىتاي پۇقرالىرى رادىكال خىتايچىلاردىن بولۇپ كېتىدۇ. خىتاي كومپارتىيىسى خىتايلارنى ئەنە شۇنداق بىر خەتەرگە باشلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇڭا دەيمەنغۇ، سىلەرنىڭ بۈگۈن دۈچ كېلىۋاتقىنىڭلارنى كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭكىدەك سان پەرقى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدىكى كومپارتىيىمۇ خىتاي ئىدى. ئۇلاردا 3-4 تۈمەن ئادەم باردەك قىلغىنى بىلەن ئۇلار گومىنداڭ تەرەپتىكى خىتايلارنىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما سىلەر ھازىرچە نىسبەتتىڭلار ئەينى ۋاقىتىدىكى كومپارتىيە-گومىنداڭ نىسبىتىگە ئوخشىغاندەك قىلغىنىڭلار بىلەن، بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليون خىتاينى ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭلار تەرەپكە تارتالمايسىلەر-دە. شۇڭا سىلەردىكى بۇ نىسبەت ئاساسەن ئۆز پېتى تۈرۈۋېرىدىغان بىر نىسبەت.

مۇختەر: ساڭا مۇنداق بىر مىسال قىلاي، ئەگەر سەن بىر جىنايەتچى بولساڭ، ئەگەر سېنى ساقچىلار تۇتۇۋالسا ئېتىۋېتىدىغانلىقى ئېنىق بولغىنىدا قانداق قىلاتتىڭ؟ جېنىڭنىڭ بارىچە قاچقان بولاتتىڭ. ئۇلار ھەرگىزمۇ يېتىشەلمەيدىغان تېزلىكتە قاچار ئىدىڭ. ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى قوغداش ئېھتىمالىڭ ئىنتايىن ئېنىق ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە سەن بىر ساقچىغىمۇ تەڭ كېلەلمىگىدەك ئاجىز بىرسى بولغان بولساڭمۇ، ئۇنداق ۋاقىتتا نەچچە ساقچىمۇ ساڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. شىنجاڭدىكى خىتايلارغا كەلسەك، ئۇنداق كۈن كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ قاچالىغىدەكلا بولغىنى يۇرتىغا قاراپ قاچىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار نەگە قاچىدۇ؟ ئۇلار يا ئېلىشىشى كېرەك يا ئۆلۈشى. ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان باشقا يولى يوق. ئۇلار سىلەردەك قېچىپ كېتىدىغانغا باشقا بىر يۇرتى يوق. ئۇيغۇرلار بۇ تۇپراقلاردا يا ياشىشى كېرەك، يا بولمىسا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشى كېرەك. بۇنداق بىر روھى ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىرسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ھېچقانداق بىر كۈچ بىلەن سېلىشتۇرالمايسەن!

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇ دېگىنىڭ راست. ئەمما قېچىپ كېتىۋاتقان بىرسى قوغلاپ كەلگەن ساقچىلاردىن يا ئىككىسىنى ياكى ئۈچىسىنىلا ئۇرۇپ يىقىتالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى بەك بولۇپ كەتسە ئاران شۇنچىلىك. ئۇيغۇرلار ئون مىليون بولغاچقا ھەر قانچە بولسا 20 مىليونغا تەڭ كېلەلىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەر ئۇيغۇر 10 خىتايغا تېتىيالىدى دېگەندىمۇ ئارانلا ئىككى يۈز مىليون خىتايغا تېتىيالايسىلەر.

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خىتايدىكى ھەممە خىتاي شىنجاڭغا كېلىپ بىز بىلەن ئۇرۇشمايدىغاندۇ؟ (ئىككىسىلا كۈلۈپ كېتىشتى)

ۋاڭ لىشيوڭ: راست ئۇلار ھەممىسى شىنجاڭغا كېلىپ سىلەر بىلەن ئۇرۇشمايدۇ. ئەمما بۇ يەردىكىلەرنىڭ كەينىدە زور بىر ئارقا سەپ بولۇپ تىرەك بولۇپ بېرىدۇدە، ئۇلار نىمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى يەتكۈزۈپ تۇرمامدۇ؟

مۇختەر: ماڭا قارا، خىتاي سىياسىي، ئىقتىسادى جەھەتتە بىرلا ۋەيران بولدىمۇ بولدى، ئۇلار تالادىكى ھېچ بىر ئىشقا يېتىشىپ بولالمايدۇ. ئەھۋال تارىختىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىق باشلاندىمۇ، دەرھال ئىچكى ئۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. خىتاي تارىخى ئەنە شۇنداق ئىچكى ئۇرۇش بىلەن تولغان بىر تارىخ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما سەن ئۇنىڭ مۇنداقمۇ تەرىپىنى كۆرۈشۈڭ كېرەكتە: ئۇلار ئىچكى ئۇرۇشنى تۈگەتكىنىدىن كېيىن يەنە باشقىلاتىن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىمۇ ئۇنۇتمىغان-دە!

مۇختەر: ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى بەكلا ئۇزۇن داۋام قىلىپ كەلمىگەنمىدى؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق بۆلىشىمۇ ناتايىن، قارىماسەن، 1911-يىلىقى شىنخەي ئىنقىلابىدا خىتاي پارچىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئارقىدىنلا تىبەت مۇستەقىل بۆلىۋالدى. شىنجاڭدىكى ياڭ زېڭشىنمۇ مۇستەقىل پادىشاھلىق تىكلىۋالغان، ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاڭ كەيشى دەسلەپتە مىلىتارىستلارنى بىر تەرەپ قىلىۋالدى. 30 نەچچىنچى يىلىسى تىبەتنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇ چاغدا بەنچەن بىلەن دالاي ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى. شۇڭا بەنچەن خىتايغا قېچىپ بېرىۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن خىتايلار بەنچەننى ئاپىرىپ قويىمىز دېگەن باھانە بىلەن نەچچە مىڭ ئەسكەرنى تىبەتكە كىرگۈزۈۋالىدۇ، ئەگەر ئۇ يىللىرى ياپونلار بېسىپ كىرمىگەن بولسا جاڭ كەيشى پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى-دە، تىبەتلەر ئۇنىڭغا زادىلا تەڭ كېلەلمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ... 1939-يىلى ياپونلار بېسىپ كەلگىلى تۇردى، شۇنداق قىلىپ بۇ پىلانلار ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. دېمەكچى بولغىنىم، ئەسلىدە ئۇنچىۋالامۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشى ناتايىن. يىتەركى خىتايلاردا كۈچ-قۇدرەت بولسۇن. ئۇ يەنە قايتىدىن كېڭىيىش يولىغا ئاتلىنىدۇ. شۇڭا دەيمەنكى، سەن بەكلا پايدىلىق تەرەپلىرىنىلا كۆرۈپ ھەممىنى پارلاق كېلەچەك قىلىپ تەسۋىرلىمەكچى بولۇۋاتىسەن. ئەمما مەن بۇ ئىشىڭلارنىڭ بەكلا مۇشكۈل بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن. مېنىڭچە سىلەر دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار ئۇنچە ئاسەن قۇتۇلغۇلى بولىدىغان قىيىنچىلىقلاردىن ئەمەس. ئەگەر ئىككى تەرەپ تەڭلىشىپ قالغان بولسىغۇ ئۇرۇش قىلالىشى مۇمكىن. ... ھەتتا دۈشمەن كۈچى نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، ۋە ھەتتا 8-10 ھەسسە كۈچلۈك بولسىمۇ تىركىشىمەن، پۈتۈن ئامالىلارنى ئىشقا سېلىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن دېيەلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما دۈشمەن بىلەن ئاراڭلاردىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى يۈزلەرچە ھەسسە پەرق قىلىپ تۇرغىنىدا، نىمىمۇ قىلالايسىلەر دېمەكچىمەن.

## مۇستەقىل بولىۋالساق ئامېرىكا قوشۇنىنى تەكلىپ قىلىمىز

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر بۇ ئىشنىڭ پايدىسىز تەرىپىنىمۇ ئويلىساڭ، بىرىنچىسى، شىنجاڭدا قېپ قالىدىغان خىتايلار يەنىلا خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى، شىنجاڭ مۇستەقىل بولۇپ قالسا ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى خەۋپ ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىشىدىكەن. شۇڭا ئۇلار شىنجاڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدىغانلىقى ئېنىق. ئىككىنچىسى، خىتاي ئىچكى ئۆلكىلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە تىزگىنلەش كۈچىنى ساقلاپ قالالىغىدەكلا بولسا، ئۇ ھالدا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئەسكەر كەلتۈرۈپ شىنجاڭنى باستۇرۇشى تۇرغانلا گەپ. يەنى بوسنىيە ئۇرۇشى بولغىنىدا سىربىيە بوسنىيىدىكى سىربلارنى قوللىغىنىدەك ۋەقەلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئۈچىنچىسى، جاھان قاتتىق قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى دۆلەتنى تىزگىنلىيەلمىگىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولغىنىدا، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارمۇ راستىنلا شىنجاڭدىكى يەرلەشكەن خىتايلارنى يېڭىۋالالىغىدەك كۈچكە ئېرىشىپ مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلىۋالالىغىنىدىمۇ خىتاي مەڭگۈ ئىچكى ئۇرۇش قاينىمى ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، خىتاي ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپلا قالىدىكەن، قايتىدىن مىللىي غۇرۇرنى كۈچەيتىپ قايتىدىن شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. خىتاي ھەرگىزمۇ شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار شىنجاڭدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى بىر قېتىملىق توپىلاڭ، بۆلگۈنچىلىك دەپلا قاراپ، بۇ ۋەزىيەتنى تۈزەشكە، بۇ يەرنى قايتىدىن تارتىپ ئېلىشقا تىرىشىدۇ.

مۇختەر: ئەگەر خىتاي شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىسا، ئۇ ھالدا ئۇلار رۇسىيىنىڭ سىبىرىيىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلماسلىقى كېرەك ئەمەسمىدى؟ خىتايلار ئۇلارغا بىزنىڭ ئادىمىمىز شۇنچە كۆپ تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاز يەردە ياشاشقا مەجبۇر بولىدىكەنمىز دېيەلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئىش ئۇنداق بولمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمەتلىرى تاشقى موڭغۇلنىڭ مۇستەقىللىقىغا ماقۇل دېيەلىدىغۇ، بۇنى جاڭ كەيشى قوبۇل قىلالىدى، كومپارتىيىمۇ قوبۇل قىلالىغان.

ۋاڭ لىشيوڭ: شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئۇنداق سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ-دە! چۈنكى شىنجاڭدىكى مۇستەقىللىق ۋەزىيىتى ۋاقىتلىق بىر ھادىسە ئىدى. ئۇنىڭ مۇستەقىللىق تارىخى يوق. ئەگەر شىنجاڭ مۇستەقىللىقى 10-20 يىل ساقلىنالىغان بولسا ئىدى، سەن دېگەندەك ئەھۋال مۇمكىن بولغان بولار ئىدى. ئەمما سىلەردىكى مۇستەقىللىق بىرەر يىل ياكى بىرەر يېرىم يىلدەكلا تۇرالىدى. خىتاي كېلىپ قايتىدىن مۇقىملاشتۇرىۋالالىغان.

مۇختەر: ئەگەر خىتاي شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا، خۇددى چېچەنىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشاش چوقۇم ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقارامۇ خىتايلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئەگەر چەتئەللىكلەر خىتايغا ئامبارگو قويغىلى تۇرسا، خىتايلار بۇ چەكلىمىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن چەتئەللىكلەر خىتايغا زادى ئامبارگو جازاسى قوللىنامدۇ-قوللانمامدۇ، بۇنى نەدىن بىلىسەن؟

مۇختەر: چوقۇم قويىدۇ! (ۋاڭ كۈلۈپ كېتىدۇ) ھازىر تېخى بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق، ئەگەر ئۇنداق بىر ۋەزىيەت پەيدا بولغىنىدا شىنجاڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىپلا ئامېرىكىنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا ماقۇل دەيدىغان گەپ. ئامېرىكىلىقلار كېلىپ ھەربىي بازىلارنى قۇرۇۋالسا خىتايلار يەنە بېسىپ كىرەلەرمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر ئامېرىكا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا ئۇنىمىسچۇ؟

مۇختەر: ئامېرىكىلىقلار بىرسىنىڭ يېرىگە ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا بەكلا ئامراق خەق (ۋاڭ كۈلۈپ كېتىدۇ). شىنجاڭ دېگەن ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى بىر يەر. بۇرۇن ئۇلار بۇ يەرگە ئەسكەر تۇرغۇزالمايتتى. بۇنداق مەركەزدىكى بىر جوغراپىيىلىك ئورۇن، ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا بەكلا ماس كېلىدىغان بىر يەر ھېسابلىنىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگەن سېنىڭ خىيالىڭ. ھازىرقى زامان ئۇرۇشى دېگەن ئۇنداق بىر مەركەز دەيدىغان يەرلەرگە ئۇنچىۋالامۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتچان كۈچلىرى خالىغان يەردىن يۆتكىلەلىشى مۇمكىن.

مۇختەر: ئۇغۇ شۇنداق ئىدى. ئەمما ئامېرىكا ئىراققا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا تۈركىيىدىكى بازىسىغا موھتاج بولمىدىمۇ؟ بۇ توغرىلىق ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشمىز مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ئەتراپىدىكى ئوراتا ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ ئىمكان بار شىنجاڭ مۇستەقىللىقىغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار چېگراسىنىڭ خىتاي بىلەن چېگرىداش بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇلار خىتاي چېگرىسى ئۆزلىرىدىن قانچە يىراققا كەتسە دىلىنىنى شۇنچە بىختەر ھېس قىلىشىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭ بۇ خىياللىرىڭ، پۈتۈنلەي ياخشى تەرەپىنىلا ئويلىغىنىڭ بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىن ئۈمىدلىنىپ يۈرىدىكەنسەن. ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە بۇنىڭدىمۇ بىر خەۋپ مەۋجۇت، ئەگەر سەن غەلىبە قىلىشقا بولغان ئۈمىدنى بەكلا چوق قىلىۋالساڭ، باشقىچە پىلانلار ئۈچۈن ئورۇن قالدۇرالمايسەن. قىيىنچىلىقىڭلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىيالماي قالىسەن. بېرىدىغان قۇربانلار قانچىلىك، بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ كېتەلەمسىلەر، بۇنداق بەدەل تۆلەشنىڭ ھاجىتى بارمۇ-يوق؟ بۇلارنى ئويلىنىپ بېقىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇلارغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىرەر چارە، باشقىچە بىر يول ھەققىدە ئويلانامسىلەر؟

مۇختەر: خىتاي تارىخى دېگەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش تارىخىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. خىتايلار تىنماي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ كەلگەن، موڭغۇللار كىرىۋېدى ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقۇتىۋەتتى. مانجۇلار كىرىۋېدى ئۇلارنىمۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ تۈگەتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلار

بىلەن خىتايلار بىر خىل مۇھىت ئىچىدە ياشايدىغانلا بولىدىكەن، ئاخىرىدا ئۇلارمۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ يوقىتىلىدۇ. ئاقىۋەت ئۇيغۇرلار يوقلا بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. يەنى پۈتۈنلەي يوقىتىلىدى دېگەن گەپ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سىلەرچە ئۇيغۇرلار، خىتايلار بىلەن بىرگە ياشىسىلا ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر يوقىلىپ كېتەرمۇ؟

مۇختەر: شۇنداق، يوقىلىپ كېتىدۇ! بۇ ئىككى مىللەتنىڭ سان جەھەتتىكى پەرقى بەكلا چوڭ، ئەگەر بۇنداق نوپۇس پەرقى مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ قالالمايدىكەن، ئۇيغۇرلار ئاسسىمىلاتسىيىلىنىپ يوقۇلۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇ خىتاينىڭ ئەزەلى تارىخى.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە نوپۇس سانىدىكى مۇۋازىنەتنى قانداق قىلغاندا ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟

مۇختەر: خىتاي كۆچمەنلەر ئېقىمىنى توختىتىش ئارقىلىقلا ساقلىغىلى بولىدۇ!

ۋاڭ لىشيوڭ: ھە مانا، بۇ دېگىنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ بىر يولى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن زادى مۇستەقىل بولمىساق بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوقتە.

مۇختەر: ئەمما بۇنى خىتايلار قوبۇل قىلمايدۇ-دە!

ۋاڭ لىشيوڭ: قوبۇل قىلماسلىقى ناتايىن. سەنمۇ قانداق بىر تەرەپ قىلغاندا ئاندىن خىتايلارمۇ قوبۇل قىلالايدىغان بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە باش قاتۇرۇشىڭ كېرەكتە.

مۇختەر: ئەگەر بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى خىتايلار قوبۇل قىلالىغىنىدا، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز دەپ تۇرىۋېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش، زوراۋانلىقلاردىن ساقلىنىش، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. يۇكسەك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغىنىدا، يەنى ھازىرقى پەلەستىنلەرنىڭكىدەك يۇكسەك ئاپتونومىيە بولغىنىدا بەلكىم كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

### يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگەنلىك خوڭكوڭ مودىسى دېگەنلىكمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە خىتايلار قانداق ۋەدىلەرنى بەرگىنىدە، ياكى ئۇيغۇرلار بىلەن قانداق بىر مۇناسىۋەت تىكلىيەلىگىنىدە ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش تەلىپىدىن ۋاز كېچىپ يۇكسەك ئاپتونومىيە شەكلىگە ماقۇل دېيىشى مۇمكىن؟

مۇختەر: سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىق بۆلىشى كېرەك. يەنى سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان بولۇش؛ ھازىرقى خىتايلار ئارىسىدىكى قانۇنلۇق پۇخرالارنى ئايرىپ چىقىش، بۇ يەرگە مەدىكارلىق قىلىشقا كەلگەنلەرنى شىنجاڭدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. شىنجاڭغا ئۇنداق سۈپىتى بەكلا تۆۋەن خىتالار كېرەك ئەمەس. بۇ يەردە تۇغۇلغان، نوپۇسى مەشەدە بولغان، شىنجاڭدا ھېچ بولمىغاندا 20-30 يىل ياشىغانلارنى قالدۇرۇپ، قالغانلارنى قايتۇرۇۋېتىش كېرەك. ئەگەر ئادەم لازىم بولۇپ قالسا ھەر يىلى بەلگىلىك بىر سان بېكىتىپ خىتايدىن كەلتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇنداقلار چوقۇم قايتىپ كېتىشى كېرەككى، ھەرگىز كۆچمەن قىلىپ قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ؛ ئاندىن كېيىنكى مەسىلە ئىقتىسادى مۇستەقىللىق مەسىلىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مالىيىسىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىكە. تاشقى سودىدىمۇ ئەركىن بولالىشى كېرەك؛ يەنە بىر مەسىلە، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى تۇرغۇزسا بولىدۇ. ئەمما سانىنى مۇتلەق چەكلەپ تۇتۇش كېرەك. مەسىلەن قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستان چېگرا بويلىرىغا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. خىتايغا تەھدىت بولۇۋاتقان دۆلەتتىن يالغۇز ھىندىستانلا بار، پاكىستان ئاسانلىقچە خىتايغا چېقىلالمايدۇ. ... ئۇ دېگەن خىتاي بىلەن بەكلا يېقىن ئۆتىدىغان بىر دۆلەت. شۇنداق بولغاچقا پەقەت ھىندىستان-پاكىستان بويلىرىغىلا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ. قالغان چېگرالارغا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ؛ ئاخىرقى بىر مەسىلە قانۇننىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مۇستەقىللىقى مەسىلىسى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ساياھەت قىلىدىغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ خىتاي يېرىدىن شىنجاڭغا كىرىشتە ئۇلارغا ۋىزا لازىممۇ؟ پاسپورتچۇ؟

مۇختەر: پاسپورتى بۆلىشى كېرەك، ئەمما ۋىزا ئېلىنمايدۇ. ۋىزا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ (ۋاڭ كۈلۈپ كېتىدۇ، مۇختەرمۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلايدۇ). ھازىر خوڭكوڭغا بارماقچى بولساڭ پاسپورتىڭ بۆلىشى كېرەكقۇ! ئەگەر پاسپورت ئىشلەتمىسەڭ ئاققۇنلار نوپۇسىنى قانداق تېزگىنلىيەلەيسەنكى؟ كىملىك كارتۇشكىسى دېگەن ھەممىلا يەردە ئۆتۈۋېرىدىغان نەرسە، خالىغانچە ئېقىپ يۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا كىملىك تارقىتىپ نوپۇس ئېقىمىنى تېزگىنلىيەلمەيسەن. شۇڭا خوڭكوڭنىڭمۇ پاسپورتى بار ئىكەنغۇ، خىتاي بايرىقىمۇ يەنە ئېسىقلىق.

ۋاڭ لىشيوڭ: شىنجاڭلىقلار خىتايغا بارماقچى بولسىمۇ پاسپورت بىلەن بېرىشى كېرەكمۇ؟

مۇختەر:شۇنداق، ئەمما ئوخشاشلا ۋىزا كەچۈرۈم قىلىنغان بولىدۇ. خىتايغا كىرسە بولۇش-بولماسلىقىنى تاموجنىدىكىلەر بەلگىلەيدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: كىملەرنىڭ كىرەلەيدىغانلىقى، كىملەرنىڭ كىرەلمەيدىغانلىقى نېمىگە ئاساسلىنىپ بەلگىلىنىدۇ؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىنى خىتاي تەرەپ ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: ياق، مېنىڭ سورىغىنىم شىنجاڭدىكىلەرنىڭ ئۆلچىمى. قانداق خىتايلار شىنجاڭغا كىرىپ قانداقلىرى كىرەلمەيدۇ؟ بۇنىڭ بىرەر قانۇنى بەلگىلىمىسى بولامدۇ؟

مۇختەر: ھازىر ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقىنى كۆچمەنلەر ئېقىنىنى چەكلەش مەسىلىسى. بۇ كۆچمەنلەر ئېقىنى مەسىلىسى بەكلا دىققەتنى قوزغاۋاتقان بىر مەسىلە. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شىنجاڭ گېزىتىدە بىر خەۋەر بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلى دەرياسى ئەتراپىدا كەڭ ئېچىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت 12 مىليارد يۈەن مەبلەغ ئاجراتقانلىقىنى، ئۇ يەرلەردە 10 مىليون مو يەرنى ئاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى يازغان. بۇ ئىشلارمۇ ھەرقاچان يەنە شۇ كۆچمەنلىرى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار. ئەمما ئىلى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى بوز يەرلەرنى ئاچمەن دېسەڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولۇپ قالامسەن؟ مولچەرىمچە 5 مىليون مو يەرنى ھېسابلاپ كۆرسەم بىر كىلومېتىر كەڭلىكتە، 2500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر كارىدورنى تەشكىل قىلىدىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: كۆچمەنلەر ئېقىمىغا چەكلىمە قويۇشتا مۇتلەق تۇردە پاسپور قوللىنىش كېرەك دېيىشمۇ ناتايىن، كۆچمەن دېگەن ئىش ئىستەپ بارىدىغان خەق. كەلگۈسىدە ئۇنداق كۆچمەنلەر تۇرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان گەپ، يەنە بىرسى خىزمەت كىنىشكىسى تارقىتىش يولى بىلەنمۇ چەكلەشكە بولىدىغۇ؟ خىتايدىن شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەيمەن دەيدىغانلا كىشى چوقۇم خىزمەت كىنىشكىسى بارلار بۆلىشى، بۇنداق كىنىشكىنى قوبۇل قىلغۇچى شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت تەستىقلاپ تارقاتقان بۆلىشى، خىزمەت كىنىشكىسى بولمىغانلار قانۇنسىز ئىشلەمچىلەر ھېسابلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق جىنايىتى بويىچە جازالىنىشى بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغىنىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئەركىن بېرىش-كېلىش قىلالايدۇ، خىزمەت ئېھتىياجىدىن رۇخسەت قىلىنغانلار شىنجاڭغا كىرىشتە چوقۇم پاسپورتى بولۇش كېرەك دەيدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ.

مۇختەر: يۇكسەك ئاپتونومىيىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ ئىپادىسى مىللەتنىڭ مۇستەقىل ياشىيالىشى جەھەتتە كۆرۈلۈشى كېرەك. گەرچە تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى مەركىزى ھۆكۈمەت بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولغانىكەن، قولۇڭدا پاسپورتۇڭ بولمىسا كۆچمەنلەر مەسىلىسىمۇ ھەل بولمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سەن ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا كېلىشەلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەرتلىرىڭنى تۆۋەنلىتىشىڭ كېرەك دېمەكچىمەن. ئەگەر سەن پاسپورت تەلەپ قىلساڭ، چېگرادا تەكشۈرۈش يولغا قويۇلۇشى كېرەك دەپ تۇرۇۋالساڭ، بۇ دېگىنىڭ ئاساسەن مۇستەقىللىقا يېقىنلا بىر تەلەپ بولۇپ قالىدىكەن.

مۇختەر: ھەر بىر ئۆلكە ئارىسىدىمۇ چېگرا بارغۇ؟ ھەتتا ئىككى ناھىيە ئوتتۇرىسىدىمۇ چېگرا بار. ئۇنداقتا ...

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما بۇ دېگىنىڭدە كىشىلەر بېرىش-كېلىش قىلىشتا تاموژنىدىن ئۆتىدىغان ئىش بولمايدۇ-دە.

مۇختەر: پاسپور تەلەپ قىلىشىمنىڭ ئاساسى مەقسىتى كۆچمەنلەرنى توساش ئۈچۈنلا. ساياھەت قىلىدىغانلارنى قوبۇل قىلمايمىز دەيدىغانغا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ئەمما ساياھەت قىلىش ۋاقتى توشقىنىدا، ئۇنىڭغا يەنە بىرەر-ئىككى ئاي، ھەتتا ئۈچ ئاي ۋاقىت قوشۇپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر سەن بۇ يەردە ئىش قىلىمەن دەيدىكەنسەن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ بۇ يەردە ئىشلىمەكچى ئىدىم دەپ ئىلتىماس سۇنۇشىڭ كېرەك. ئەگەر بىرەرسى سېنى سىناق قىلىپ ئىشلىتىپ بېقىشنى ئويلىسا شۇ كىشى ئۇنىڭغا ھۆددىگەر بۆلىشى كېرەك. سىناق قىلىپ ئىشلىتىش ۋاقتىڭ توشقاندىن كېيىن قايتۇرىلىسەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: قارىغاندا بۇنداق خوڭكوڭ مودېلى كېيىن بەك جىق مەسىلە پەيدا قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بەزى سىياسىي ئورگانلار بۇ جاينىڭ مەسىلىسىنى خوڭكوڭ مودېلى بويىچە ھەل قىلىش لازىم دەيدىغان لايىھىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. كۆچمەنلەرنى چەكلەش ئۈچۈن چوقۇم پاسپورت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ؟

مۇختەر: خوڭكوڭنىڭ پاسپورت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىدىكى بىردىن-بىر مەقسىتى كۆچمەن ئېقىنىغا چەك قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ياۋروپانىڭ ھەممىسىلا مۇستەقىل دۆلەتلەر. ئەمما ئۇلار ئەركىن بېرىپ كېلىشنى چەكلىمەيدىكەن. خىتاي مۇستەقىل بولۇشىمىزغا يول قويمايدىكەن، مەيلى، يول قويمىسا بوپتىلا، مەنمۇ سېنىڭ دۆلەت ئورنۇڭنى قوبۇل قىلىپ تۇراي دېسەم، سېنىڭ ئادەملىرىڭ كېلىشكە باشلىسا مەن ئۇلارنى قانداق توسيالايمەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشەندىم.

مۇختەر: شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇلايىم كىشىلىرىمىزمۇ كۆچمەنلەردىن قورقىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: يەنىلا كۆچمەنلەرنى چەكلەش ئۈچۈن چوقۇۇم پاسپورت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك دېيىش شەرت ئەمەس. بايام بەن دېگەندەك خىزمەت كىنىشكىسى چارىسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى، كۆچمەن دېگەن بۇ خەق ئىش قىلالىغىنىدىلا ئاندىن ياشىيالايدىغان بىر خەق. ئەگەر ئۇ يېنىغا پۇل سېلىپ بۇ يەرگە كەلسە ئىدى، بىر ھېسابتا ساڭا پۇل بەرگىلى كەلگەنلىكى بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداقلارمۇ بۇ يەردە چەكسىز ئۇزۇن تۇرۇۋېمۇ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنداقلاردىن بۇ يەردە قېلىپ ئىشلەيدىغانلىرىلا كۆچمەن ھېسابلىنالايدۇ. ئەگەر بۇ يەردە تۇرۇپ ئىشلەشنى نىيەت قىلغىنىدا چوقۇم خىزمەت كىنىشكىسى ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇشى لازىم. ئەگەر يەرلىك ئۇنى لازىم قىلمىمىز دېسە، ئىشلەش كىنىشكىسىنىمۇ شۇ يەرلىك ئۆزلىرى تارقىتىشى كېرەك. ئەگەر يەرلىك ھۆكۈمەت كىنىشكا بەرمىسە ئىشلىيەلمەيدۇ. ياكى شۇنىڭغا قارىماي ئىشلەۋەرگەن بولساڭ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولۇپ قالىسەن. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار چوقۇم جازاغا تارتىلىدۇ. شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغاندا، يەرلىكلەر لازىم قىلىدىغان كەسپى خادىملارلا بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىيەلەيدىغان، قالغانلارغا ئىشلەش كىنىشكىسىنى بەرمىسەڭلا ئىشلىيەلمەيدىغان ۋەزىيەت

شەكىللىنىپ، كۆچمەنلەرگە چەك قويۇش مەقسىدىگىمۇ يەتكەن بولىسەن. بۇنداق بىر ئۇسۇل قوللانساڭ، كۆچمەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كىتەلەيدىغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەنە پاسپورت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ، كىرگەن-چىققانلارنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزىمەن دىيىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

مۇختەر: بىز خوڭكوڭغا بارىمىز دىسەك بىزدىن ۋىزا تەلەپ قىلىدىكەنغۇ. مىنىڭچە بولغاندا خوڭكوڭغا ۋىزا تەلەپ قىلىشمۇ كەتمەيتتى. ...

ۋاڭ لىشيوڭ: توختا، سەن ئاۋۋال مىنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەمسەن، مەن دىگەن بۇ ئۇسۇل بىلەن كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى نىمىشقا ھەل قىلىشقا بولمايدۇ؟ سەن ئۇلارغا ئىشلەش كىنىشكىسى بەرمىسەڭ، ئۇلارمۇ كۆچمەن ھىسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ يوشۇرۇن ئىشلەپ يۈرگەن بولمىسىلا كۆچمەنلىككە كىرمەيدۇ. ئەمما يوشۇرۇن ئىشلىسە جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇش ياكى چىگرادىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسى بىرىلىدۇ.

مۇختەر: ئۇنداق بولغىنىدا مىللىي توقۇنۇش كىلىپ چىقىدۇ-دە.

ۋاڭ لىشيوڭ: سىنىڭ دىگىنىڭدەك بىر چىگرا توسۇقى ئورنىتىپ كىرىپ-چىققانلاردىن پاسپورت تەكشۈرەيمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ ئاندىن مىللىي زىددىيەت چىقىشىنى كۆرسەن تېخى. مىنىڭچە بۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ، سىنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلالماي قالىمىز. سەندە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش سەممىيىتى يوق ئىكەن دەپ قاراشقا مەجبۇر بولىمەن.

مۇختەر: بوپتۇ، مەنمۇ سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، سەن دىگەندەك ئۇنداق يۈكسەك ئاپتونومىيە شەكلىدە شىنجاڭنى نىمە دەپ ئاتايسىلەر، يەنى داۋاملىق شىنجاڭ دەپ ئاتاۋىرەمسىلەر بولمىسا؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئىسمى تالاش-تارتىش ئىشنى يەنە بىر قېتىمدا تارتىشساق دەيمەن.

مۇختەر: ياق، بۇ بىر يالغۇز ئاتالغۇ مەسىلىسىلا ئەمەس. يەنە بىر ئىش، ئەگەر بىز چەتكە چىقماقچى بولۇپ قالساق، بۇ يەر يۈكسەك ئاپتونومىيە بولۇپ قۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە باش ئەلچىخانا ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە پەقەتلا كونسۇل تۇرغۇزۇشقىلا بولىدۇ. بىز كونسۇلخانىغا بىرىپ ۋىزا ئالماقچى بولساق بىزدە قانداق پاسپورت بولۇشى كىرەك؟ ياكى خىتاي پاسپورتىنى ئىشلىتىۋېرەمدۇق؟

ۋاڭ لىشيوڭ: بىر دۆلەت تەۋەلىكىدە بولغىنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىرخىل پاسپورت قوللىنىسەندە.

مۇختەر: يۈكسەك ئاپتونومىيە بولغانىكەن چوقۇم ئۆزۈڭنىڭ پاسپورتى بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: (كۈلۈپ كەتتى) ئۇنداق گەپ يوقتۇ؟

مۇختەر: يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگەندە چوقۇم ئۆزىنىڭ پاسپورتى بۆلىشى كېرەك!

ۋاڭ لىشيوڭ: ئامېرىكا بىلەن شۋېتسىيىگە ئوخشاش فىدىراتىپ تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە ھەر بىر پىدىراتسىيە قارمىقىدىكى شتاتلار ئىنتايىن كۈچلۈك مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە، ئۆز ئالدىغا قانۇنمۇ چىقىرالايدۇ، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىنىڭ قانۇنلىرىمۇ بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان ھالەتتە تۇرۇغلۇقمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش بىر خىل پاسپورت قوللىنىدۇ.

مۇختەر: ئۇ دېگەن ئامېرىكىلىق، خىتايلارغا ئوخشىمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن دەۋاتقان خىتايمۇ كېلەچەكتىكى خىتاي، ئۇمۇ بۈگۈنكى خىتايغا ئوخشىمايدۇ-دە.

مۇختەر: شۇ چاغدىمۇ يەنىلا بۈگۈنكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىملىك ئىشلەتسەك نېمە پەرقى قالدى دەيسەن (قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ).

ۋاڭ لىشيوڭ: ياق ئوخشاش ئەمەس. سەن دېگەن ئۆز رەھبەرلىرىڭنى ئۆزۈڭ سايلىيالايسەن، بۇ يەرنىڭ قانۇنلىرىنىمۇ ئۆزۈڭ بەلگىلىيەلەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ ساقچىسى بولىدۇ، ئىقتىسادى جەھەتتىنمۇ مۇستەقىلسەن، بۈگۈنكىدىن كۆپ پەرقلىق! سەن ئىشلەش كىنىشكىسى ئارقىلىق ئىچكىرىسىدىن كېلىپ ئىشلەيمەن دەيدىغانلارنىمۇ چەكلىيەلەيسەن. مەن تىبەتلىكلەرگىمۇ مۇشۇ تەكلىپنى بەرگەن ئىدىم. قانۇن بويىچە بەلگىلەش ئۇسۇلى بويىچە «مەدەنىيەتلەرنى قوغداش رايونى» قۇرۇپ چىقىش لازىم. چۈنكى كۆچمەنلەر كۆپىيىپ كەتسە بۇ جاينىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىش ۋە داۋاملىشىشى تەھدىت ئاستىدا قالىدىكەن. بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر دۆلەت تەۋەلىكى ئاستىدا قانۇن قۇرۇلۇشلىرى ۋاستىسىغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا بولىدىغان ئاسان ئىشلار. ئۇنداق بولماي، بىر دۆلەت ئىچىدە بىر مۇنچە چېگرالارنى قويۇۋالساڭ، ئايرىم-ئايرىم پاسپورت ئىشلەتسەڭ بىر دۆلەت بولماي قالىدۇ. ئەگەر ياق، مەن قەتئىي شۇنداق تەلەپ قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ، ئۇ چاغدا سەنمۇ يول قويمىساڭ، ئۇرۇش قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ، قانچە ئادەم چىقىم بولسا مەيلى دەپ تۇرۇۋالساڭ. ئەمما دەل بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان كىشى مىللەتنىڭ بىر جەۋھىرى، بىر زىيالىيسى تۇرۇپ، «ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىسەك ئۆلسەكمۇ مەيلى!» دەپ تۇرۇۋالسا قانداق بولىدۇ؟ ئۆلىدىغىنى ئۇنداق دەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى پۇقرالار تۇرسا! (ئىككىسى بىر دەم جىمىپ قېلىشتى). كەلگۈسى ھەقىقەتەنمۇ قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغان بىر جەريان بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق نۇقتىغا كېلەلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى تارىخ پەيدا قىلغان بۇ پەرق ۋاقىت ئۆزارغانسىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ بارىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ تەلەپلىرى، مۇمكىنچىلىكلەر، ئۇيغۇن پۇرسەتلىرى پەرقىمۇ بارغانسېرى زورىيىپ كېتىدۇ.

## ئۇيغۇرلار ئۇرۇشتا بەكرەك زىيان تارتىپ كېتىدۇ

مۇختەر: خىتايلارنىڭ تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ زورايغان ۋاقتى مۇشۇ دەۋرلەرغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: تارىختا خىتايلار دۇنيا بويىچە ئالدىنقى بىر-ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان دېيىشىڭ مۇمكىن. ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى جەھەتتە تاڭ ۋە سوڭ دەۋرلىرى دۇنيادىكى بىرىنچى قاتاردا تۇرغان دېيىشكە بولىدۇ.

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، تاڭ سولالىسى ئىزچىل قالالىماقانلىق ئىچىدە ئۆتكەن بىر دەۋر ئەمەسمىدى؟

ۋاڭ لىشيوڭ: تارىخى كىتابلاردا تۇراقلىق دەۋرلەرنى ”شۇنداق قىلىپ بىر ئەسىر مۇقىملىقنى ساقلىدى“ دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قالغان يەرلىرىدە ساپلا قالايماقان ۋاقىتلارنى يازغاچقا شۇنداق كۆرۈنىدۇ. بۈگۈنكى خىتاينىڭ مۇقىملىقىنى دېسەڭ، بۇنىڭغىمۇ ئارانلا 50 نەچچە يىل بولدى. بۇ ھېچقانچە بىر تارىخ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تارىخنىمۇ ئۇنچە بەك مۇقىم بىر تارىخ دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇرۇنقى خانلىقلار نەچچە ئون يىل، ھەتتا يۈزلەرچە يىل تىپ-تېنچ ئۆتەلىگەن ئىكەن. بۇنى قوي، بىز يەنىلا بايىقى گېپىمىزگە كېلەيلى، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش دېگەن ھەر ئىككىلا تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان يول قويۇشلار ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ئىش. شۇڭا باشقىچە ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنىمۇ كۆپرەك ئويلىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر باشقا يول تېپىلماي، زادى ئۇرۇشۇپ مەسىلە ھەل قىلىمىز دەيدىغان ئىش بولسا، ئۇرۇشتا ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىغان تەرەپ بەربىر ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا بۇنداق بىر ئۇرۇش پارتلاپ قالسا ئەڭ كۆپ زىيانغا ئۇچرايدىغان تەرەپ يەنىلا ئۇيغۇرلار بولۇپ، خىتايلار ئۇنىڭغا قارىغاندا ئانچە بەك كۆپ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى خىتايلار ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلاردىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئادەمنى قۇربان بەردى دېسەڭمۇ، بۇ چىقىم خىتاي ئومۇمى نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ھېچقانچە ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى خىتاي نوپۇسى بەكلا كۆپ. شۇڭا مەن ھەرگىز ئۇرۇشۇپ مەسىلە ھەل قىلىشنى ...

مۇختەر: ئەمىسە بىزمۇ سىلەرنىڭ نوپۇس ئازايتىشىڭلارغا ياردەمچى بولمايلىمۇ، ئۇرۇشتا سىلەردىن ئۆلىدىغانلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى سىلەرگە زىيان ئەمەس بەلكى نوپۇس ئازايتىشىڭلارغا قىلىنغان بىر ياردىمىمىز ھېسابلانماسمۇ؟ (ئىككىسىلا كۈلۈپ كېتىشتى)

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يوقاتقىنى خىتايلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكلا كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىش-بولماسلىقىغا پەرۋايىم پەلەك دەپ قارايمەن. مېنىڭ كۆتىدىغىنىم، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆتۈرۈلسىلا كۇپايە. بۇنى ئىشقا ئاشۇرالىشى ئۈچۈن باشقا بىر دۆلەت قۇرىۋالسىمۇ مەيلى دەيمەن. ئەمما خىتايلار ئارىسىدا مېنىڭدەك ئويلايدىغانلار بەكلا ئاز. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل ۋەزىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ئويلانماي

بولمايدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇما، مەن بۇ يەردە پەقەتلا سوئال سورىغۇچى سۈپىتىدىلا سىنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمەكتىمەن. مەن سىنى قايىل قىلايچۇ دەپ سۆزلەۋاتقىنىم يوق. يەنى سىلەر يا ھۆرلۈك، يا ئۆلۈم دەپ ئۇرۇشماقچىمۇ ياكى بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، بىر مىللەتنىڭ جەۋھىرى بولغىنىڭ ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقىڭنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنىمۇ ئويلىنىشىڭ كېرەك؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە بۇنىمۇ ئويلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇرۇش قىلمايلا مەسىلە ھەل قىلىش يولىنى تاپالىساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم زىيانلارنى تارتساقمۇ ھېچقىسى يوق ئىدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمىسە سىلەر بۇ جەھەتتە قانداق ئويۇڭلار بار، بۇ جەھەتتە قوبۇل قىلالايدىغان بىرەر چەك بەلگىلەپ چىقالىدىڭلارمۇ؟ يەنى قايسى يەرگىچە سىلەر بۇنداق تاللاشقا يول قويالايسىلەر؟

مۇختەر: بۇنىڭ بىردىن بىر يولى، بايان دېيىشكىنىمىزدەك يۈكسەك ئاپتونومىيە. يەنە بىر مەسىلە، بۇ يەرنىڭ ئىسمى مەسىلىسى ۋە دۆلەت بايرىقى مەسىلىسى. شىنجاڭ دېگەن بۇ ئىسىمنى ھېچ كىم قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۆز ئىسمىڭنىمۇ قويالمىساڭ ساڭا ئاپتونومىيە دېگەن نەدە تۇرۇپتۇ؟ يەنە بىر ئىش دۆلەت بايرىقى، ئا ق ش نىڭ ھەر بىر شتاتى ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ئىگە. ئاندىن قالسا ئىقتىسادى جەھەتتىكى مۇستەقىللىق مەسىلىسى. بۇ تۆت مەسىلە مېنىڭچە ھەل قىلىنىشى شەرت بولغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

## شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىسمى

ۋاڭ لىشيوڭ: سىلەر تەلەپ قىلىۋاتقان بايراق شەرقى تۈركىستان بايرىقىمىدى؟ يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى شۇ بايراقنى دېمەكچىمىدىڭ؟

مۇختەر: ھەئە، ئۇ بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىز.

ۋاڭ لىشيوڭ: سىلەر ماقۇل دەيدىغان ئىسىم شەرقى تۈركىستان، شۇنداقمۇ؟

مۇختەر: بۇ ئىسىمغا نارازىلىق بىلدۈرىدىغان بىرمۇ كىشىنى تاپالمايسەن. بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر ئۇيغۇرىستان دېسەك دەپ تەكلىپ قىلىشقانىدى. ئەمما قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر بۇ ئىسىم ئاستىدا چەتكە قېقىلغاندەك ئۇقۇم بېرىپ قويىدىكەن. ئۇلار قوپۇپ بىزنىڭ ئورنىمىزنى قوبۇل قىلماپسىلەر، بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپسىلەر دېيىشى مۇمكىن. ئۇلارمۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەگەر شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتالغىنىدا بۇنىڭ ئىچىگە بارلىق تۈركى مىللەتلەر كىرىدىغان بولغاچقا، قازاق، قىرغىز قاتارىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەرلىك ھوقۇقلىرىمۇ بۇ ئىسىم بىلەن

كاپالەتلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا تۈركى بولغاچقا، بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمىمۇ تۈركى دۆلىتى بۆلىشى كېرەك.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇرۇن مەسئۇتمۇ تۈركى ئۆلكىسى دەپ ئاتىساق دېگەن تەكلىپنى بەرگەن ئىكەن.

مۇختەر: 1948-يىلقى مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ گېزىتىدە مۇنداق بىر ماقالە بېسىلغانىكەن: «خوش خەۋەر! جاڭ كەيشى خىتاي تۈركىستانى دېگەن ئىسىمنى قوبۇل قىلدى!» دېگەن ماقالىدا جاڭ كەيشى خىتاي تۈركىستانى دەپ ئاتىلىشقا قوشۇلدى، بۇندىن كېيىن شىنجاڭ دېگەن ئىسىم بىلەن بىرگە بۇ ئىسىممۇ تەڭ ئىشلىتىلىدىغان بولدى، دەپ يازغان ئىكەن. شۇ گېزىتنى مەنمۇ ئوقۇغان ئىدىم. جاڭ كەيشى خىتاي تۈركىستانى دېگەنگە ماقۇل بولغانلىقى، خىتاينىڭ قول ئاستىدا بىر تۈركىستان بار دېگەنلىكنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئەمما ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەيلا بورھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىم ئىككىسى بىرلىشىپ مەسئۇت سابىرىغا قارشى چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ بورھان ئۆلكە باشلىقى بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىسىممۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئەمما بىز يەنىلا يېڭىدىن بىر يەر ئىسمى ئۇيدۇرۇپ چىقساق بولمايدۇ-دە. بۇ يەرنىڭ تارىختىن بېرى ئىسمى بار بىر يەر تۇرسا. چەتئەللىكلەر ئىزچىل تۈردە بىزنى شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. رۇسىيە يازغۇچىلىرى بىلەن ئەنگلىيىلىك يازغۇچىلار، يەنە ئامېرىكىلىق يازغۇچىلارمۇ كىتابلىرىدا بىزنى شەرقى تۈركىستان دەپ يېزىپ كېلىۋاتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە ئەينى ۋاقىتىدىكى مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن دېيىشكەن خىتاي تۈركىستانى (چىنى تۈركىستاننى دېمەكچى – ت) دەپ ئاتاشقا بولماسمۇ؟

مۇختەر: (بىردەم ئويلىنىۋالىدۇ) چىن شەرقى تۈركىستان دېسە بولار بەلكىم. بۇ يەردىكى شەرقى دېگەن سۆزنى ھەرگىز قالدۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىز دېگەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تۈركلەردىنمىز. ئەگەر يۇرتىمىزنىڭ ئىسمىدىن شەرق دېگەننى چىقىرىۋەتسەك ئۇ چاغدا خىتاي مىللەتلىرى دېگەن ئۇقۇمنى كېڭەيتىپ ئىشلەتكەن بولۇپ قالىمىز.

ۋاڭ لىشيوڭ: كەلگۈسىدە جوڭخۇا مىللىتى دەيدىغان ئۇقۇممۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ئەمەسمۇ؟

مۇختەر: ياق، ئۇنداق قىلىشقىلار ناتايىن. مۇمكىن ئەمەس! (ۋاڭ كۈلۈپ كېتىدۇ) چىن شەرقى تۈركىستان دېگەن بۇ ئىسىم بىزنىڭ جوڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئەمەسلىكىمىزنى ئوچۇق ئىپادىلىيەلەيدۇ. چۈنكى بۇ يەر خىتاينىڭ شەرقى ئەمەس بەلكى غەربى تەرىپى. شۇڭا بىزمۇ تۈركلەرگە تەۋە مىللەت ھېسابلانغان بولىمىز. بۇنداق بىر ئىنىقلىما دەل شۇ شەرقى سۆزىنىڭ بارلىقىدىن كېلىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەلۋەتتە سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق. ئەمما ھازى شەرقى تۈركىستان دېگەن بۇ ئىسىمنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەكلا سېسىتىۋەتتى. ئۇنى بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليون خىتاي قەلبىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئورتاق بىر

كېلىشىم ھاسىل قىلماقچى بولىدىكەن، بۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش ئۇستىدىمۇ ئويلىشىپ كۆرسەك بولماسمۇ؟

مۇختەر: ئۇنداق قىلساڭ بۇ يېڭى ئىسمىنى بەكلا كۆپ ئادەملىرىمىز قوبۇل قىلمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقمۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرسىنى كۆزدە تۇتۇشىغا باغلىق ئىشقۇ؟

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۈگۈن قورقۇنچلۇق ھالغا كەلتۈرۈۋېتىلگەن ئىسمىمىزنى پەيدا قىلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئۇ چاغدا يوقىلىپ، كېيىن كېلىدىغان ھۆكۈمەت بۇ ئىسمىنىڭ ئىناۋىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرەلمەسمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەستە. سەن دېگەندەك، ئۇ چاغدا بۈگۈنكى ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولماي، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ھۆكۈمەتنى سايلايدىغانلار يەنىلا مۇشۇ خەلقتە. بۇ خەلق سايلام ھوقۇقىنى ئالدۇق دەپلا كاللىسىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان بولۇپ كېتەلەمدۇ دەيسەن، ئۇ چاغدىكى خەلق بەربىر بۈگۈنكى خەلقنىڭ داۋامى تۇرسا. يەنى رۇسىيە خەلقى ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق چېچەنىيىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئۇلارنى باستۇرۇشنى تەستىقلىغىنىغا ئوخشاشلا ئىش بولمامدۇ. ئۇ چاغدا تېخى ھۆكۈمەت خەلقنىڭ تەلىپىنى بەكىرەك ئاڭلايدىغان ھالغا كېلىدۇ.

مۇختەر: ئۇلار دېگەن خىتايدىكى پۇقرالار. ئۇلار چىنى تۈركىستان بىلەن چىن شەرقى تۈركىستانى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئۇنچە بەك دىققەت قىلىپ كېتىشى ناتايىن بولماسمۇ؟

## ئەڭ مۇۋاپىق ئاملاردىن شەكىللەنگەن پارلاق كېلەچەك

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن ھەممە ئىشنىڭ ئەڭ پايدىلىق بولغان تەرىپىنىلا ئويلايدىكەنسەن. سەن ئەسلى قانداق بىر نەتىجىنى ئارزۇ قىلماقچىسەن؟ سەن ئىشلار مانا مۇشۇنداق ھەل قىلىنىشى كېرەكلا دەيدىكەنسەن. ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ بايام سەن دېگەن خىتايلار شىنجاڭدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا كېتىشى كېرەك، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، ئامېرىكىلىقلار خىتاينى پارچىلىشى مۇمكىن دېگەندەك ئۆزۈڭلارغا پايدىلىق بولغانلا ئامىللارنى بىر يەرگە يىغىۋالىدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن. شۇڭا سەن ئىستىقباللىڭلارنى بەكلا پارلاق قىلىپ تەسۋىرلىمەكچى بولۇۋاتىسەن. ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن جەھەتتىكى ئىشلار سەن ئارزۇ قىلغاندەك مېڭىپ كەتمەيدۇ.

مۇختەر: بەلكىم مېنىڭ پەرىزىمدىكىدىنمۇ ياخشىراق بولۇپ قالماسمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدىن بەتتەر بولۇپ چىقسىچۇ؟ ياخشى تەرىپىنىلا ئويلىماسلىقىڭ كېرەك. ئەسلىدە يامان تەرەپلىرىنى بەكرەك باش قاتۇرۇپ ئويلىنىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭغا ئالدىن تەييارلىقىڭ بولۇشى لازىم. ھەممىنى يامان تەرەپتىنلا ئويلىساڭ بەك بولۇپ كەتسە ئىشەنچسىزلىك مەسىلىسىلا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەمما ياخشى تەرىپىنىلا ئويلاپ تۇرۇۋالساڭ، نۇرغۇن ئىشلاردا تولۇق تەييارلىق قىلالماي قېلىشىڭ مۇمكىن.

مۇختەر: مېنىڭ دېگەنلىرىم مېنىڭلا قاراشلىرىم ئەمەس. بۇ دېگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىدىل قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ دەيدىغىنى. مەن ساڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىرىم ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى موتىدىلچىلارنىڭ دەيدىغانلىرىنىڭمۇ ئەقەللىي تەلەپلىرى ھېسابلىنىدۇ تېخى. ئەسلىدە مەنمۇ خەلقىمنىڭ ئەسلى ئارزۇلىرىنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇشۇم لازىم ئىدى. ئۇنداق بولماي مەن سېنىڭ دېگىنىڭگە ماقۇل دەپ پىكىر قىلىشقا كىرىشسەم، ئۇ دېگەنلىرىم مېنىڭلا دېگىنىم بولۇپ قېلىپ، سېنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەكشۈرەيمەن دېگىنىڭ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالامدۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭ توغرا، ئەسلى مەسىلىمۇ مەشەدە بولسا كېرەك. ھەقىقەتەنمۇ سەن مەن ئۇچراشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىدىل بىرسى ھېسابلىنىسەن. چۈنكى سەن بەرداشلىق بېرىپ مېنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشالىدىڭ ئەمەسمۇ. ئەمما مەن چەتتە كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇنچىلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ...

مۇختەر: ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولالايمىز، بىز ئۇلارنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېساپلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار گەپ-سۆزلىرىدە ئاسانلىقچە يول قويۇشماي، ئۆز مەيدانىدا قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ. ئەمما مەن دېگەن ھېچكىمگە ۋەكىللىك قىلمىدىم. مەن پەقەت ئۆزەمنىڭلا قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرسىمەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ بەك ئەنسىرەيدىغان نوقتام. سۆھبەتلىشىش دېگەندە جانلىقلىق بىلەن كېلىشىش ئارزۇسى بولۇشى كېرەك. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانى قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلاردا جانلىقلىق بىلەن كېلىشىشچانلىق بەكلا ئاز ئىكەن. شۇڭا مەن كېلەچەكتىكى سۆھبەتتە كېلىشەلمەي گەپنى باشلار-باشلىمايلا سۆھبەت مەغلۇپ بولىدىغان ئىش كۆرۈلەمدىكىن دەك قورقىمەن.

## خىتايلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئالدىنقى شەرتمۇ؟

مۇختەر: بىزنىڭ سۆھبىتىمىز جەريانىدا سەن ئىزچىل تۈردە بۇنى خىتايلار قوبۇل قىلمىسىچۇ دېگىنىڭنى ماڭا رەددىيە بېرىشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلىپ كەلمەكتىسەن. سېنىڭ دېيىشىڭ بويىچە ئالغاندا، ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغىنى خىتايلارنىڭ قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسى ئىكەن. ئەگەر خىتايلار قوبۇل قىلمايدىغانلا بولىدىكەن، بۇ ئىشنى داۋاملىق تالاش-تارتىش قىلىشقا بولمايدۇ دەيدىكەنسەن. ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، بەزى ئىشلاردا خىتايلار قوبۇل

قىلالمايدىغان ئىش بولغىنىدىمۇ بەرىبىر ماقۇل دەيدىغان ئەھۋاللار بۆلىشى كېرەك. ھەممە ئىشنى خىتايلار قوبۇل قىلىشى كېرەك، بولمىسا كىلىشكىلى بولمايدۇ دېيىش توغرا ئەمەس. بۇ دېگەن ئىككىمىز ئولتۇرۇپ سۆزلىشىش ئارقىلىقلا ياكى سەن باشقا بىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىپلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئەگەر بەزى مەسىلىلەر ھەل بولماي قالسا، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالماي، بىر مەزگىل تاشلاپ قويۇلسا بەلكىم بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇڭشىلىپ قالامدۇ تېخى.

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭ ئۇ گەپلەرنى قىلىشىم ھەرگىزمۇ خىتايلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلىگەنلىكىم ئەمەس. مەن خىتايلارنىڭ ماڭا نېمە دەپ قالىدىغانلىقىغا پەرۋامۇ قىلمايمەن. چۈنكى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىشى مېنىڭ بىلەن سۆزلىشىش بىلەنلا ھەل بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك ئامېرىكىلىقلار بىلەنمۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ قارشىسىدىكىلەر باشقا بىرسى بولماي ئاخىرقى ھېسابتا يەنە شۇ خىتايلار.

مۇختەر: مەنمۇ سېنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭنى ئۇقتۇم. سەنمۇ خىتايلارنى ماقۇل دېگۈزەلىگىدەك تەلەپلەر بىلەن ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشنى ئويلاۋاتىسەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان دېگىن.

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، سەنمۇ خىتايلارنىڭ قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى بەكىرەك ئويلىشىپتىپ بارامسەن قانداق؟ قارىسام سەنمۇ گەپلىرىڭدە ھەر دائىم خىتايلار بۇنىڭدىن زىيان تارتامدۇ تارتمامدۇ دەپ ئويلاپ كېتىۋاتىسەن. سىلەر بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىنىڭلاردا تارتىدىغان زىيىنىڭلار بەكلا كۆپ، تۆلىگەن بەدىلىڭلار بەكلا ئېغىر بولۇپ كېتەمدۇ قانداق دېگەننىلا ئويلايدىكەنسەن. شۇنداققۇ دەيمەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن راستىنىلا بۇ جەھەتتە كۆپرەك باش قاتۇرىدىكەنمەن. (كۈلۈپ كەتتى)

مۇختەر: سەن نېمىشقا بىزنى قوبۇل قىلامدۇ-قىلمامدۇ، بىز قوبۇل قىلمىساق قانداق قىلىش كېرەك دېگەنلەرنى كۆپرەك ئويلانمايسەن؟

ۋاڭ لىشيوڭ: چۈنكى مېنىڭ قارىشىمدا ئولتۇرغان سەن تۇرساڭ، مەن دېگەن سەندىن سوراۋاتقان بىرسىمەن. شۇ ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ئويلىنىشىڭغا ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتقان بىرسىمەن. ئەگەر مەن خىتايلار بىلەن سۆزلىشىپ قالسام مەن ئۇلاردىن بۇنىڭ تەتۈرسىچە: ئۇيغۇرلار بۇ دېگەنلىرىڭنى قوبۇل قىلالارمۇ دەپ سورايمەندە!

مۇختەر: سەنمۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەكتە.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئوخشىمىغان كىشىلەر ئالدىدا ئوخشىمىغان مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىم كېرەك ئەمەسمۇ؟ ...

## شىنجاڭدىكى موڭغۇللارمۇ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىسچۇ؟

مۇختەر: سەن يازغان «قاتلاملىق دېموكراتىيە» دېگەن كىتاۋىڭدا ئەگەر ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلالىغان ئىكەن، موڭغۇللارمۇ تەلەپ قىلالىشى، توڭگانلارمۇ تەلەپ قىلالىشى مۇمكىن دەپ يېزىپتىكەنسەن. بۇ مەسىلىدە، مەسىلەن موڭغۇللارنى ئالساق، ئۇلار ئىككى ئاپتونوم ئوبلاستىدا قانچىلىك نوپۇسى بار دەيسەن؟ 120 مىڭمۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلارنىڭ ئادىمى قانچە بولسا بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بار دېگەنلىك ئۇلارنىڭمۇ بۇنداق تەلەپ قىلىش قانۇنى ئاساسقا ئىگە دېگەنلىك. بۇ دېگەن ماڭا تەۋە بىر ئوبلاست دېمەسمۇ؟

مۇختەر: ئۇنى موڭغۇللارغا كومپارتىيە بەرگەن تۇرسا؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ، مەسىلەن ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن قىسقا مۇددەتلىك بىر شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرغانلىق تارىخى بولغان. بىر قانچە يىللىغۇ دەيمەن، شۇنداقمىدى؟ ئۇمۇ سىلەر ئۈچۈن بىر ئاساس بولۇپ بېرىۋاتامدۇ؟

مۇختەر: يالغۇز ئۇ يىللارلا ئەمەس، بۇرۇن يۈزلەرچە يىللىق تارىخىمۇ بولغانغۇ؟

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن ساڭا يېقىنقى زامان دۆلىتى قۇرۇشۇڭلاردىن گەپ قىلىۋاتىمەن. موڭغۇللارمۇ بىزنىڭ ئوبلاستىمىزغىمۇ نەچچە ئون يىللىق بولۇپ قالغانغۇ، سەن مۇستەقىل بولالايدىكەنسەنۇ، مەن نېمىشقا ساڭا ئوخشاش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىكەنمەن دەپ ...

مۇختەر: ئۇلار ئىچىدە بىلىدۇ ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، قازاقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش تارىخى ئۇنچە ئۇزۇن ئەمەس. ئۇلار دېگەن رۇسىيىنىڭ قولىدىكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مىللەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ تەرەپكە قېچىپ كېلىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتچىلىرى بىلەن تارىخچىلىرى بۇنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار كىتابلىرىغىمۇ شۇنداق دەپ يېزىشىدۇ. قىرغىزلارمۇ 1918-يىللاردا قېچىپ ئۆتكەن. شۇڭا شىنجاڭدا يەرلىك مىللەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولمايدۇ. بۇ يەردىكى توقۇنۇش پەقەت خىتاي بىلەن ئۇيغۇر ئوتتۇرىسىدىكىلا توقۇنۇش.

ۋاڭ لىشيوڭ: سەن ھەر دائىم مېنىڭ دېگىنىم توغرا دەپلا تۇرىۋالىدىكەنسەن. مەسىلەن: ئۇلار بىلىدۇ، ئۇلار بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ... دېگەندەك. ئەمما ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر سەن

دېگەندەك ئەمەستە. مېنىڭچە سەن مەسىلىلەرنى يامىنى كېلىپ قالسىچۇ دەپمۇ ئويلىنىشىڭ كېرەك ئىدى. ئىشلار تېخىمۇ تەسلىشىپ، چىگىشلىشىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلاش كېرەك ئەمەسمۇ؟ مەن شۇنداق ئويلاشقا ئادەتلەنگەنمەن. تىبەتلەرنىڭ مۇنداق بىر تەمسىلى باركەن: تىبەتلەر دائىم يەنىمۇ كۆپرەك بولسۇننىلا ئويلايدۇ، خىتايلار ھەمىشە گۇمان قىلىشىپلا يۈرىدۇ.

مۇختەر: تۇرمۇش ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر نەرسە. نامراتلار چۈشىدىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى چۈشەيدۇ، مەسىلەن سىرتقا چىقىپ بىراقلا بېيىپ كېتىشنى، تۇرمۇشى بىراقلا ياخشىلىنىپ كېتىشنى، ياكى بىر كېچىدىلا داڭلىق بىرسىگە ئايلىنىپ قېلىشنى خىيال قىلىدۇ دېگەندەك. ئەمما بايلار چۈشىدە ئۇنداق ئىشلارنى چۈشىمەيدۇ. پۇلى بەكلا كۆپ بولغان مىليونېرلار چۈشىدە ئاغرىپ قالغانلىقىنى، كارخانىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، قەلەندە بولۇپ قالغانلىقىنى، دېگەندەكلەرنىلا چۈشەيدۇ. بۇ دېگەن بىر پسىخولوگىيىلىك ھالەت.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمىسە مەن بىر بايۋەتچىكەنمەندە! (كۈلۈپ كېتىدۇ)

مۇختەر: سەن قايسى چۈشلەرنى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيدىكەنمەن. ئەمما چوقۇم شۇنداق، بايلار نامراتلارنىڭ چۈشىگە كىرىدىغان ئۇنداق ياخشى ئىشلارنى چۈشىمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى بەكلا كۆپ. ئۇلارنىڭ مىجەزى باشقىلاردىن گۇمان قىلىش. ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرى، تىبەتلەرنىمۇ ئۇچراتتىم، ئۇلار كىشىلەرگە بەكلا ئىشىنىپ كېتىشىدىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما ئۇلار كەينى-كەينىدىن پۇشماندا قالىدۇ.

مۇختەر: مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا مېنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىم ماڭا: ئەگەر سەن باشقىلارغا ئىشەنمىسەڭ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرەلمەيسەن، ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرەي دەيدىكەنسەن، ئاۋۋال سەن باشقىلارغا ئىشىنىشىڭ كېرەك، دەيتتى.

ۋاڭ لىشيوڭ: ھازىر بىرسىگە ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك مەسىلىسىنى ئەمەس قانداق قىلسام تەرەققىيات يولۇمدا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەر بىلەن پايدىسىز ئامىللاردىن قۇتۇلالارمەن دېگەننى ئويلىنىپ شۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقلىرىنى قىلىدىغان ۋاقىت. يەنە بىرسى، پايدىسىز ئامىللارنى كۆرۈپ تۇرۇغلۇقمۇ پىسەنت قىلماسلىق، ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي ئۆتۈش. ئەمما ئۇنداق پايدىسىز نەرسىلەر سەن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىسەڭلا يوقاپ كېتىدىغان ئىش يوق. ۋاقتى كېلىپ ئۇنىڭغا دۇچ كەلگىنىڭدە ئەگەر ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىڭ بولمىسا، ئۇ كۈنلەردە بېشىڭنى تېخىمۇ بەكرەك ئاغرىتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىرەر ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئىمكان بار كۆپرەك پايدىسىز تەرەپلەردىن ئويلىغان تۈزۈك. ئۇنى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا تۇتۇپ ئىش قىلىش كېرەك. ئۇنداق ئىش بولمايدۇ دەپ سەل قاراش، ئۇنى ئويلىماسلىق توغرا ئەمەس.

## سىياسىي غايىنى يۈقىرى تۇتۇش

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇڭا مەن بۇ مەسىلىنى ئويلىغىنىمدا ئۇيغۇرلار تەرەپتە «ئۈچىنچى بىر يول» نى ئويلايدىغانلار، يەنى شۇ دالاي لاما ئوتتۇرىغا قويغان «ئوتتۇر يول» دېگەننى ئويلايدىغانلار يوقمىدۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بۇ يولنىڭ مەنىسى، خىتاي تېررىتورىيىسى تەۋەسىدە دېموكراتىك ئۇسۇل بويىچە تىبەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ئاپتونومىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىك ئىدى. ئۇيغۇرلار ھەرىكىتى ئىچىدە بۇنداق «ئوتتۇر يول» تۇتىدىغان كۈچ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىنمۇ؟

مۇختەر: نۇرغۇنلىغان چەتئەللىكلەر دەيدىكەنغۇ، زورلۇقسىز ھەرىكەت بىلەن ...

ۋاڭ لىشيوڭ: ياق، يالغۇز زورلۇقسىز ھەرىكەت ئىشلا ئەمەس. بۈگۈنكى كۈنلەردە چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن زورلۇقسىز تىركىشىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي مۇستەقىللىقنىمۇ تەلەپ قىلىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمىز دەيدىكەن. ئەگەر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يولىدا ماڭىدىغانلا بولىدىكەنسىلەر، مېنىڭچە كەلگۈسىدە كېلىپ چىقىدىغان توقۇنۇش بىلەن كېلىپ چىقىدىغان قۇربان ئىنتايىن ئېغىر، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ يوق دېگۈدەك. ئۇنداقتا، بىر قەدەر رىيال تاللاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولماسمۇ، يەنى خىتاينىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى ئىچىدە قېلىپ تۇرۇپ، شۇ يەرلىك خەلق ئاساسىدا بۇ رايوندا يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش يولىنى تاللاشقا بولماسمۇ؟

مۇختەر: بۈگۈنكى كۈندە يۈكسەك ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى تالاش-تارتىش قىلىشىدىغان ئادەملەر بەكلا ئاز. چۈنكى بۈگۈن يۈكسەك ئاپتونومىيىنى تالاش-تارتىش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ مۇستەقىللىقنى سۆزلىشىپ يۈرەمدىغاندۇ؟

مۇختەر: شۇنداق، ئۇلار قانداق قىلساق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەلەرمىز دېگەننىلا ئويلاناتتا.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇلار مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەپ قارىشامدۇ ياكى كۆپ قىسمى بۇنداق ئىمكانىيەت قالمىدى دېيىشەمدۇ؟

مۇختەر: ئىمكانىيەتلەر قالمىدى دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: سىزنىڭچە قايسى تۈردىكىلىرىنىڭ سالمىقى ئېغىر باسقاندەك؟

مۇختەر: سىياسىيغا قىزىقىدىغانلار ئارىسىدا چوقۇم مۇستەقىل بولالايمىز دەيدىغانلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپرەك. سىياسەتكە قىزىقمايدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۇمانىمۇ كۆپ، ئۈمىد بارمىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدىغانلار، ياكى قاچان مۇستەقىل بولالارمىز دەپ گۇمان قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەمما ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: شۇڭا سەن ۋەتەن ئىچىدە يۇكسەك ئاپتونومىيىنى ئويلايدىغانلار ئاساسەن يوق دەپ قارايدىكەنسەندە؟

مۇختەر: خىتاي كومپارتىيىسىلا ھوقۇق تۇتقان بولىدىكەن، يۇكسەك ئاپتونومىيىدىن پەقەتلا ئۈمىد كۈتەلمەيمىز. شۇڭا ئۇلار يۇكسەك ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇھىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بەكىرەك باش قاتۇرىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا زىيالىيلار ياكى دىنى زاتلار. دېھقانلار بىلەن شەھەر ئاھالىسى ئادەتتە بۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرۇشمايدۇ، سۆزلەشسىمۇ بىرەر ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا تۈگىتىشىدۇ: ئاھ، مۇستەقىل بولساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! مۇستەقىل بولىۋالساق تۇرمۇشىمىزمۇ بۈگۈنكىدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى بولۇپ كېتەتتى! دېيىشىپ ئارتۇق بىر نېمە دېيىشمەيدۇ. ئەمما بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان زىيالىيلارنىڭ ۋەزىيىتى ھازىرچە تەشۋىقات باسقۇچىدا، بۇ مەسىلىلەردە غايىنى يۇقىرى تۇتقاننىڭ پايدىسى بار-دە! ئەگەر سەن ھە دېگەندىلا يۇكسەك ئاپتونومىيىنى غايە قىلىۋالساڭ، بۇنى پۇخرالارغا چۈشەندۈرۈپ بولالمايسەن. نېمە ئۇ يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگىنىڭ؟ خىتايلار ھازىرمۇ سىلەرگە يۇكسەك ئاپتونومىيە بەردۇق دېيىشىدىكەنغۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسىنىمۇ يەرلىكلەر ئۆزلىرى سايلايدۇ، ئەمما بىز يەرلىكلەرنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقىمىز يوق تۇرمامدۇ؟ دېيىشىپ، ئۇنداق ئاپتونومىيە دېگەنلەرگە پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا تېخىمۇ ئۇلۇغۋار غايىلارنى سۆزلىمىسەڭ، ئۇلار دېگەنلىرىڭگە پەقەتلا قۇلاق سالمايدۇ. شۇڭا غايىنى يۇقىرى تۇتۇش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايسەن. شۇنداق بولغاچقا، زىيالىيلىرىمىزمۇ تەشۋىقات جەريانىدا ئادەتتە يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگەنلەرنى ھەرگىز تىلغا ئېلىشمايدۇ. بۇمۇ خۇددى سودا قىلغاندەكلا بىر ئىش. باھانى يۇقىرىراق قويساڭ، يەنى سەن مىڭ سوم دېسەڭ ئۇ ساڭا 50 سومغا بەر دېيىشتىن نومۇس قىلار؟ ئەگەر سەن باھانى يۈز سوم قىلىپ ئېيتقان بولساڭ، خېرىدارمۇ قورقمايلا 50 سومغا تالىشالايتتى. شۇنداق ئىكەن، سىياسىي غايىلارنىمۇ بەكلا تۆۋەن قىلىۋالماسلىق كېرەك. بولمىسا ساڭا ھېچكىم قىزىقمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما بۇ دېگەن سودىغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىش تۇرسا، يەنى سودا دېگەن بىر تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت بولۇپ، سەن يوقۇرى-تۆۋەن باھا تالىشىش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلالىشىڭ مۇمكىن. سىياسەت ئىشىدا، ئەگەر سەن مۇستەقىل دۆلەت قۇرىمەن دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغىنىڭنى باھانى ئۆرلىتىش دەپ قارىغىنىڭ بىلەن، بۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتى دۈشمىنىڭنى ئالدىن بەلگىلىۋېلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى خىتايلار مانا بۇلار بۆلگۈنچىلىك قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ تۈپراقلارنى بىزدىن بۆلۈپ ئېلىۋېلىشنى نىيەت قىلىشىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشتا سېنىڭ بىلەن باھا تالىشىپ ئولتۇرماستىن، سىلەرنى يوقاتمىساق بولمىدى دەپلا قارىشىدۇ. ئەگەر سەن يۇكسەك ئاپتونومىيە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساڭ، دېمەك سەن پارچىلىماسلىق شەرتى بىلەن ئەينى سىياسىي قېلىپ ئىچىدە بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىغىنىڭدا ئوتتۇرلۇقتا دۈشمەنلىشىش ھالىتى يوقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كېڭىشىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگەننى قانداق چۈشەندۈرۈش مەسىلىسىنى يەنە ئايرىم مۇزاكىرە قىلىشىمىز مۇمكىن. دالاي لاما يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگەن مەسىلىنى بەكلا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشى بويىچە

ئالغاندا تىبەتلىكلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزلىرى قارار قىلىش كېرەك دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار، ھازىرقى ئاپتونومىيە دېگىنى يالغانچىلىق بولۇپ، ئاپتونومىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېيجىڭدىن تەيىنلىمەكتە، تەيىنلەنگەنلەر تىبەتلىك بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇ تەيىنلەنگەنلەر تىبەتلىكلەرنىڭ گېپىنى قىلماي بېيجىڭنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان كىشىلەر دەپ قارىماقتا. ئەگەر ئەمەلدارلارنى يەرلىك ئۆزلىرى سايلىيالىغىنىدا، ئەھۋال باشقىچە بولغان بولاتتى دەپ قاراشماقتا.

## دالاي لاما چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۈمىدسىز

مۇختەر: مەن شىنجاڭدىكى نۇرغۇن خىتايلار بىلەن دالاي لاما مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىشىپ باقتىم. بىز خىتايلار بىلەن دالاي لاما مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلەشكىنىمىزدە، ئۇلار بىزنى مىللىي بۆلگۈنچى دەپ قارىماستىن بىزنى سىياسىي مەسىلىلەردە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىدىكەن. ئەگەر سەن ئۇلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدىلا سۆزلەشتىڭمۇ بولدى، بۇ ھەقتە ئۆز قاراشلىرىمىزنى دېيىشىمىز ھامان بىزنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھېسسىياتى كۈچلۈك دېيىشىدىكەن. شىنجاڭدىكى خىتايلار دالاي لامانى ئۇنىڭ مەقستى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش دەپ ھېساپلىشىدىكەن. ئۇلار دالاي لاما يۇكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ قارىمايدىكەن. مەن ئۇلارغا بىر ئىككى قېتىملا ئەمەس، ھەتتا تۆت-بەش قېتىملاپ دالاي لامانىڭ مەقستى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ئەمەس دەپ چۈشەندۈرۈپ باققان بولساممۇ ئۇلار قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. ياق، ئۇ دېگەن دالاي لامانىڭ ئاغزىدىكى قۇرۇق گەپ، ئەگەر ئۇنىڭغا يۇكسەك ئاپتونومىيە بېرىشكە ماقۇل دېدىڭمۇ، ئۇنى ئېلىۋېلىپ ئىككى يىل ئۆتمەيلا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇ مۇتلەق شۇنداق بىر ئىش دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. نۇرغۇنلىغان خىتايلار دالاي لاما مەسىلىسىدە ئەنە شۇنداق قاراشتا ئىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: تەبىئىي شۇنداق بولىدۇ-دە، خىتاي ھۆكۈمىتى تىنماي شۇنداق دەپ تەشۋىق قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا. بايام سەنمۇ دەپ ئۆتكىنىڭدەك، بۇنداق گەپلەرنى ئادەتتىكى پۇقرالار ئاشۇنداق دەپلا قويىشىدۇ. ئۇلار دېگەن بەك باش قاتۇرۇپمۇ يۈرىدىغان كىشىلەر ئەمەستە. سەن سۆزلەشكەن ئۇ خىتايلار ئادەتتىكى خىتايلار. ئەسلىدە بۇ ئىشلارغا قارار چىقىرىدىغان سىياسەتلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان خىتايلار دېگەن بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ قولىدا ھوقۇقى بولغان، بەلگىلىك تەسىر دائىرىسى بار جەۋھەر ھېسابلىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئىشنىڭ زادى قانداقلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. مەن سىلەرنى ئۇنداق قىلىڭلار، مۇنداق قىلىڭلار دەيدىغان نىيىتىم يوق. مەن پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنداق ئويلايدىغانلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى، ئوتتۇر يول تۇتۇشنى خالايدىغان كۈچلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنىلا بىلمەكچىمەن. مەن سىرتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقان ۋاقتىمدا بېزىلەر بۇنداق ئوتتۇر يولنىمۇ ئويلاشقانلىقىنى، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا مۇستەقىللىق تەلىۋىدە چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن قورققانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا بۇنىڭغا تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى

دېيىشكەندى. ئەگەر شۇنداق دەيدىغان ئۈيغۇردىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقسا، سېنىڭچە قالغانلار ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغاندۇ؟

مۇختەر: بۇنى ھېچكىم خالىمايدۇ! ساڭا بۇ ھەقتە ئېيتقىنىمدەك، دالاي لاما يۇكسەك ئاپتونومىيە لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا مەيلى چەتئەلدىكى خىتاي دېموكراتچىلىرى بولسۇن ياكى خىتاي كومپارتىيىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسى دالاي لامانىڭ بۇ تەلەپلىرىنىڭ قايسىلىرىنى قاندۇرۇشقا بولىدۇ، قايسىلىرىنى قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، ياكى بولمىسا يۈزدە قانچە پىرسەنتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دېگەنلەر ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىدى. شۇ سەۋەبتىن، دالاي لامانىڭ ئوتتۇر يولى خىتايدا مەۋجۇت ئەمەس.

ۋاڭ لىشيوڭ: دېگىنىڭ توغرا. بۇنداق بىر ئىش ئەلۋەتتە مەۋجۇت ئەمەس.

مۇختەر: زورلۇق كۈچتىن، قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئوتتۇر يولنى تاللىۋېلىشىمىزدىن باشقا چارە يوقلۇقىنى مەنمۇ قوبۇل قىلىمەن. پەرىزىمچە بىزدىكى كىشىلەرنىڭ يېرىمىدەكى ئەنە شۇنداق قاراشتا. ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، بۇ ئوتتۇر يول دېگىنى زادى قانداق يول؟ مەيلى ھازىرقى خىتاي دائىرىلىرى بولسۇن، ياكى كەلگۈسىدىكى دېموكراتچى خىتايلار بولسۇن، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان بۇ ئوتتۇر يول دېگىنى زادى قانداق نەرسە؟ ئۇلار بېرىدىغان يۇكسەك ئاپتونومىيە دېگىنى زادى قانداق بىر نەرسە؟ بۇ ھەقتە تېخى بىرەر ئېنىقلىما ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باققىنى يوق. ئەگەر ئۇنداق بىرەر لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدا ...

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگەن ئىككىلا تەرەپ ئاۋۋال بۇنداق بىر نىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ، بىز بۇنداق ئوتتۇر يول دېگەن لايىھىنى مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن دەيدىغان نىيەتكە كەلگىنىدىلا ئاندىن ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدىغان، بۇ جەھەتتىكى كېلىشىم ئۈچۈن سۆھبەت قىلىشلاردا ئاستا-ئاستا شەكىللىنىپ چىقىدىغان بىر نەرسە. ئۇنداق بىر لايىھىنى باشتىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ بېكىتىۋېتىشكە بولىدىغان ئىش يوق. ئۇنى قوبۇل قىلىمەن دېسە ھەرىكەتكە كىرىشىلىدىغان، ياق دېسە ...

مۇختەر: دالاي لاما بۇنداق ئوتتۇر يول دېگىنىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا قانچە يىل بولدى؟

ۋاڭ لىشيوڭ: راستىنىلا خېلى ئۇزۇن يىل بولدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ-دە! ئۇ ھازىر بۇ ھەقتە خىتاي كومپارتىيىسىدىكىلەر بىلەنلا بۇ ھەقتە سۆھبەت قىلىشىۋاتىدۇ. ئەمما خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن سۆھبەت قىلىشىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ھەر قانداق بىر يولنى ئوتتۇرىغا قويىسىمۇ ئاقمايدۇ.

مۇختەر: توغرا دەيسەن، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن دېيىشنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى يوق!

## ئۇيغۇرلاردىن ۋەكىل خاراكتېرلىك بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەمما خىتاينىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، كەلگۈسىدىكى خىتايدا باشقا بىر كۈچلەر ھوقۇق تۇتىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ھەممە بىرلىكتە بىر تۈرلۈك كېڭەش ئۆتكۈزۈپ تۈرۈشىغا بولماسمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇر يولنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇنداق بىر پايدىلىق ئەھۋالمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن: دالاي لاما خەلقئارا ئابرۇيغا ئېرىشكەن بىر شەخس، كىشىلەر ئۇنىڭ داھىلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەلقارادا نۇرغۇن مەنبەلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئىمكانىيەتلىرى مەۋجۇت. ئەگەر شىنجاڭدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئوتتۇر يولنى تەرغىب قىلىدىغان كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ دالاي لاما بىلەن بىرلىشىپ ئۆزئارا بىر-بىرسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلا بولىدىكەن، چوقۇم ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك كۈچكە ئىگە بىر قۇۋۋەت بولۇپ شەكىللىنەلىشى مۇمكىن ئىدى. تەيۋەندىكى گومىنداڭ پارتىيىسىمۇ ئاخىرى بىرلىشىپ كېتىشنى تەرغىب قىلىشماقتا. ئەمما ئۇلار كۆپچىلىك قوبۇل قىلالايدىغان ئەركىن دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدىلا بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشمەكتە. شۇڭا تەيۋەننىڭ بۇ لايىھىگە قوشۇلۇشى كۈچنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتەلەيتتى. ئۇ دېگەن باي، 20 مىليونلۇق نوپۇس كۈچىگە ئىگە رىيال بىر كۈچ. چەتئەلدىكى موڭغۇللارنىڭ كۈچى ھەزىرچە ئاجىز كۆرۈنگەندەك قىلغىنى بىلەن، موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن بۇريات موڭغۇللىرىنىمۇ بىرگە قوشۇپ قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭمۇ خېلى زور بىر كۈچ بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسەن. ئەگەر بۇ تۆردىكى كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ جەم بولالىغىنىدا، باھا تالىشىدىغان ئىمكانىيەتلىرىمۇ قىياس قىلىنمىگىدەك زور بىر كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

مۇختەر: بۇ راسلا چوڭ كۈچ!

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەنە شۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئىتتىپاق ئاساسىدا چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدىغان بولسا، كېلەچەكتىكى خىتاي دۆلىتىنى ياكى فېدېراتسىيىنى تەشكىل قىلىپ، بۇ ئىتتىپاقتىكى ھەربىر ئەزا دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ھوقۇقى بىلەن مەجبورىيەتلىرىنى …

مۇختەر: سەن شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار تېخى ئەندىلا بىرلىشىپ، ئورتاق بىر ئورگان تەشكىل قىلىشقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلاردىن تېخىچە بىرەر داھى ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ئۇلار تېخى بۇنداق ئىناۋەتكە ئىگە بىرەرسىنى چىقىرىش دەرىجىسىگە كېلەلىگىنى يوق. بۇرۇن ئەيسا بەگ بار ئىدى. ئۇ تۈگەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەركىندە تېخى بۇنداق بىر سالاھىيەت يوق. بۇنداق بىر مىللىي داھى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا بەلكىم سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى تاللىۋالىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ شۇئارى چوقۇم مۇستەقىللىق. قېنى، شۇنداق بىر داھى بارلىققا كېلىپ، تەشكىلىمۇ بىر پۈتۈن ھالغا كېلەلىسە، خۇددى دالاي لامادەك خەلقئارالىق ئابرۇيىنى تىكلىيەلىسە سېنىڭ دېگەنلىرىڭدەك ھەر

قايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئويلىشىدىغان ئىشلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭچە بۇ ئىشنى چوقۇم بىر داھى ئوتتۇرىغا چىقىپ قانات يايدۇرۇش شەرت ئەمەسقۇ دەيمەن.

مۇختەر: ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خەلقئارا سەھنىدە كۆرۈنىدىغانغا بىرەر ۋەكىل خاراكتېرلىك ئادىمىڭ بولمىسا بولمايدۇ-دە! ئۇيغۇرلار بىرەر دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىدا، ئۇلار سېنىڭدىن: سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار قېنى، تەشكىلىڭلار قايسى، ۋەكىل خاراكتېرلىك داھىلىرىڭلارچۇ؟ سەن بۇنداق بىر ۋەكىللىك سالاھىيىتىڭگە ئىگە بىرسىمۇسەن؟ دەپ سوراپ، تۇرۇۋېلىشى ئېنىق. مەسىلەن كېلىنتون بىلەن كۆرۈشمەكچى بولساڭ، بىزنىڭ كەلپىن بازىرىدا ساتىدىغان خورجۇننى ئۈستۈڭگە ئارتىپلا كېلىنتوننىڭ ئالدىغا بېرىپ: مەن بىر ئۇيغۇر، سېنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم دېسەڭ بولمايدۇ-دە. بۇنداق سالاھىيىتى بولمىغان بىرسى بىلەن كېلىنتونمۇ چوقۇم كۆرۈشۈشنى خالىماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر مەن ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا بېرىپ پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن قەشقەردە تۇرۇپ مەن ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالايمەن، دەپ بىر پارچە خەت يازسام ئۇلار قوبۇل قىلارمۇ سېنىڭچە؟ ياق، ئۇلار مېنى قوبۇل قىلىشى ناتايىن. شۇڭا چوقۇم بىر ۋەكىل خاراكتېرلىك بىرسى بولۇشى كېرەك، بۇ بەكلا مۇھىم! بۇنداق بىر ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئادەم ئوتتۇرىغا چىققىنىدىن كېيىن قالغان ئىشلارمۇ ئاسانلىشىدۇ.
ئېباڭ لىشيوڭ: سەن دېگەن ئۇنداق بىر ۋەكىل خاراكتېرىدىكى ئادەم ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنلا مېنىڭ دېگەن شۇ ئوتتۇر يولنى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇپ ئۆزگىرەلىشى مۇمكىن بولارمۇ؟

مۇختەر: چوقۇم قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ھەرقانداق بىرسى رىياللىقنى قوبۇل قىلماي ئامالى يوق.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر ئۇنداق بىر داھى دالاي لاماغا ئوخشىماستىن دېموكراتىك يوللار بىلەن سايلام ئارقىلىق تاللانغان بىرسى بولۇپ قالسىچۇ؟ چۈنكى دالاي لاما سايلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان شەخس ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر دالاي لامانىڭ ئوتتۇر يول دېگىنىگە قارشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قوبۇل قىلماي ئىلاجى يوق. سايلانغان داھىنىڭ گېپىنى خەلق ئۇنىڭكىدەك قوبۇل قىلالارمۇ؟

مۇختەر: راست دەيسەن، دالاي لاما راستىنىلا شۇنداق بىرسى، ئۇنىڭدەك ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىش بەلكىم دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بولمىسا كېرەك؟ ھېچكىمنى دالايغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ دېگەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس بەلكى تەڭرى دەپ قوبۇل قىلىنغان. قايسى مىللەتتە تىرىك خۇداسى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقتىڭ؟ يالغۇز تىبەتلىكلەردىلا بۇنداق تىرىك خۇدا دەيدىغان بىرسى بار.

ۋاڭ لىشيوڭ: كاتولىكلارنىڭمۇ بارغۇ؟

مۇختەر: ۋاتىكان ئېكسپوپىنى دەيدىغانسەن؟ ئۇ دېگەن بىرلا مىللەتكە تەۋە بىرى ئەمەستە. دالاي لاما دېگىنى ئۆزگىچە بىر ئەھۋال. ئۇنداق بىرسى باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتتە يوق.

## خىتايچە باياناتچى دىلشاتنىڭ رولى

ۋاڭ لىشيوڭ: سېنىڭچە قانداق قىلغاندا مىللىي ئۆچمەنلىكنى ئازايتقىلى بولار؟

مۇختەر: ھازىرچە، بۇنداق مىللىي ئۆچمەنلىكنى ئازايتىش چارىسى خىتاي تەۋەسىدە يوق. بۇ ئىشنى چەتئەلدىكىلەر قىلىشى كېرەك. خىتاي ئىچىدىكى خىتايلار ئارىسىدا ئېككىمىزدەك سۆزلىشەلەيدىغان باشقا بىر خىتاينى تاپالمايسەن. مۇمكىن ئەمەس تاپالمايسەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: چەتئەلدىكىلەر بۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرالار؟

مۇختەر: چەتئەلدە بۇنداق بىر مۇھىت مەۋجۇت. مەسىلەن ئىنتېرنېت توردىن پايدىلىنامسەن ياكى كىتابتەك نەرسىلەرنى چىقىرامسەن، ئىش قىلىپ خىتاي تىلىدا ئىدىيە تەشۋىقاتى، سىياسىي يەشۋىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىش، ئاندىن ئاستا-ئاستا دۆلەت ئىچىگە يېيىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئۇنداق بىر ئىمكانىيەت بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار نېمىشقا بۇ ھەقتە پائالىيەت قىلىشمىغان؟

مۇختەر: ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئەڭ جانلانغان دەۋرلىرى 1997-2001-يىللار ئارىسى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالىغان ئىدى. ئەمما ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى بەكلا چەكلەپ قويدى.

ۋاڭ لىشيوڭ: خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ناچار بولىشى بۇنداق ئۆچمەنلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنىڭ تازا ياخشى پۇرستى ئەمەسمىدى؟

مۇختەر: ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشتى. ئەمما ئومى دۇنيا ۋەزىيىتى پايدىسىز ئەھۋالدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەخسىدىنى چۈشىنىپ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم چىقمايۋاتىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن ئۇلار بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۇلار گويا خىتايلارغىلا بېرىپ چېتىلىدىغان ئىش بولىدىكەن، ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا يېقىن يولىمايدىغاندەك، پەقەت ئۆزلىرىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىلا ئويلاپ خىتايلارغا يېقىن يولىمايدىغاندەك كۆرۈنگەنىدى.

مۇختەر: بۇنىڭ سەۋەبى ... مەن ساڭا ئۇچۇقىنى دەيمۇ؟ ئۇلار خىتايلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باققان بۇلىشى مۇمكىن، يەنىلا شۇ مەن دېگەندەك، سىلەر سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزەڭلارنىڭكىنىلا توغرا

دېيىشتە چىڭ تۇرۇپ، پەقەتلا خىتايىنىلا كۆزدە تۇتۇپ پىكىر قىلىسىلەر. بۇنداق سۆھبەتتىن بىرەر ئىككى قېتىم ئېلىپ بارغان ھەرقانداق بىرسى بۇ ئىشتىن بىرەر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كۆرۈشۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. خىتايلارمۇ ئۆز مەنپەتىگە چېتىشلىقى بولمىسىلا ئۇلارمۇ زادىلا سۆزلەشكىسى كەلمەيدۇ. مەنمۇ نۇرغۇن خىتايلار بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ باققانمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئەنە شۇنداق بىر مىجەز بارىكەن.

ۋاڭ لىشيوڭ: راست دەيسەن، خىتايلاردا راستىنىلا شۇنداق بىر مىجەز بار. ئەمما شۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلساڭلار قانداق بولغىنى؟ ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز مىللىتىگە قانچىلىق پايدا-زىيىنىڭ بارلىقىغا قاراپ ئىش تۇتىۋاتامدۇ، ياكى بولمىسا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ماقۇل دەپ سۆزلىشىمىز دېسە ساپ تۇتقۇزۇپ قويۇپ زەربىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ، بۇ ھەقتە جاسارەت قىلالماس بولۇپ شۇنداق بولىۋېلىشقانمۇ-يا؟

مۇختەر: بۇنداق ئېھتىماللىقىنىمۇ يوق دېيىشكە بولمايدۇ. چەتئەلدىكى ئۇيغۇر چوڭلىرى: باللىرىم، خىتايلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار! خىتايلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ھەرگىز بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىلەر، ئۇلار ئايلاندۇرۇپ كېلىپ ئاخىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە كەلتۈرىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار، قىلچە پايدىسى يوق! بىز بۇنداق ئىشلارنى تولا كۆرۈپ كەتكەن، بۇ بىر بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئەمەلىيەت، دەپ ھەر دائىم جېكىلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ كۈنلەردە بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇھاجىرلار بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشقا كىرىشكەندەك قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر خىتايلار بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ خىيالىنى قىلىپ يۈرگەندەك، ئەمما ھازىرچە بۇ ئىشقا يېقىن يولىمىغاندەك قىلىدۇ. يۇرتداشلىرى بۇنى بىلىپ قالسا خىتاي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى دەيدىغانغا ئۇلارغا باھانە بولۇپ بېرىشىدىن قورقسا كېرەك؟

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر سەن خىتايلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشمىساڭ، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت مۇشۇ. خىتايلار ئۇيغۇر ھەققىدە بىر گەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدىمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر تەلىپىنى كۆتۈرۈپ چىقتىڭمۇ بولدى، ياق، ئۇلار دېگەن تېرروررچىلار دېيىشىپ قۇلاق سېلىشمايدۇ. سەن بېرىپ ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ باقمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇلار سىلەر توغرىلىق خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ دېگەنلىرىدىن باشقا ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق يۈرۈۋېرىدۇ. گەرچە ئۇلار دەسلىپىدە ساڭا قۇلاق سېلىشنى خالىمىسىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تىنىماي سۆزلەپ تۇرۇشىڭلار كېرەك ئىدى. بۇ دېگەن بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر جەريان. قارىمامسەن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي تىلىدا باياناتلار بېرىدىغان دىلشات دەيدىغان بىرسىنى بەلگىلەشكەندى. گەرچە ئۇنىڭ باياناتلىرىدا تەشۋىقات قىلىش ئاساسى ئورۇندا بولۇپ يا قاپقارا، ياكى پاك-پاكىز قىلىپ كۆرسىتىشكىلا ئۇرۇنۇشقا تىرىشىپ، قايىل قىلىش كۈچى يوقتەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ خىتايچە باياناتلىرى خىتايلار ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىنلا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىپ يۈرگىنىدىن ياخشى ئىدى. ئۇلار بىلىدىغان تىلدا بىر مەنبەگە ئېرىشكەن ھېسابلىناتتى. شۇڭا نۇرغۇن يەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ باياناتچىسى دىلشات ئۇنى دېدى، بۇنى دېدى دېيىشىدىغان بولغانىدى. شۇڭا دەيمەنغۇ، بۇ ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىشىڭلار كېرەك ئىدى.

**ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر-بىرسىنى يوشۇرۇن بايلىق دەپ قېزىشى كېرەك**

ۋاڭ لىشيوڭ: مېنىڭچە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر پىكىرلىشىش ۋاستىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بەكلا مۇھىم بىر ئىش ئىدى. كەلگۈسىدە ھەرقانداق ئەھۋال كۆرۈلىدىغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، چوقۇم ئۆزئارا سۆزلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش يولىغا مۇراجىئەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈن بۇنداق بىر يول ئىنتايىن تار يەرگە قىستاپ قويۇلغان. بىز ئىككىمىز بىرلىكتە بىر كامىرىدا ياتقان مەھبۇس بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۆزئارا ئىشىنەلەيدىغان بولغان ئادەملەرمىز. بىزنىڭكىدەك بۇنداق پىكىرلىشىدىغان ئادەمنى ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز تارىخ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ، بىرەر پۇرسەت ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئەسلىدە سۆزلىشىپ مەسىلە ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان ئىشلارمۇ بۇنداق بىر يول ھازىرلانمىغان، بۇنداق بىر سۆھبەتكە تەييار ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرلار تەرەپتىنمۇ ئاڭلىق رەۋىشتە خىتايلارنىڭ جەۋھەر قاتلىمىدىكىلەر بىلەن يېقىنلىشىپ، ئالاقىلىشىدىغان ئادەم تەييارلاپ كەلگۈسىدە خىتايدا ھاكىمىيەت تۇتىدىغانلار بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش لازىم ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن خىتاي تىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرىنى، ئارزۇلىرىنى ۋە بايانلىرىنى خىتايلارغا ئۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر چوقۇم يېتىلدۈرۈش كېرەك. مەن بۇ جەھەتتە چەتئەلدىكى ئەھۋاللارنى بىلمىگىنىم ئۈچۈن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۇ يەردىكى خىتايلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىسىمۇ بىرلىكتە يىغىن ئېچىش دېگەندە كۆرۈنۈشتىكىلا ئىشلار بىلەن چەكلىنىپ ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت تىكلەش، ئىشەنچ تىكلەش دەرىجىسىگە كېلەلمىدىمىكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. ئەگەر ئۇنداق ئىشلاردا دوستلۇق، بىر-بىرسىگە ئىشەنچ قىلىدىغان مۇناسىۋەت ئاساسى تىكلەنگىنىدە، بەلگىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر-بىرسىگە خەۋەر يەتكۈزۈشنىڭ توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ راۋان ئالاقە ئورناتقىلى بولىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىككى تەرەپ چۈشىنىشىدە بەلكىم ئىنتايىن مۇھىم رولىلارنىمۇ ئوينىيالايدىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. بۇنداق ئىشلارنى تەپسىلىي قىلىپ قانداق ئىشلەشنى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار دەپ ئويلايمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتا ئاۋۋال ھەر ئىككىلا تەرەپتە شۇنداق بىر ئارزۇ بولۇشى كېرەك. سىلەر بۇ ئىشلارغا قانداق قارايدىغانلىقىڭلاردىن خەۋىرىم يوقكەن. بۇنداق بىر ئېھتىماللىق يوقمىدۇ؟ بۇنداق بىر يولنى قانداق بەرپا قىلغىلى بولار؟

مۇختەر: مەن بىر قىسىم يۇقىرى ئورۇندىكى كىشىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلىشىپ تۇرىمەن. بىز بىر-بىرىمىزگە خېلى بەك ئىشەنچ قىلالايمىز. بىر-بىرىمىزنىڭ قاراشلىرىمۇ يېقىن. ئەمما مەن خىتايلار بىلەن بۇنداق مۇناسىۋەتتە بولالمىدىم. چۈنكى شىنجاڭدىكى ئۆزگىچە ئەھۋالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بېرىپ خىتايلار بىلەن بۇنداق بىر مۇناسىۋەت قىلىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك. چۈنكى شىنجاڭدىكى خىتايلار بىلەن ئارىمىزدىكى ئىشەنمەسلىك چېكىگە بېرىپ يەتكەن ئەھۋالدا. شۇڭا شىنجاڭدا بۇنداق بىر ئىشنى بىزنىڭ قانات يايدۇرالىشىمىز بەكلا مۈشكۈل. مېنىڭچە بۇنداق ئىشلارنى پەقەت چەتتىكى سەرگەردان خىتاي دېموكراتچىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئالاقە تىكلەپ

قىلالىشى، ئاندىن بۇنى خىتاي يۇرتلىرى بىلەن شىنجاڭغا كىڭەيتەلىشىلا مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن خىتاي زىيالىيلىرى ئارىسىدا تەسىر قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئاڭ سىستېمىسىدا، قەلبىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ قوبۇل قىلدۇرۇش يولىنى تۇتۇشقا بولارمىكىن.

## تىبەتلىكلەر ئۆز سىياقىنى ئوڭۇشلۇق ئۆزگەرتەلىدى

ۋاڭ لىشيوڭ: سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەت قىلىش بەكلا قىيىن بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە بۇ ئىشتا مەدەنىيەت ئۆتكىلىدىنمۇ ئۆتۇشكە توغرا كېلىدۇ. مىللەتچىلىك يالغۇز سىياسىي جەھەتتىلا ئىپادىلەشكە بولىدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ قالماي، يەنە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىشى مۇمكىن. بۇنى مەن مەدەنىيەت مىللەتچىلىكى دەپ ئاتىدىم. بۇ جەھەتتە تىببەتلىكلەر خېلى ئىلگىرى دەپ قارايمەن.

مۇختەر: مەسىلەن قانداق؟

ۋاڭ لىشيوڭ: مەسىلەن، تىبەت ھازىر خىتايلار ئارىسىدا تىبەت مەدەنىيەت ھەۋەسى دەيدىغان رەسمىي بىر مودىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىدىكىلەر جەمئىيەتنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خىتاي ئوتتۇر بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىسىدىن بىرسى، تىبەت ھەققىدە سۆزلىشىش قىزغىنلىقى بولۇپ قالماقتا. ئۇلار ئۆيلىرىدە تىبەتلىكلەرنىڭ بىرەر نەرسىسىنى تىزىپ قويىدىغان، تىبەتلىكلەرنىڭ بىرەر زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ يۈرىشىدىغان، تىبەتلىكلەرنىڭ سومكىسىدىن بىرەرنى كۆتۈرۈۋالىدىغان، تىبەتكە ساياھەتكە بارىدىغان، ھەمدە تىبەت بۇددىزىمى ھەققىدە پاراڭلىشىدىغان دېگەندەك قىزغىنلىقلار كۆرۈلمەكتە. بۇ دېگەنلىرىم تىبەتتە خىتايچە يازىدىغان بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.

مۇختەر: خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن تىبەت مەدەنىيىتى نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە، يەنى بۇددىزىم بۇنىڭ بىر تىپىك ئۈلگىسى. تىبەتلىكلەر بىلەن خىتايلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھېچ بولمىغاندا يەيدىغان نەرسىلىرى نۇرغۇن جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا بىر يەردە بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تىبەتنىڭ جوغراپىيىلىك ئورنىمۇ بەكلا سىرلىق. خىتايلا ئەمەس، نۇرغۇن ئەللەردە تىبەتكە قىزىقىدىغان چەتئەللىكلەر بار. چۈنكى ئۇلار يەر شارىنىڭ ئەڭ ئېگىز ئۆگزىسىدە ياشايدىغان خەلق. لاما دىنى تىبەت خەلقىغىلا مەنسۇپ بىر خىل دىن بولۇپ، ئۇ بىر تۈرلۈك ساپ مەدەنىيەت تۈرىگە مەنسۇپ بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدۇرالىشى مۇمكىن. ئەمما شىنجاڭدا بىزنىڭ مەدەنىيەت شەكلىمىز خىتاينىڭكىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامغا بولغان قاراشلار بەكلا تەتۈرلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭلىق بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە قىلىدىغان ئىش يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلار

تىبەتلىكنىڭكىدىن تەسكە توختايدىغانلىقى ئېنىق. شۇنداقتىمۇ، ھەر قانچە تەس بولسىمۇ، بەرىبىر ئۇ ئىشنىمۇ بىرسىلىرى قىلىشى كېرەك!

ۋاڭ لىشيوڭ: توغرا دەيسەن. قىيىن، ئەمما چوقۇم ئۇ ئىشلارنىمۇ قىلىدىغانغا بىرسىلىرى بولۇشى كېرەك! تىبەتنىمۇ خىتايلار بىلەن ئوپ-ئوخشاش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئېخى يېقىنقى 20 نەچچە يىل ئاۋۋال، تىبەت دېگەنلىك زور بىر قىسىم خىتايلار ئۈچۈن نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئەڭ ياۋايى، ئەڭ قالاق، ئەڭ فېودال قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بىر يەر، ئۇ يەردە ئادەم كۆزىنى ئويىۋالىدىغان، ئادەم تېرىسىنى شۇلىۋالىدىغان ئىشلار يامراپ كەتكەن دەپ تونۇيتتى. يەنى شۇ ئەينى ۋاقىتىدىكى «قۇللار» دېگەن كىنودا تەسۋىرلەنگىنىدەك، بېيجىڭدىكى كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئادەم تېرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيتتى بۇ خىتايلار. ئۇ دېگەن ھەممىسىلا شۇ ۋاقىتتىكى تەشۋىقات ئىدى، شۇنداق ئەمەسمىدى؟ مانا قارا، بۇ يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە نېمە دېگەن زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە شىنجاڭدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەتلەر مەۋجۇت. ئەمما ئۇلار تا ھېلىغىچە ئۆزگىچە يارىشا بىرەر مەدەنىي ۋاستە بىلەن ئىپادىلەنمەي كەلمەكتە.

مۇختەر: بايام دېيىشمىدۇقمۇ، ھەر ئىككى تەرەپلا بىر-بىرسىگە ئەڭ ناچار تەرەپلەرنىلا تونۇتۇپ كەلدى. (ھەر ئىككىسىلا كۈلۈپ كېتىشتى)

## ئاۋۋال خىتاي دېموكراتچىلىرى لايىھە تۈزۈپ چىقىشى كېرەك

ۋاڭ لىشيوڭ: مەن قىزىقىۋاتقان مۇنداق بىر نۇقتا بار: كېلەچەكتە ئەگەر خىتايدا بىرەر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالغىنىدا ھاكىمىيەت بوشلۇقى پەيدا بولۇپ قالايماقانچىلىق بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ قالسا، بۇ ھۆكۈمەتكە ھەرقايسى تەرەپتىن ۋەكىللەر كېلىپ قاتناشتۇرۇلسا، ئەگەر شۇ چاغدا دالاي لامانى بۇ ۋاقىتلىق دۆلەتلىك كومىتېتنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى قىلىپ كۆرسەتسە، سېنىڭچە بۇنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلالارمۇ؟

مۇختەر: بۇنداق بىر ئىشنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلالايدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: ئەگەر بىر خىتاي باشلىق بولغانغا قارىغاندا دالاينىڭ باشلىق بولۇشىغا قانداق قارىشى مۇمكىن؟

مۇختەر: ئەلۋەتتە دالاينىڭ باشلىق بولۇشىنى بەكرەك قوللىشى مۇمكىن. بۇنىسى ئېنىق. يەنە بىر ئىش، دالاي لاما ئوتتۇرا يول دېگەن لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، بۇنىڭغا خىتاي كومپارتىيىسى قانداق قارىغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، خىتاينىڭ دېموكراتچىلىرىمۇ ھەممە خىتاي تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدىغان بولسىمۇ خىتايلار ئاسانىراق قوبۇل قىلالايدىغان، يەنى

60 پىرسەن خىتاي قوبۇل قىلالايدىغان ئۆز لايىھىسىدىن بىرنى چوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. بەك مۇكەممەل بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس، چۈنكى بۇ لايىھىنى كېيىن يەنە تالاش-تارتىش قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئاۋۋال چوقۇم بىر لايىھە چىقىرىپ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە تەلىپى ياكى مۇستەقىللىق تەلىۋىنىڭ خىتايلار قوبۇل قىلالايدىغان دائىرىسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. سىلەر خىتايلارنىڭ كۆچۈشلار، پائالىيەت دائىرەڭلەر ھەرقانچە دېگەن بىلەن شىنجاڭلىقلارنىڭكىدىن، دالاي لامانىڭكىدىن كەڭرى، بۇ راسقۇ؟ چەتتىكى خىتايلارنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈك. شۇڭا ئاۋۋال سىلەر بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلار، شۇنىڭغا قاراپ بىزمۇ بۇ لايىھىنى قوبۇل قىلالىشىمىز مۇمكىنمۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىنىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئىشنى ئويلاپ باقساڭلار بولىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىزمۇ سىلەر بىلەن بۇ مەسىلىدە مۇزاكىمە قىلالىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم سىلەر بۇنداق بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلار بىلەن، بىز كۆرۈپ بېقىپ خىتاينىڭ ئوتتۇر يولدا مېڭىشىدىن ئۈمىد باردەك قىلامدۇ قانداق، ھېچ بولمىغاندا خىتاي دېموكراتچىلىرىنىڭ قارىشى مۇشۇنداقتەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا بىزمۇ سەل سىلىقىراق بولۇپ، بەزى مەسىلىلەردە دېيىشكە تېگىشلىكلىرىنى دەپ، بولمايدىغانلىرىدىن ۋاز كېچىپ رىيالىراق مۇئامىلە قىلىشساق قانداق دەپ ئويلىنىشىمىزمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئوتتۇر يول لايىھىسىنى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار ئازسانلىق مىللەتلەر ئەمەس بەلكى خىتاي دېموكراتچىلىرى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار يولغا قويۇشنى ئويلاۋاتقىنى قايسى بىر مىللەتكە تەۋە دېموكراتىيە بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل خىتاي تەۋەلىكىدە يولغا قويۇلىدىغان دېموكراتىيە، توغرىمۇ؟ شۇنداق بولغىنىدا، ئاۋۋال ئۇلار بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسۇن، ئاندىن قالغان مىللەتلەرنى قوزغىتىشى، مەسىلەن شىنجاڭنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلىرىنى قوزغاپ ئۇلارنى ئوتتۇر يولغا جەلپ قىلىشى مۇمكىن بولىدۇ.

ۋاڭ لىشيوڭ: بۇ دېگىنىڭگە قوشۇلىمەن. راست، بۇ ئىشنى ئەسلىدە خىتايلاردىن باشلاش كېرەك ئىكەن.

2006-يىلى ئاپرېلدىن دىكابىرغىچە سۆھبەت قىلىپ، رەتلەپ تەھرىرلەندى.

مۇختەرگە يېزىلغان خەتلەر

بىرىنچى پارچە خەت: تېررورچىلىق ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك توغرىسىدا

ئەسكەرتىش:

تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ خالىس ئەمگىكى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. قىزىققۇچىلار ئالدىنقى ساياھەت قىسمى بىلەن ئاخىرقى خەتلەر قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىشى مۇمكىن.

**2010.08.01**